پەرھات كازىمى

# ئۈمىدۋار بالا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

乐观的孩子：维吾尔文/帕尔哈提·卡孜木著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009. 5
ISBN 978-7-228-12381-0

Ⅰ.乐… Ⅱ.帕… Ⅲ.儿童长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 068250 号

| | |
|---|---|
| **作　　者** | 帕尔哈提·卡孜木 |
| **责任编辑** | 孜来哈·艾则孜 |
| **责任校对** | 阿依古丽·沙比提 |
| **特约校对** | 美丽古丽·木明 |
| **封面设计** | 艾克拜尔·沙力 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **电　　话** | 0991-2827472 |
| **邮政编码** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆生产建设兵团印刷厂 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 10.25 |
| **版　　次** | 2009 年 7 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2009 年 7 月第 1 次印刷 |
| **印　　数** | 1—5000 册 |
| **定　　价** | 21.00 元 |

# مۇھەررىردىن

پەرھات كازىمى 1970 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پىچان ناھىيىسىنىڭ دالانكارىز يېزا پەشتام كەنت يۈسۈپباي چوڭكارىزىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا ئوقۇغان، 1988 ـ يىلى پىچان ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1991 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، 1999 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە پىچان ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1999 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن ھازىرغىچە پىچان ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

پەرھات كازىمى «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىلى 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئارزۇ» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرگەن، ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا «ئاپرېلدىكى لۈكچۈن سەھىرى»، «كارىزلار كۆكىدە قىلىسەن پەرۋاز»، «ئىدىقۇتنىڭ يېشىل يۈرىكى»، «ئۈمىد قوڭغۇرىقى»، «ئانا يۇرت ھەققىدە ئىككى يۈرۈش شېئىر»، «بىر يۇتۇم سۇ»، «ئەپسۇس، ئوماق قۇشۇم»، «مېنىڭ ناخشام...» قاتارلىق 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، نەسر: «يىلان مۆڭگۈزى»، «كۆزنى ئېچىش»، «ئالتۇن پاجىئەسى»، «ناجىيە»، «ماندالىن كۈيى...» قاتارلىق 30 پارچىغا يېقىن ھېكايە ـ پوۋېست: «بىر پۇتلۇق بالا»، «كونا قەلەمدان»، «مىس قازان»، «خاسىيەتنىڭ ئائىلىسى»، «شەبنەم»، «ئىسكەندەرنىڭ مۆڭگۈزى»، «يېشىل كىيىملىك پەرىزات»، «دادامنۇ قالتىس ئادەم ئىكەن»،

«قارلىغاچ ئايىم ۋە ئوردا ئويۇنى...» قاتارلىق 55 پارچە بالىلار ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغان.
2001 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «بوۋام ۋە ئۈجمە دەرىخى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، 2003 ـ يىلى «ئوغرى ئاتىلىپ قالغان قىز» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان.
2007 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بالىلار ھېكايىلىرى كوللېكتىپ توپلىمى «ئوسما ئوغرىسى»غا «بوۋاي بولۇشنى خالايدىغان بالا» دېگەن ماۋزۇدا ئالتە پارچە ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن.
2007 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن «گۈزەل پىچان» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىندى.
«تۇرپان گېزىتى ۋە مەن» تېمىسىدىكى ماقالە مۇسابىقىسىدە «ئىدىقۇت تېغى» ناملىق شېئىرى 3 ـ دەرىجە؛ «ئاتەش سۆيگۈسى» بەدىئىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدە «ماندالىن كۈيى» ناملىق ھېكايىسى 1 ـ دەرىجە بولۇپ مۇكاپاتلانغان. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن «بوگۈنكى بالىلار كارامەت» تېمىسىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدە «كونا قەلەمدان» ناملىق ھېكايىسى 3 ـ دەرىجە بولۇپ مۇكاپاتلانغان. 2002 ـ يىلى، «كارىزلار كۆكسىدە قىلىمەن پەرۋاز» ناملىق شېئىرلىرى «تۇرپان ئەدەبىياتى مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.
2003 ـ يىلى، «بىر پۇتلۇق بالا» ناملىق ھېكايىسى «12 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا؛ 2005 ـ يىلى «مۇئەللىم، سىزنى ئاكا دەيمۇ» ناملىق ھېكايىسى 14 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن
2005 ـ يىلى 1 ـ ئايدا «يەر يۈرىكىنى تىڭشايدۇ شائىر» ناملىق شېئىرلىرى؛ 2006 ـ يىلى «ئوردا ئويۇنى ۋە قارلىغاچ ئايىم» ناملىق ھېكايىسى «تۇرپان» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................ 1
بىرىنچى باب  بەختلىك ئائىلە ........................ 3
ئىككىنچى باب  راستچىل ئاتا ........................ 8
ئۈچىنچى باب  يالغانچى ئاكا ........................ 13
تۆتىنچى باب  بورانلىق كېچە ........................ 20
بەشىنچى باب  ئاتام ئالدىنىپ كەتتى ........................ 30
ئالتىنچى باب  ئەنسىز كۈنلەر ........................ 42
يەتتىنچى باب  ئۆلمەس ئەمگەك ........................ 50
سەككىزىنچى باب  بەڭگى ........................ 58
توققۇزىنچى باب  ئاكام ئىمتىھان بېرەلمىدى ........................ 65
ئونىنچى باب  چۈنچىدىكى سۆكۈت ........................ 73
ئون بىرىنچى باب  «ئاق ئالتۇن» ........................ 82
ئون ئىككىنچى باب  ئاپامنىڭ خۇشاللىقى ........................ 88
ئون ئۈچىنچى باب  كۆڭۈللۈك ئەسلىمە ........................ 99
ئون تۆتىنچى باب  كۈز كېچىسى ........................ 106
ئون بەشىنچى باب  تونۇر بېشىدىكى پاراڭ ........................ 114
ئون ئالتىنچى باب  ئۇتلۇق تىلەك ........................ 123
ئون يەتتىنچى باب  مېھماندارچىلىق ........................ 131
ئون سەككىزىنچى باب  قىساس ئوتى ........................ 140
ئون توققۇزىنچى باب  ئېغىر كۈنلەر ........................ 151
يىگىرمىنچى باب  دالا تامىقى ........................ 160

يىگىرمە بىرىنچى باب  ئىزدەش .............................. 169

يىگىرمە ئىككىنچى باب  مىش - مىش پاراڭلار .............. 178

يىگىرمە ئۈچىنچى باب  بوۋامنىڭ خۇشاللىقى ............. 187

يىگىرمە تۆتىنچى باب  ئاپامنىڭ چىش ئاغرىقى ........... 195

يىگىرمە بەشىنچى باب  چارچاش ............................ 206

يىگىرمە ئالتىنچى باب  يەنە پۇلنىڭ غېمى ................. 215

يىگىرمە يەتتىنچى باب  ياشلىق بوسۇغىسىدا ............... 227

يىگىرمە سەككىزىنچى باب  ئىمتىھان ........................ 239

يىگىرمە توققۇزىنچى باب  ئاتا ئىزىدىن ...................... 252

ئوتتۇزىنچى باب  چۇنچىدىكى غوۋغا ........................ 260

ئوتتۇز بىرىنچى باب  كۈتۈلمىگەن ئامەت .................... 270

ئوتتۇز ئىككىنچى باب  ھەسەت ۋە تۆھمەت .................. 280

ئوتتۇز ئۈچىنچى باب  كۆڭۈلسىز خەۋەر ..................... 289

ئوتتۇز تۆتىنچى باب  مەكتەپ ................................ 299

ئوتتۇز بەشىنچى باب  ئاتا، سەن نەدە؟ ....................... 306

خاتىمە .......................................................... 318

# مۇقەددىمە

— ئوسمان، ساڭا خەت كەپتۇ!

— قېنى؟ ئاتامدىن كەپتۇما؟

— ياق، ساۋاقدىشىڭدىن كەلگەن خەت ئىكەن، ئاتاڭدىنمۇ كېلىپ قالار ...

يىراق يېزامدىن شەھەرگە كىرىپ ئوقۇۋاتقان بىر-ئىككى ئايدىن بۇيان خىيالىمدا ئاتامدىن خەت كېلىپ قالدىغاندەك تۇيغۇدا يۈرگەچكە، پات-پات ئاتامنى ئويلاپ خىيال سۈرەتتىم. بىرەرسىدىن «خەت كەپتۇ» دېسە، تولا ھاللاردا «ئاتامدىن كەلگەنمىدۇ» دېگەن پەرىزىم خاتا بولۇپ چىقاتتى. مانا بۇ خەتمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم مايسەمدىن كەلگەنىدى.

بىزنىڭمۇ ئاتىمىز بىلەن بىللە، تۇرمۇشىمىز گۈلدەك ئۆتكەن بەختلىك چاغلىرىمىز بولغان. ئۇ چاغلاردا ئاتام بىزنى ئەگەشتۈرۈپ تەكلىككە ئاپىرىپ، سىڭىللىرىمنى دەرەخ سايىسىدا ئوينىغىلى قويۇپ، ئاكام ئىككىمىزگە بىردىن تەك قايچىسىنى تۇتقۇزۇپ، تەك بېقىشنى ئۆگىتەتتى. ھېيت - بايرام كۈنلىرى بىزنى ھارۋىغا سېلىپ، بازارغا ئاپىرىپ نېمىنى خالىساق شۇنى ئېلىپ بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا بېشىمىز كۆككە تاقاشقاندەك بولاتتى.

ئاتامنىڭ سودىسى روناق تاپقانسېرى بىز شۇنچە خۇشاللىقتا چۆمۈلەتتۇق. بىراق، ئاتام پۇل تاپقاندا بىزنى ئالاھىدە بولىۋېلىشقا يول قويمايتتى. قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرى ئاپام ئىككىسى بىزگە ئاجايىپ قىزىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئاتام چۆچەكنى ئاپامدەك كۆپ ئېيتىپ بەرمىگىنى بىلەن ئۇنىڭ جىن - ئالۋاستىلار بىلەن ئېلىشىدىغان باتۇرلار ...، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك ئاجايىپ كارامەت ئىگىلىرى، سېھىرلىك ئىشلار

ھەققىدىكى چۆچەكلىرى بىزنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتاتتى.

ئۇلار بىز ئۈچۈن مەڭگۈلۈك گۈزەل ئەسلىمە ئىدى.

مانا دەرەخلەر كۈزنىڭ شاپائىتىدە يەنە ئالتۇن لىباس يېپىندى. ئاتام كۈز پەسلىنى ياخشى كۆرەتتى. مەنمۇ ئاتامغا ئوخشاشلا كۈز پەسلىنى ياخشى كۆرەتتىم. كۈز كېچىسىدىكى سالقىن ھاۋا، سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار مېنى ھەر دائىم مەپتۇن قىلاتتى. سۈزۈك ئاسماندا ئاي ئاق ئۆردەكتەك ئۈزگەن ئايدىڭ ئاخشاملاردا دوستلىرىم بىلەن مۆكمۆكىلەڭ، يۇلتۇز ساناش، تۇتۇشماق، بوياق ... ئويۇنلىرىنى ئويناپ ھارمىغان چاغلارنى ئەسلىسەم، ئاتامنىڭ ئەينى يىللىرى قاراڭغۇدىن قورقىدىغان ئادىتىمنى ئۆزگەرتكەندىكى ئىشنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن.

ئاتام مېنىڭ قاراڭغۇدىن قورقىدىغان ئادىتىمنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن ئۆيىمىزنىڭ سەل نېرىسىدىكى ھەممە ئادەم «خەتەرلىك» دەيدىغان يوغان جۇجەمنىڭ ئاستىدا قورقماي ئۆگىنىش قىلىدىغان بولغانىدىم.

ئاتامنىڭ ئىز ـ دېرىكى بولمىغان ئاشۇ قىيىن كۈنلەردە، ياتاقلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگۈچىلىك ئاپامنىڭ قولىغا ـ قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ كەلگەنىدىم. ئاكاممۇ ھۇرۇنلۇق قىلماي ئاتامنىڭ سودا يولىنى تۇتۇپ خېلى كۆپ پۇل تاپتى. بانكىدا جىق پۇلىمىز بولمىغىنى بىلەن بالىلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلايدىغان مېھرىبان، كۆيۈمچان، غەمگۈزار، قەيسەر ئاپىمىز بار ئىدى. ئاپامنىڭ بىزنىڭ بەختىمىزنى دەپ بالدۇرلا گۈزەللىكىنى يوقاتقان، جۇجەم دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدەك قورۇقلارغا تولغان چىھرىدە دۇنيادىكى تەڭداشسىز ئىللىقلىق، غەيرەت ـ شىجائەت جىلۋىلىنەتتى. ئاپامنىڭ بىر جۈپ ئىشچان، ھارماس قوللىرىنى، تارتىنىۋاتقان جاپالىرىنى ئويلىساملا ئاتامنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى تىلەپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن خىيال سۈرەتتىم.

بەزىدە تېخى ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ كېچىنىڭ سان ـ ساناقسىز كۆزلىرى يۇلتۇزلارنىڭ بىرى بولۇپ ئاتامنى ئىزدەشنى خىيال قىلىپ ، تالاي كېچىلەرنى يۇلتۇزلارغا قاراپ كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزەتتىم.

بىرىنچى باب

## بەختلىك ئائىلە

ئېسىمنى بىلسەملا ئاتام بىزنىڭ كارىز ۋە يېراق - يېقىندىكى كارىز، مەھەللىلەردىن قوروق ئۈزۈمنى نەق - نېسى ئېلىپ سودا قىلاتتى. سودا دېگەننىڭمۇ ئۆزىگە توشلۇق جاپاسى بولىدىكەن. ئاتام سودىسى ئالدىراش چاغلاردا چارچاپ، تاماقنى ۋاقتىدا يېيەلمەي، ئوروقلاپ قارىداپ قالاتتى.

بىزنىڭ بۇ يۇرتتا، 8 - ئاينىڭ ئاخىرى بولدىمۇ ئۈزۈم ئۈزۈش باشلىناتتى. بۇ يەردىكى دېھقانلار ئۈزۈم ئۈزۈشنى «ئىككىنچى ئورما» دېيىشەتتى. دېمىسىمۇ بوغقا تىنچىقى باشلانغاندا 40 گرادۇس ئىسسىقتا تەرلەپ - پىشىپ ئۈزۈم ئۈزۈش ئاسانمۇ؟ ئىسسىقنىڭ دەستىدىن تەرلەپ، ئۈستۈيېشىمىز لاي ئويىنغان كىچىك بالىنىڭ كىيىمىدەك بولۇپ كېتەتتى... ئىشقىلىپ ئۈزۈم ئۈزۈش ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. ئۈزۈم ئۈزۈشنىڭ جاپاسىنى كۆرمىگەنلەر «ئۈزۈم ئۈزۈشمۇ جاپا بولامدۇ؟ ئۈزۈم يېگەچ ئۈزسە نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك... » دەيدىكەن. ئۈزۈمنى بىر كۈنمۇ يەپ باقار، ئون نەچچە كۈن ئەمەس، ئۈچ كۈندىلا ئۈزۈمگە قارىغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ كىشىنىڭ. ئەنە شۇنداق جاپالىق ئۈزۈم ئۈزۈپ بىر سېۋەت - بىر سېۋەتتىن چۈنچىگە توشۇپ، يەنە ئۇنى بىر ساپاق - بىر ساپاقتىن چاققىغا ئاسىمىز. قوروغاندىن كېيىن چاققىلاردىن چۈشۈرۈپ، شاكىلىنى، سېسىقىنى بىر ياققا، يېشىل ياقۇت

ئۆزۈملەرنى بىر ياققا ئايرىيمىز. شۇڭا ئۆزۈمنىڭ باھاسىنى ھازىرقى باھادىن ئون ھەسسە ئۆرە ئالسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئاتام بۇ جاپالارنى بىلگەچكە، ئۈزۈمنى باشقىلاردىن ئۆرە باھادا ئالاتتى. شۇڭىمىكىن بىزنىڭ كارىزدىكى دېھقانلارلا ئەمەس، قوشنا كارىزدىكى دېھقانلارمۇ ئۈزۈمنى ئاتامغا نېسىگە ساتاتتى. ئادەتتە نېسى ئالغان ئۈزۈمنىڭ باھاسى نەق ئالغان ئۈزۈمدىن بىر يۈەندىن ئىككى يۈەنگىچە ئۆرە بولاتتى. ئۈزۈمنى نەق ساتقانلار ئاتامغا ئۈزۈمنى نېسىگە بەرگەنلەرنى زاڭلىق قىلاتتى.

— بىر كىلو ئۈزۈمدىن بىر كوي پايدىنى دەپ قاراپ تۇرۇپ ئۈزۈمىڭلارنى دەتتىكامغا ئاتقاندەك ئىش قىلدىڭلار. بار پايدىنى ئابلىز ئالىدىغان بولدى.

— ئابلىزمۇ يامان قىلمىدىغۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ، ئەلدىن ئەلگە نەپ، دېگەن گەپمۇ بار. ئۇنىڭدىن بىزگە نەپ كېلىۋاتىدۇ. بىزدىن ئۇنىڭغا ئۆتسە نېمە بوپتۇ...

— نەچچە يىلدىن بېرى ئابلىز ئۈزۈملىرىمىزنى ياخشى باھادا ئېلىپ بەردى، ئەمدى يۈزسىزلىك قىلساق بولماس.

بۇنداق تالاش - تارتىشلار ئاتام نېسى ئالغان ئۈزۈملەرنىڭ پۇلىنى كالىلەك - كالىلەك سانىغاندا، ئۆز ۋاقتىدا نەق پۇلغا ساتقانلار تۇكۇرۇكىنى يۇتۇشۇپ قالغاندىلا بېسىقاتتى. تېخى ئۈزۈمنى نەق ساتقانلار پۇشايمانمۇ قىلاتتى.

— ئۆز ۋاقتىدا بىزمۇ نېسىگە بەرگەن بولساق ئىككى تونىنا ئۈزۈمدىن 2000 كوي پايدا ئالاتتىكەنمىز، ئىسىت!

— ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى.

ئاپام ئاتامنىڭ پايدىنى ئاز ئالغان بولسىمۇ، ساق - سالامەت قايتىپ كەلگىنىگە خۇشال بولاتتى. بىز بولساق ئاتامنىڭ بىزگە ئالغاچ كەلگەن سوۋغاتلىرىدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتۇق. مەن ئويۇنچۇقلىرىمنى بالىلارغا كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن كارىزنى بىر ئايلىنىپ چىقاتتىم. ئاپام: «بالا دېگەن ئويۇنچۇققا ئامراق

كېلىدۇ، كىچىك بالىلار كۆزى كۆرگەننى ئويناپ باققۇسى كېلىدۇ، بەرمىسەڭ يىغلايدۇ...» دەپ ئويۇنچۇقىمىزنى باشقا بالىلارغا كۆز - كۆز قىلىشتىن توساتتى. بىزنىڭ خۇشاللىقىمىزنى كۆرگەن ئاتامنىڭ چىرايىدا ئالەمچە خۇشاللىق ئەكس ئېتەتتى.

ئاتامنىڭ سودىسىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ بىزمۇ چەك-سىز خۇشاللىققا چۆمەتتۇق. خۇدايىم بىزنىڭ خۇشاللىقىمىزنى ئاشسۇن دېدىمىكىن، ئاتامنىڭ سودىسى يىلسېرى گۈللىنىشكە باشلىدى. بۇرۇن كىشىلەر ھويلىمىزغا ھارۋىدا تاغار - تاغار ئۇ-زۇملەرنى ئەكىرگەن بولسا، ئەمدى قول تراكتورىدا تونىلاپ ئەكىرىدىغان بولدى. بۇنداق چاغلاردا بۇ ئىشلار بىزگە ئويۇن بولاتتى. شۇڭا، ئاپام بىزنى بوۋاملارنىڭكىگە ئاچىقىپ قوياتتى. تالاغا چىقىمىز دېسەكلا، بوۋام قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرىۋالسا، ئامال يوق جىم ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇقىمىزنى ئىشلەيتتۇق.

— بوۋا، تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدۇق!

— ئەمىسە، بۈگۈن ئوقۇغانلىرىڭلارنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىڭلار.

ئامالسىزلىقتىن شۇ كۈنى ئۆتۈلگەن مەزمۇنلارنى زېرىكىشلىك بولسىمۇ ئاۋۋال ئاكام، ئاندىن مەن ئوقۇپ بېرەتتىم. ئوقۇغاندا سەللا دۇدۇقلاپ قالساق، بوۋام:

— بولدى، سەن ئوبدان ئوقۇماپسەن، سەل تۇرۇپ قايتا ئوقۇ، — دەيتتى - دە، جىم تۇرىۋالاتتى.

خىيالىمغا خامانغا ئايلىنىپ قالغان ھويلىمىز، ھويلىمىزدىكى ئۈزۈم ساتقىلى كەلگەن كىشىلەرنىڭ بىر دېمەتلىك بالىلىرى كېلەتتى. بوۋام بۇنداق چاغلاردا بىزنى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ، نامازشامغىچە مومامنى «قارانچۇق» قىلىپ قوياتتى. جاھاندىكى ئەڭ مۇلايىم موممىزمۇ بىز تالاغا ماڭىمىز، دېسەكلا قاپىقىنى تۈرىۋالاتتى.

ھەر كۈنى مەكتەپتىن كەلگەن ھامان، ئاكام ئىككىمىز تاپ-

شوروقلارنى ئىشلەپ بولۇپ ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ۋە ئەتىسى ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنىمۇ بىر قۇر ئوقۇپ بولۇپ بوۋامغا ياردەملىشەتتۇق. تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولساق بوۋام بىزنى ئانچە ـ مۇنچە ئوينىۋېلىشىمىزغا رۇخسەت قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا مېنىڭ نەزىرىمدىكى تەرسا، قاتتىق قول بوۋام تولىمۇ مېھرىبان، تاتلىق بوۋىغا ئايلىناتتى. ئاكام ئىككىمىز بۇ تۇغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالاتتۇق.

— ئاكا، بوۋامغا نېمە بولغاندۇ؟

— ۋاي تاڭ، تۇرۇپلا بوشاپ قالدىغۇ؟

— شۇنى دەيمەن. كىنولاردىكىدەك، نېمە قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ماراپ تۇرامدىغاندۇ يا؟

— ئۆزىدىنلا سوراپ باقايلى!

— سەن چوڭ بولغاندىكىن سەن سورا.

بىر كۈنى پەيتىنى تېپىپ ئاكام ئىككىمىز بوۋامنىڭ قېشىغا باردۇق.

— بوۋا، ئەجەب بۇرۇنقىدەك «قاتتىق قول ساقچى» بولماي قالدىڭغۇ؟ — دېدى ئاكام.

— ۋاي، شەيتانلارەي، مېنى «قاتتىق قول ساقچى» دەۋالدىڭلارمۇ تېخى. بالا دېگەن بالا بولىدۇ، ئويۇن ئوينىمىسا كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ، مەكتەپتىن كېلىپلا ساۋاقلىرىڭلارنى تەكرار قىلىپ بولىدىغان بولدۇڭلار، يەنە سىلەرنى ئۆيگە سولىۋالسام بولماس. ھەر كۈنى ئۆزۈڭلارنى بىلىپ مۇشۇنداق قىلساڭلار كىم سىلەرنى بىر نېمە دەيدۇ؟ ھازىر دېگەن سىلەرنىڭ ساۋاق ئالىدىغان ۋاقتىڭلار، ساۋاق ئېلىپ بولۇپ ئوينىساڭلار مەيلى. لېكىن، ساۋاقلارنى ئۆگىنىپ بولماي ئوينىساڭلار، مەن يەنە «قاتتىق قول ساقچى» بولۇپ قالىمەن. ھەي، بىز كىچىك ۋاقىتلاردا نەدە ئىدى ئۇنداق ئوقۇش دېگەن. سىلەرنىڭ ئوقۇيدىغان كىتابىڭلار، خەت يازىدىغان سۈتتەك ئاق قەغىزىڭلار بار. كىيىمىڭلار يېڭى، خەجلەيمەن دېسەڭلار يانچۇقۇڭلاردا پۇل بار...

زامانىنىڭ قەدرىگە يېتىڭلار.

ئۆيىمىزگە ئۈزۈم ساتىدىغانلار كەلسە ئاكام ئىككىمىز ئاتامغا «يارەدەملىشىمىز» دەپ ئاتامنىڭ يېنىدىن كەتمەي تۇرۇۋالاتتۇق. ئاتاممۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئايايتتى. ئۆزى جىڭلاپ بولغان ئۈزۈملەرنى بەزىدە بىزگە قايتىدىن جىڭلىتىپ كۆرەتتى. نەق ئالغان ئۈزۈمنىڭ پۇلىنى ئىگىسىگە بەرگۈچە ئاكامغا قايتا ـ قايتا سانىتاتتى. بۇنداق چاغلاردا بىزنىڭ بېشىمىز كۆككە يېتەتتى.

بىر قېتىم ئاكام ئاتامنىڭ سانىغان پۇلىدىن 50 يۈەنلىك پۇلنىڭ ئارتۇقلۇقىنى بايقىۋېلىپ ئاتامغا قايتا ساناتتى.

— راست، بىر ۋاراق كېتىپتۇ. مېنىڭ ئىنچىكە ئىش قىلىشىمغا ھەيدەكچىلىك قىلغىنىڭغا مۇكاپات، مە، ئالە بۇ پۇلنى، — ئاتام شۇنداق دەپ ئاكامغا 50 يۈەننى بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەنمۇ ئاتام ساناپ بولغان پۇللارنى قايتا سانايمەن دەپ تۇرۇۋالاتتىم. شۇنچە پۇلنى ساناپ بولساممۇ ماڭا ئۇنداق ئامەت نېسىپ بولمىغاندى.

كەچلەردە، ئاتام بىلەن ئاپام «ئۇھ» دەپ ئارام ئېلىشقا ئىككى سىڭلىم چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭلار، دەپ تۇرۇۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتام چۆچەكنى باشلايتتى، بىز چۆچەك ئاڭلىغاچ شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كېتەتتۇق.



# ئىككىنچى باب

# راستچىل ئاتا

كارىز بويىچە بىزنىڭ ئۆيىمىز ئەڭ ئېسىل ئىدى. ئۆيلەرنى ئاپام چېۋەر قوللىرى بىلەن چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرغانىدى. مېھمانخانا ئۆيىمىزنىڭ چوڭلۇقى بىزنىڭ دەرسخانىدەك كېلەتتى. تۆر تامغا ئانار گۈللۈك، لوڭقا گۈللۈك ئېسىل گىلەم، ئۇدۇل تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىنئەينەك، ئىككى چېتىگە چىرايلىق مەنزىرە سىزىلغان ماي بوياق رەسىم ئېسىلغانىدى، تۆردىكى ئىككى بۇلۇڭغا قويۇلغان چىرايلىق نەقىشلەنگەن ئىشكاپقا مىس چۆگۈن، كۇمۇش تەخسە، چىنە ـ لېگەنلەر تىزىلغان بولۇپ، ئۆينى ھەشەمەتلىك كۆرسىتەتتى. ھويلىغا قارىتىپ قويۇلغان يوغان ئۈچ دېرىزىنىڭ قوش ئەينەكلىك راملىرىغا چىرايلىق كەشتىلەر ئىشلەنگەن ياپقۇچ ئېسىلغان، دېرىزىگە قاتار تۇتاش ئالما رەڭلىك گەرنىز ئورنىتىلغان، گەرنىزگە ئاق تور پەردە ۋە ھاۋارەڭ گۈللۈك پەردە ئېسىلغانىدى. ھاۋارەڭ پەردە تۇرۇستىكى ئىككى چوڭ ئاسما چىراغقا تولىمۇ ماسلاشقانىدى. يەرگە ئۈرۈمچىدىن مەخسۇس ئەكەلدۈرۈلگەن تاختاي يېيىتىلىپ، تاختاي ئۈستىگە گىلەملەر سېلىنىپ، ئەڭ ئېسىل خۇرۇم ساپالار تام ياقىلىتىپ قاتار قويۇلغانىدى. ئۆيىمىز قارىماققا بىرەر ئىدارىنىڭ يىغىن زالىغا ئوخشاپ قالاتتى. ھەر ساپانىڭ ئارىلىقىغا قويۇلغان تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە لوڭقا قويۇلغان بولۇپ، لوڭقىغا باغدىن ھېلىلا ئۈزگەن گۈلدەك تۇيغۇ بېرىدىغان سۈنئىي گۈللەر

سىلىنغانىدى...
ئاتام ھەر قېتىم ئىچكىرىدىن قايتىپ كەلگەندە بۇ ئۆي باشتىن-ئاخىر خۇشاللىق ئىچىدە قالاتتى. تۇتام - تۇتام پۇللار بۇ قولدىن ئۇ قولغا ئۆتەتتى. كىشىلەرنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق جىلۋىلىنىپ، ئاتامنىڭ ھاردۇقى چىقىدىغان چېغى، شۇنچە چارچاپ كەتسىمۇ مەھەللىدىكىلەر پاراڭغا تۇتسا تىك ئولتۇرۇپ پاراڭغا داخىل بولاتتى. چوڭ شەھەرلەرگە بارالمىغانلار ئاتامدىن ئۇ يەرلەردىكى ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى سورايتتى. ئاكام ئىككىمىزمۇ ساپانىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇپ «چىقىپ ئۇخلاڭلار!» دېگىنىگە قارىماي قىزىق - قىزىق پاراڭلارنى تىڭشايتتۇق.
مەن ئاتامغا قەۋەتلا ئامراق ئىدىم. ئاتام 40 تىن ھالقىغان، ئارا بوي، ئاق يۈزلۈك، قارا قاش، كۆزلىرىدىن ئۈمىد نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان، گەۋدىلىك، چىقىشقاق، رەھىمدىل، ۋاپادار ئاتا ئىدى. كىشىلەر ئاتامنى باي بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، يۇقىرىقىدەك ئارتۇقچىلىقلىرى، ئېسىل پەزىلىتىنى دەپ ھۆرمەتلەيتتى. ئاتام ماختالغاندا بېشىم كۆككە يېتەتتى. قايسى بالا ئاتىسىنىڭ ماختالغىنىنى ئاڭلىسا خۇشال بولمايدۇ دەيسىز؟ مەن ئاتامغا ھەۋەس قىلىپ «مەن چوڭ بولسام ئاتامدەك ئىرادىلىك، قورقماس، ئاپامغا ئوخشاش مېھرىبان، كۆيۈمچان ئادەم بولىمەن» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدىمۇ بەرگەنىدىم. ئاپام ھەقىقەتەن ئىشچان، بالا دېسە جېنىنى بېرىدىغان تېپىلغۇسىز ئاپا، ئاتامغا ساداقەتمەن، ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى. ئادەتتە قىشنىڭ زېرىكىشلىك كېچىلىرىنى شېكەردەك تاتلىق كېچىگە ئايلاندۇرۇپ، ئاتامنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى بىزگە بىلىندۈرمەي كەلگىنى يەنە شۇ ئاپام ئىدى. ئاپام مەكتەپتە كۆپ ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ، ئۇ بىزنىڭ بىرىنچى مۇئەللىمىمىز ئىدى. ئاپامنى بەزىدە قىش - ياز مېۋىلەيدىغان چۆچەك دەرىخىمىكىن دەپ قالىمەن. ئاپامنىڭ چۆچەكلىرى تۈگەپ قالمايتتى. ھەر قېتىم ئېيتقاندا يېڭى - يېڭى چۆچەكلەرنى شۇنداق جانلىق ۋە يېقىملىق ئېيتىپ

بېرەتتى. ئاپام ھەر دائىم ئىبرەتلىك چۆچەك، مەسەللەرنى ئېيتىپ بېرىپ بىزنى ياخشى ئادەم بولۇشقا ئۈندەيتتى.

ئاتام ئىچكىرىدىن كەلگەن كۈنلەردە، خۇرسىندەم چوڭ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، كىچىك سىڭلىم خالىدەمنى دوراپ ئاتامنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالاتتى. مەنمۇ ئۇلاردىن قىزغىنىپ، مۇشۇكتەك سۈركىلىپ يېقىنچىلىق قىلىپ، ئاتامغا ئىچكىرىدىكى كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالاتتىم. ئاتام خەينەنداۋ، يۈننەنلەرنىڭ قىش كۈنلىرىدىمۇ يازدەك تۇرىدىغان جايلىرىنى سۆزلەپ بەرسە ھەيرانلىقتىن ئاغزىمنى ئېچىپلا قالاتتىم. ئاتامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى ئۇ يەرلەرگە بېرىش ئىشتىياقىم ھەسسىلەپ ئاشاتتى.

مەن قىشقا بەك ئۆچ ئىدىم. قىشتا ئەينەكتەك مۇزدا مۇز تېيىلىپ، نۇر چۆرگىلىتىپ، قار ياغسا قار بوۋاي ياساپ ئوينىدۇق دېگەن بىلەن توڭلاپ جاننى قىينايدىغان گەپ. ئىسسىق يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ مەكتەپكە مېڭىش ماڭا ئېغىر كېلەتتى. شۇڭا، يىراقلارغا مۇز تېيىلىمەن دەپمۇ بارمايتتىم. ئاپام مېنىڭ بۇ ئاجىزلىقىمنى تۇتۇۋېلىپ مېنى «يازلىق يىگىت» دەپ قويىاتتى.

ئاتامنىڭ قولى ئىشتىن سەللا بوشىسا، سوئال سوراپ ھارمايتتۇق.

— ئاتا، ئىچكىرىدە يازلىق كىيىم بىلەن راستتىنلا توڭلىمامدىكەنسىلەر؟

— توڭلىمامسىلەر، دېگەنمۇ گەپمۇ؟ ئۇ يەردە كىشىلەر 12 - ئايدا يازلىق مايكا كىيىپ يۈرۈشىدۇ.

— دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقى چۈشۈپ كەتمەمدىكەن؟

— چۈشمەيدۇ، دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىنى بۇ يەرنىڭكىدەك چۈشكەنلىكىنى كۆرمىدىم. قاچانلا قارىسا يېشىلچىلىق...

— سوغۇق بولمىسا نېمىدېگەن ياخشى !

— سەن «يازلىق يىگىت» نىڭلا كۈنى بولۇپ بېرىدۇ - دە !

لېكىن ھاۋاسى نەم، يۇيۇپ ئېسىپ قويغان كىيىملەر تۆت ـ بەش كۈندىمۇ قۇرۇمايدىغان چاغلار بار.

ـــ بۇ يەردىكىدەك قاق ياردى ئاپتاپ چىقامدىكەن؟

ـــ ئاپتاپ چىقتى دېگەن بىلەن بۇ يەردىكىدەك ئەمەس، يۇرتىمىزنىڭ جاڭگىللىرىمۇ ئۇ يۇرتلارنىڭ جەننەتتەك باغلىرىغا تەڭ قىلمايمەن. قاراڭلار نېمىدېگەن ساپ ھاۋا، ئوچۇق ئاسمان، جانغا ھۇزۇر غۇر ـ غۇر شامال...

شۇ كۈنى ئاتامنىڭ سۆزلىرى تازا قىزىغاندا كەنت كادىرى مەتنىياز ئاكا كېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ھەققىدىكى قىزىق پاراڭلار ئۈزۈلۈپ قالدى. بىز ئاتام كۆرسىتىپ بەرگەن بويىچە تەك ياساشقا كىرىشىپ كەتتۇق. خىيالىمدا بولسا ئاتامنىڭ بايا دېگەن گەپلىرىنى ئويلاپ بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ئىقلىم ھەققىدىكى بايانلىرىنى يادىمغا ئالغاندىن كېيىن ئاتامنىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندىم. شۇئان كۆڭلۈمدە شۇ يەرلەرنى ئاتام بىلەن بىللە بېرىپ كۆرۈپ كېلىش ئىستىكى قوزغالدى.

ئاتامنىڭ خاپا چىرايىنى كۆرۈپ كەنت كادىرىنىڭ يەنە يۇقىرىدىن كەلگەن مېھماننى بىزنىڭ ئۆيگە باشلىماقچى بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەنىدىم، پەرىزىم توغرا چىقتى... كەنت كادىرلىرى ئىككى يىلدىن بۇيان يۇقىرىدىن تەكشۈرۈش ئۆمىكى كەلسىلا بىزنىڭ ھويلىغا باشلايدىغان بولۇۋالغانىدى. ئاتاممۇ دەسلەپتە كەنت كادىرلىرىنىڭ زورى بىلەن مېھمان كەلسە «ماقۇل» بولغانلىقىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى نەچچە قېتىم دېگەنىدى. بۇ قېتىممۇ ئاتامنىڭ مېھماننى باشلاتقۇسى يوقتەك قىلاتتى.

ـــ ئابلىز، بىز دېگەن سېنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشمەي ئۆتىدىغان ئادەم. ئۇنداقمۇ قىلىپ كەتمە. ئۆلمىسەكلا كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان خەق بىز. يەيدىغان ـ ئىچىدىغاننىڭ ھەممىسىنى كەنتتىن ئېلىپ كىرىمىز. ئۆيۈڭنى بىر كۈن ...

— مېھمان قىلساڭ قىل، ئەمما، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن ئائىلە، ئالدىن بېيىغان ئائىلە، دېھقانچىلىق قىلىپ بېيىدى... دېمە. دېھقانچىلىق قىلىپ بېيىدى دېسە، روزى ئەتتارنى دېسە بولىدۇ. شۇلارنىڭكىگە باشلاپ بار.

— ئۇنىڭكىگە باشلىساق، ئۇ سامانلىقتەك ئەسكى ئۆيىگە باشلاپ ئىناۋەتنى تۆكىدۇ. تاپقان - تەرگىنىنى كاڭ يولىغا تىقىپ ھارمىدى. ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھانغا نېمە ئۇنداق قىلىدىغاندۇ دەيمەن.

— ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغىمۇ پۇلنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈپ كەتكەن بولغىيدى.

— ئەمىسە مېھمانلارنى باشلايمىز جۇمۇ !

— ...

ئاتام كۆپنى كۆرگەن ئادەم بولغاچقا كەنت كادىرلىرىنىڭ يالغانچىلىق قىلىشىغا قارشى ئىدى. ئاتامنىڭ بۇ راستچىل، ئەمەلىيەتچىللىكىدىن كارىزدىكى قولۇم - قوشنىلار «ئابلىز كىشىلەرنىڭ ھالىغا يېتىدىغان تېپىلغۇسىز ئادەم» دېيىشەتتى. مەن ئاتامنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارغا راست سۆزلەپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، چوڭ بولسام مەنمۇ ئاتامدەك راستچىل، ئەمەلىيەتچىل ئادەم بولىمەن دەيتتىم.



# ئۈچىنچى باب

## يالغانچى ئاكا

ئاتام بىزنى قاتتىق قوللۇق بىلەن تەربىيىلەيتتى. ئاتامنىڭ بۇ قاتتىق قوللۇقى بوۋامدىن ئۇدۇم قالدىمىكىن دەپ قالىمەن. ھەر چاغ بىزنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىمىزنى سوراۋېتۇرۇپ تۇراتتى. يالغانچىلىق قىلىشىمىزغا قەتئىي يول قويمايتتى. ئاكام ئىككىمىز بىر يەرگە كەلسەك ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاتامنىڭ قاتتىق قوللۇقىدىن زارلىنىپ ئۆز ئارا «دەرد تۆكۈشۈۋالاتتۇق». بۇنداق چاغلاردا ئاكام «بولدى، ئاتامنىڭمۇ ئويلىغىنى بار. بىزنى ياخشى ئادەم بولسۇن دەيدۇ» دەپ، ماڭىمۇ، ئۆزىگىمۇ تەسەللى بېرىپ، جىم ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتى. ئىككى سىڭلىم كىچىك بولغاچقا ئاتامنىڭ قاتتىق قوللۇقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىزدەك شوخلۇق قىلمايدىغان بولغاچقا ئاتامنىڭ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشى ھاجەتسىز ئىدى..

ئاتام مۇئەللىملەرنى قەۋەتلا ھۆرمەتلەيتتى، مائارىپنى قوللايتتى. مەكتىپىمىزگە ھەر يىلى ئىككى ماشىنا كۆمۈر ياردەم قىلىپ تۇراتتى. ئاتامنىڭ مەكتەپكە ياردەم قىلغانلىقىنى مەكتەپ رادىئوسىدا ئاڭلاتقاندا بېشىم كۆككە يېتەتتى. مەنمۇ دەرسلەرنى ياخشى ئۆگىنىپ ھەممە پەندىن 90 دىن يۇقىرى نومۇر ئالسام، ئاتام خۇشاللىقىدىن مېنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاتاتتى. بىراق، ئاكامنىڭ ئوقۇشى سەل ناچارراق بولغاچقا، ئاكامدىن ئانچە رازى ئەمەس ئىدى. ئاكام تەنتەربىيە بىلەن رەسىم دەرسىدىلا ياخشى

نومۇر ئالاتتى.

بىر كۈنى ئاكام مەكتەپتىن كېچىكىپ، قاش قارايغاندا ئۆيگە كىردى. ئىشىكتىن كىرىپلا ئاتامنىڭ چىرايىدىكى نارازىلىقنى كۆرۈپ، يىغلامسىراپ تۇرۇۋالدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ بەكلا كېچىكىپ قالدىڭغۇ؟

— ماتېماتىكا مۇئەللىمى ئېلىپ قالدى... ئۇردى.

— نېمە؟ نېمىشقا ئۇردى؟ !

— تاپشۇرۇق ئىشلىمەپسەن، دەپ ئۇردى. تاپشۇرۇق ئىشلىمسەڭ كەتكۈزمەيمەن دەپ تاپشۇرۇق ئىشلەتتى.

— راست گەپ قىل، تاپشۇرۇق ئىشلەتكىنىڭغۇ ئوبدان بوپتۇ، ئەمما سېنى تاپشۇرۇق ئىشلىمىدىڭ، دەپلا ئۇرغىنى بولماپتۇ. راستىنلا شۇنداق دەپ ئۇردىمۇ؟

— راست.

— ئېلىپ قېلىپ تاپشۇرۇق ئىشلەتتى دەيسەن، تۇرۇپ ئۇردى، دەيسەن، زادى قايسىسى راست؟

— تاپشۇرۇق ئىشلىمىگەچكە...

— سەندىمۇ ئۇنىڭدىن باشقا بىر گەپ باردۇ؟ تاپشۇرۇق ئىشلىمىدىڭ، دەپلا خەقنىڭ بالىسىنى ئۇرىدىغان مۇئەللىم يوقتۇ؟ مەن ئىشەنمەيمەن، بالا ئۇرىدىغان قانداق مۇئەللىمكەن ئۇ؟

— تاپشۇرۇق ئىشلىمىدىڭ دەپ، مۇشتتەك بالىنى ئۇرسا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى ئاپاممۇ ئاچچىقلىنىپ.

ئاتام ئاكامنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئەتىسى مەكتەپكە بارماقچى بولدى. ئاتامنىڭ ئەلپازىدىن بىر كىملەرنى چاياپ پۇركۈۋېتىدىغاندەك قىلاتتى.

ئاتام مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالسا، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ غەمگە پاتتىم. ئاكامۇ ئەنسىرىگەن چېغى، مەندىن:



— ئوسمان، ئەتە ئاتام مەكتەپكە راستىنلا بارارمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئاتامنىڭ بايامقى ئاچچىقىغا قارىغاندا بارىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدىم مەن ئاكامنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلىپ.

— بالامنى نېمە دەپ ئۇردىلا، دەپ مۇئەللىمگە ۋارقىراپ سالارمۇ؟

— ھەرقانچە بولسىمۇ مۇئەللىم بىلەن ئۇرۇشۇپ يۈرمەس. سىنىپ مۇدىرىڭلارغا ئەھۋالنى دەپ قويىدىغاندۇ شۇ.

ئاكامنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن مەن ئۇنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى تۈگەتسىلا بولمىدىمۇ؟ مېنىڭچىمۇ مۇئەللىمى ئاكامنى ھەرگىز ئۇرمىدى. ئاپلا، ئەتە ئاتام بېرىپ مۇئەللىمنىڭ ياقىسىنى ئالسا... خۇدايىم ساقلىسۇن. ئاكام ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا قانداق باش كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ؟ بىزنىڭ سىنىپتىكى ئەنۋەرمۇ، مىجىت بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، مىجىتتىن ئىككى تېپىكنى ئارتۇق يەۋالغىنىغا ئاپىسىنى باشلاپ كېلىۋىدى، ئەنۋەرنى ھەممىمىز ئارىغا ئالمىغاندۇق، ئەسلىدە ئۇلارنى ئۇرۇشۇپ قالدى، دېگىلىمۇ بولمايتتى. ئويۇن ئويناۋېتىپ مىجىت سەل چىدىماسلىق قىلغانىدى، خالاس. ئاكامنىمۇ سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرى ئارىغا ئالمىسا، ئەنۋەرگە ئوخشاش باشقىلار ئوينىسا بىر چەتتە شۈمشىيىپ قاراپ تۇرارمۇ؟ ئاكام ئەنۋەرنىڭ كۈنىگە قالسا نېمىدېگەن بىچارىلىك. شۇ ئىشتىن كېيىن سىنىپتا بالىلار قىزىرىشىپ قالسىلا ئەنۋەرنى چىشلەپ تارتىپ: «مەن ئەنۋەر ئەمەس جۇمۇ، ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا مەكتەپكە ئاپامنى باشلاپ كېلىدىغان»، «مېنى ئەنۋەر كۆرۈۋاتامسەن؟»، «بىلىپ قوي، مەن ئەنۋەر ئەمەس!»، «بولدى، بولدى، سەن بىلەن بىر نەرسە دېيىشمەيمەن. سەنمۇ ئەنۋەردەك ئەتىلا ئاپاڭنى باشلاپ كېلەرسەن. سەنغۇ كۆكەرمە، جەمەتىڭنى باشلاپ كېلەمسەن تېخى...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى.

ئەنۋەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئويلاپ يېنىمىزدىن كېتەتتى. بىز بىلەن ئانچە ئارىلىشىپمۇ كەتمەيتتى. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىلىرىمۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئاكامۇ ئاشۇنداق سوقۇشتا يېڭىلگەن خوراز تۈكلىرىنى پاخپايتىپ تام تۈۋىدە دۈگدىيىپ تۇرغىنىدەك سىنىپىدىكى باللارغا ئارىلىشالماي يىراقتا دۈگدىيىپ تۇرارمۇ؟ مەنمۇ ئۇتتۇرا مەكتەپكە پاتلا چىقىمەن. مېنىمۇ باللار ئارىغا ئالمىسا...

سائەتنىڭ ئەنسىز جىرىڭلىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتۇق. تالا سەل سوغۇق بولۇپ مۇزىنى قورۇيتتى. يادلايدىغان شېئىرنى بىردەمدە يادلاپ بولۇپ خەنزۇ تىلىدىن تېكىست يادلىدىم. خىيالىمغا ئاتامنىڭ مەكتەپكە بېرىپ غوۋغا قىلىشى كىرىۋالغاچقا، بايا تالادا يادلىغان تېكىستنى ئۆيگە كىرىپ يادلاپ باقاي دەپ بەزى جايلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىم. چۈنكى، ئاتام بىر ئىشقا كىرىشتىمۇ بولدى، ئاخىرىغا چىقارمىغۇچە بولدى قىلمايتتى. ئاپامنىڭ چاقىرىشى بىلەن ھەممىمىز ئۇلاش - چولاش ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ ناشتا قىلدۇق. ئاتام موتسىكلىتىنى پاكىز سۈرتۈپ ئوت ئالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن:

— ئابابەكرى، هوي، ئابابەكرى، ئاخشام دېگەن گەپلىرىڭ راست - ھە؟ ! — دەپ قايتا سورىدى.

— راست، — دېدى ئاكام يەرگە قاراپ، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىپ كەتتى. مەن ئاكامنىڭ بۇ تۇرقىدىن ئۇنىڭ راستىنلا يالغان ئېيتقانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم.

ئاكامۇ ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىغا پۇشايمان قىلغان بولسا كېرەك، بىردەم سومكىسىدىن قەلەم ئىزدەپ، بىردەم دەرس جەدۋىلىگە قاراپ كىتابلارنى ئالماشتۇرۇپ ماڭالمايۋاتاتتى. ئاتام ئاكامنى موتسىكلىتىغا مىنگەشتۈرۈپ ئىككى قاسىنقى يۇلغۇنلۇق، توپىلىق تار يولدا توپا توزۇتۇپ مەكتەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مەنمۇ خۇرشىدەمنى ئەگەشتۈرۈپ كۆكيانتاقلىق چىغىر

يولدا كېتىۋاتقان دوستلىرىمغا يېتىشىۋالدىم. سەھەرنىڭ غۇر - غۇر سوغۇق شامىلى يۈزلىرىمىزگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئاپامنىڭ ئۇنىمغىنىمغا ئۇنىماي چاپاننى كىيدۈرۈپ قويغىنىغا ئىچىمدە مىڭ رەھمەت ئېيتتىم.

ئۆزۈم سىنىپتا بولغان بىلەن خىيالىم ئاكامدا ئىدى. ھە دېسىلا ئاكامنىڭ ئەنۋەردەك يالغۇز يۈرۈۋاتقان، ساۋاقداشلىرى كۆزگە ئىلماي چەتكە قېقىۋاتقان كۆرۈنۈشى كېلىۋېلىپ مېنى تەشۋىشلەندۈرەتتى.

دەرستىن چۈشۈپ خۇرشىدەمنى ساقلىمايلا ئۆيگە قاراپ چاپتىم. قارىسام، ئاكام ھويلىدىكى كارىۋاتتا كاڭ جوزىسىنى قويۇپ دەرس تەييارلاۋېتىپتۇ. ئادەتتە بۇنداق چاغلاردا ئاكامنى ئۆيدىن تاپقىلى بولمايتتى. نەدە ئويۇن بولسا ئاكامنى شۇ يەردىن تاپاتتۇق. ئاكامنىڭ قوزىدەك ياۋاشلاپ قالغانلىقىدىن ئۇنىڭ يالغانچىلىقى پاش بولۇپ قالغاندەك تۇراتتى. مەنمۇ ئاكامنىڭ يېنىغىلا دەپتەر كىتابلىرىمنى يايغاچ ئاكامدىن ئاستا سورىدىم:

— ئاتام مۇئەللىمىڭگە نېمە دېدى؟

— مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مېنى ئۇردى!

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا بولاتتى. يالغان ئېيتىپسەن دەپ.

— سەن يالغان ئېيتقانمىدىڭ؟

— گېپىمنىڭ يېرىمى يالغان ئىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— مۇئەللىم ئەسلىدە «نېمىشقا تاپشۇرۇق ئىشلىمىدىڭ» دېگەنىدى. مەن ئىچىمدە چاقچاق قىلىپ «نېمە كارىڭ» دېگەنىدىم، ئاغزىمدىن ئۈنلۈك چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىم ئاچچىقلاپ بېشىمنى بىگىز قولى بىلەن تۈرتۈپ قويغانىدى. ئاندىن دەرستىن كېيىن بىز تاپشۇرۇق ئىشلىمىگەن بەشەيلەننى ئېلىپ قېلىپ، تاپشۇرۇقنى ئىشلىتىپ ماڭدۇرغانىدى.

— سەنمۇ ئاشۇرۇۋېتىپسەن. شۇنىمۇ ئۇردى دېگىنىڭ نېمىسى؟

ــــ ھە، سەن قالمىغان مېنى بىر نېمە دېمىگەن. مەن مۆئەللىمنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ دوستلىرىم بىلەن يېزا مەركىزىدىكى ئويۇنخانىغا كىرىپ كەچ قالغانىدىم. كۆرسەتكەن باھانەم بېشىمغا بالا بولدى.

ــــ ئاتام نېمىشقا ئۇردى؟

ــــ نېمىشقا ئۇراتتى، ھەقىقىي ئەھۋالنى مۆئەللىمدىن ئۇقۇپ ماڭا قاراپ ھۆرپىيىپ كەلدى ـ دە، «مۆئەللىمىڭگە شۇنداقمۇ دەمسەن؟ مۆئەللىم ‹نېمىشقا تاپشۇرۇق ئىشلىمىدىڭ؟› دېسە شۇنداق دېگەن بولساڭ تازا ئۇرسا بوپتىكەن» دەپ پاتىڭىمغا بىر شاپىلاق ئۇردى. مۆئەللىم تۇتۇۋالمىغان بولسا يەنە نەچچە شاپىلاق يەيتتىم.

ــــ يالغان ئېيتقاندىكىن خوپ بوپتۇ ! ئاپام ئۇقتىمۇ؟

ــــ ئۇقۇپتۇ. ئاپاممۇ مۆئەللىمگە تۆھمەت قىلغان بالا قانداق ئادەم بولار، دەپ ماڭا تەتۈر قاراپ يۈرىدۇ. بوۋاملار ئۇقسا نېمە دەر؟ خۇدايىمنىڭ ئۆزى بىلىدۇ. مەن مۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىش دەپ قاپتىمەن. نېمىشقا يالغان ئېيتىپ، مۆئەللىم مېنى ئۇردى، دېگەندىمەن، دەيدىغان باشقا باھانە يوقتەك. يا مەنمۇ، «دوستلىرىم بىلەن ئويۇنچۇقخانىغا كىرىپ ئويۇن ئويناپ قويۇپتىمەن، ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن» دېگەن بولسامم بۇ كۈن يوقتى ماڭا. مۆئەللىملەرنىڭ ئالدىدا نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ.

ــــ راست، سەتچىلىك بوپتۇ، مۆئەللىمىڭ نېمە دېدى؟

ــــ مۆئەللىم ئاتامنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ماڭا كۈندە ماتېماتىكىدىن بىر سائەت تەكرار قىلىپ بەرمەكچى بوپتۇ. مەن ئاتامنىڭ شۇ بىر شاپىلىقىدىن يالغان ئېيتىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ۋە ئادەم بولۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلىۋالدىم.

مەن ئاكامغا قارىدىم. ئاكامنىڭ قىزارغان ئىككى مەڭزىدىن خىجىللىقنى، ئويچان قوي كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

## تۆتىنچى باب

# بورانلىق كېچە

1

بىزنىڭ كارىزنىڭ نامى ئازادلىقتىن بۇرۇن «ھاجىكارىزى» دەپ ئاتىلاتتىكەن. ئازادلىقتىن كېيىن كارىز ئەتراپىنىڭ بۆك ـ باراقسان دەرەخلىك ئىكەنلىكىگە قاراپ «بوستانكارىز» دەپ ئاتالغانىكەن. دېمىسىمۇ بىزنىڭ كارىز ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بوستانكارىز.

بوستانكارىزلىق بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەلاچى ئوقۇيتتى. باشلانغۇچ مەكتەپ سەل يىراق بولغاچقا يۇقىرى يىللىقتىكىلەر يول بويى تۆۋەن يىللىقتىكىلەرگە تەكرار قىلىپ بېرىپ، ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىپ ئۇلارنىڭ بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇراتتۇق. چوڭ سىڭلىم خۇرشىدەممۇ ئالتە يېشىدىلا بىزگە ئەگىشىپ مەكتەپكە بېرىۋالغانىدى.

بىزنىڭ كارىزلىق 10 نەچچە بالا كۆكيانتاقلار كۆكىرىپ، قۇم، شورلۇق دالاغا پايانداز يايغان دالادا ماڭغىنىمىزدا، گىياھلارنىڭ ھىدى دىماغلىرىمىزغا ئۇرۇلسا، كۆك تەمى تېتىغان قوزىلاردەك ھاياجانلىنىپ كېتەتتۇق. مەكتەپكە ماڭىدىغان چىغىر يول بويىدىكى كونا خامانىنىڭ سوقما تېمىغا قونۇپ سايراۋاتقان پاختەك، قۇشقاچلارغا چالما ئېتىپ ئۇچۇرۇۋېتەتتۇق. پاخاللار ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەن ياۋا كەپتەرلەرگە تۇيدۇرماي ئۇلارنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇناتتۇق. بىزگە شۇ كۇنلەر تولىمۇ

كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى.

بىز مەكتەپتىن تاراپ بولۇشىمىزغا غەرب تەرەپ تۇتۇلۇپ ئاسمان ـ پەلەك چاڭ كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتاتتى. بۇ بوران، بوۋامنىڭ چۆچەكلىرىدىكى بىر كالپۇكى ئاسمانغا تاقىشىدىغان، يەنە بىر كالپۇكى زېمىندا ئۇچرىغاننى يالماپ ماڭىدىغان قورقۇنچلۇق دېۋىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بىزنىڭ كارىزدىكى بالىلارنى مەكتەپ جايلاشقان تېرەككارىزنىڭ سىرتىغا چىققاندا ھەممىسىنى يىغدىم.

— ئالىم يوق تۇرىدۇ!

— ئۇلارغا تازىلىق نۆۋەتچىلىكى كەپتىكەن.

— ئاپلا، ئۇنى چاقىرىۋالايلى. ئۆزى يالغۇز ماڭسا يولدىن ئېزىپ قالىدۇ.

— ئۇنى چاقىرىپ كەلگۈچە بوران كۈچىيىپ كەتمەس ـ ھە؟

— ئەنۋەر، سەن يۈگۈر، بىز مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرايلى. شامالدەك بېرىپ، شامالدەك كەل.

— ئالىم سومكىسىنى سىنىپىغا قويۇپ قويۇپلا ماڭسۇن. بولمىسا ئېغىر سومكىنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرەلمەيدۇ.

ئەنۋەر كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تېرەك كارىزنىڭ بېغىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بوران بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى.

— ئەنۋەر كەلگۈچە كىچىك بالىلارنى مەن ئېلىپ ماڭغاچ تۇراي، — دېدى ئادالەت جىددىيلىشىپ

— ماقۇل ئەمىسە، بوران چىقىپ كەتسە جايىڭلاردا جىم تۇرۇڭلار.

— خاماننىڭ سوقما تېمىنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ تۇرساق قانداق؟

— تېز يۈگۈرۈڭلار!

— سوقما تامنىڭ دالدىسىدىن چىقماي تۇرۇڭلار!

ئادالەت بالىلارنى ئېلىپ خېلى ئۇزاپ كەتتى. ئادەمنى تىت ـ تىت قىلىپ ئەنۋەرلەر كەلمەيۋاتاتتى. بىز يۇقىرى يىللىقتىكى ئۈچىلا ئوغۇل بالا بۇ يەردە قالغاندۇق، بىرەرىمىز بىللە ماڭساق

بوپتىكەن. بورانىنىڭ «ئالدىن يۈرەر قوشۇنى» بولغان بوران شامىلى كەلگۈچە ئالدىمىزدىكىلەرگە يېتىشىۋالساق بولاتتى. ئاپلا، ئالدىمىزدا كەتكەنلەرنىڭ چوڭلىرى قىزلار ئىدى. كىچىكلەر يىغلاپ كەتسە قانداق قىلار؟ بايا، مەخمۇت ئىككىمىز قالساق بوپتىكەن. غالىب ئۇلار بىلەن ماڭغان بولسا... ئەنۋەر بىلەن ئالىم كەلگەندىن كېيىن كارىزغا قاراپ يۈگۈردۇق.

بىز بىر - بىرىمىزنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇشۇپ خامانىنىڭ سوقمىسىنىڭ يېنىغا بارساق، ئادالەت بىلەن ئايىنىيازخان يىغلاۋاتقان كىچىك بالىلارنى بەزلىگىلى تۇرۇپتۇ.

— بىزنىڭ كارىزنى بوران ئۇچۇرۇپ كېتەرمۇ؟

— قۇم كۆمۈۋېتەرمۇ؟

— بىزنى بوران ئۇچۇرۇپ، كونا كارىز قۇدۇقىغا چۈشۈرۈۋەتسە قانداق قىلىمىز؟ ... ئۇ يەردە يىلان بار... تۈلكە بار.... — بالىلارنىڭ كىچىكلىرى قورقىنىدىن يىغلاۋاتاتتى.

— بولدى ! يىغلىماڭلار !

— ئاپىمىز بىزنى ئالغىلى كېلەرمۇ؟

— كېلىدۇ، يىغلىماڭلار !

— ئاغزىمغا قۇم كىرىپ كەتتى، ھۇ، ھۇ...

— ...

بوران كۈچەيگەنسېرى كىچىك بالىلار خامانىنىڭ سوقما تېمىغا يۆلىنىپ يىغلىغىلى تۇردى. تامنىڭ دالدىسىدا گەپلەرنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى. مەن خۇرشىدەمنى بەزلەپ يىغىدىن توختاتتىم. ئۇنىڭ يىغىسىغا قاراپ مېنىمۇ يىغا تۇتقانىدى.

— بوران پەسەيدى، بىر - بىرىڭلارنى مەھكەم تۇتۇڭلار، چوڭلار كىچىكلەرنى ئوتتۇرىغا ئالايلى. قىزلار ياغلىقىڭلارنى يۈزۈڭلەرگە ئورىۋېلىڭلار. گاز ياغلىق قۇمنى ئازراق بولسىمۇ توسىدۇ، — مەخمۇتنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتى بىلەن ئۆزئارا قول تۇتۇشۇپ بورانغا قارشى يۈگۈردۇق.

كۆكيانتاقلىق دالادىن ئۆتۈپ قۇملۇققا كەلدۇق. ئۇرماقنىڭ

ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، قۇمدا ئاران ـ ئاران مېڭىۋاتساق، كۆچلۈك بورانىنىڭ دەستىدىن قۇم دانچىلىرى يۈزلىرىمىزگە توختىماي ئۇرۇلاتتى، شۇنداقتىمۇ كۆزىمىزدىن ئاققان ياشنى ئېرتىشقىمۇ ئىمكان يوق ئىدى.

— بورانغا ئارقىمىزنى قىلىپ تۇرايلى !

— بورانغا ئارقاڭلارنى قىلىپ تۇرۇڭلار ! سەل پەسەيسە ماڭىمىز.

بوران سەل توختىشىغا، ئاتاكىغا ئۆتكەن ئەسكەرلەردەك چەبدەسلىك بىلەن ماڭدۇق. شور كارىزنىڭ كونا قۇدۇقىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق. ئەمدى قورقمىساقمۇ بولاتتى. ئۇدۇل ماڭساق كارىزغا چىقاتتۇق. ھاۋا سەل سۇزۇلۇشكە باشلىدى. بىزدىن ئەنسىرەپ ئالدىمىزغا چىققانلارنىڭ توختىماي چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، چۆلدە قالغان يولۇچىلار بىر كارۋانغا يولۇققاندەك خۇشال بولۇپ كەتتۇق. بىز كارىزغا كىرىشىمىزگە بوران پەسىيىپ، توپا ـ تۇمان سۇزۇلۇشكە باشلىدى. شۇ ئارىدا ئالىم ھەييارلىق قىلىپ يىغلىغانلارنىڭ يىغىسىنى دوراپ ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈپ قايغۇلۇق كەيپىياتنى خۇشال كەيپىياتقا ئايلاندۇردى.

## 2

كەچقۇرۇن بوران يەنە كۈچىيىشكە باشلىدى. ئىشىك ـ دېرىزىلەر جالاقلاپ قورقۇنچ سالسا، باراڭدىكى تەكلەرنىڭ شالدۇر ـ شۇلدۇرى، نەدىندۇر چىققان قاراس ـ قۇرۇسلاردىن ۋەھىمە كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوتاندىكى قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى بورانلىق كېچىنى تېخىمۇ سۈرلۈك قىلىۋېتەتتى.

— توپا يېغىۋاتىدۇ، توختاپ قالسا بولاتتى، — دېدى ئاتام ئەنسىز ئاۋازدا.

— توپا يېغىۋەرسە، بىزنىڭ ئۆي توپىغا كۆمۈلۈپ قالامدۇ

ئاتا؟ ــــ دېدى كىچىك سىڭلىم خالىدەم يىغلامسىراپ.
ــــ ياق، ئۇنداق بولمايدۇ. توپا مۇشۇنداق توختىماي يېغىۋەرسە ئەتە ئۇششۇك چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن.
ــــ مۇز تۇتامدۇ؟
ــــ مۇز تۇتۇش - تۇتماسلىقىنىڭ كارى چاغلىق، تەكلەرنى ئۇششۇتۇۋەتسە ئىش چاتاق. مېنىڭ تەكلىپىم بىلەن نۇرغۇن كىشى جىگدە ياقىسىدىكى 100 مو يەردىكى تەكىنىڭ بارىڭىنى ئېگىزلەتكەنىدى. « بوران پەسنى ئەمەس، ئېگىزنى سوقىدۇ» دەپ نۇرغۇن كىشى ئۇنىمىغان. شۇ تەكلەرنى بوران ئۇرغان بولسا، بوران تەكنى ئەمەس، مېنى ئۇرغاندەك بولىدۇ - دە ئەمدى.
ــــ خۇدايىم ساقلىسۇن. ئۇ يەرنىڭ يېنىدا بەش رەت جىگدە دەرىخى بار. دالدا بولار؟... بولمىسا، يېتىمنىڭ ئېغىزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ، دېگەندەك ئىش بولمامدۇ؟ كوپىراتىپ ۋاقتىدا قەرزگە بوغۇلغان خەق ئەمدىلەتىن پىتلىق چاپاندىن قۇتۇلغاندەك قەرزدىن قۇتۇلساق... ئۇششۇك چۈشۈپ كەتسە، خۇدايىم ساقلىسۇن... ــــ ئاپام ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر، بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ پىچىرلاپ ياتاتتى. ئاتام بولسا بىردەم - بىردەم تالاغا چىقىپ بوراننىڭ ئەلپازىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. كۆزىمىز ئەمدى ئۇيقۇغا بېرىشىغا دېرىزە ئەنسىز چېكىلىپ بىرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
ــــ ئابلىز ! ئابلىز ! مەن غوجى، قۇربانلارنىڭ ئامبىرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. تېز چىق ! قولچىراغ بولسا ئالغاچ چىق !
ــــ ۋاي، كىم ئۇ، سىزنى چاقىرغان؟ ــــ دېدى ئاپام ئەنسىزلىك بىلەن.
ــــ مەن غوجى دېدىغۇ؟ قۇربانلارنىڭ ئامبىرى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ، چىقىپ باقاي.
ئاتام كىيىملىرىنى كىيىپ قولچىراغنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. خۇرشىدەم بىلەن خالىدەم قورقىنىدىن تۈگۈلۈپلا كەتكەنىدى.

— ئاپا، بىزنىڭ ئۆيمۇ ئۆرۈلۈپ كېتەرمۇ؟

— ياق، قۇربان ئاكاڭلارنىڭ ئۆيىنىڭ تېمىغا چاك كەتكەنىگە خېلى بولغانلىقىنى گۇلسۇمخان ئاپاڭدىن ئاڭلىغانىدىم. بىزنىڭ ئۆي خېلى مەزمۇت.

ئاتام كىرمىگۈچە مېنىڭ ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەنسىزچىلىكتە كۆزگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ، دېسە نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن، مانا چۈشەندىم. مېنىڭ پەقەتلا ئۇيقۇم كەلمەيۋاتاتتى. ئاكام مېنى نوقۇپ:

— ئوسمان، بوران پەسەيدى، يۇر، بىزمۇ چىقىپ باقايلى، — دېدى.

— ياق، بولمايدۇ، — دېدى ئاپام قەتئىيلا كېسىپ.

— چىقىپ باقساق بولمامدۇ، ئاپا، — دېدىم مەنمۇ تالادا نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئاكامنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ.

— ئوسمان ئىككىمىز ھاجەتكە چىقىپلا كىرىمىز ئەمىسە.

— مەيلى، بىراق ھويلىدىن چىقماڭلار، تالا قاراڭغۇ.

— بىز چىقىپ كەتتۇق ئەمىسە.

— قول تۇتۇشۇپ مېڭىڭلار.

ئاكام ئىككىمىز قوللىرىمىزنى تۇتۇشۇپ ھويلىغا چىقتۇق. بوران خېلى پەسەيگەن بولسىمۇ يەنىلا توپا يېغىۋاتاتتى. قۇربان ئاكىلارنىڭ ئۆيى تەرەپتىن «بۇ يەرگە قويايلى، ئۇنى بۇياققا قوي... بولدى، بولدى...» دېگەندەك گەپلەر ئاندا - ساندا ئاڭلىناتتى.

ئاكام ئىككىمىز ئۇدۇللا قۇربان ئاكىلارنىڭ ھويلىسىغا ماڭدۇق. ئەسلىدە قۇربان ئاكاملارنىڭ ئامبىرىنىڭ تېمى ئۆرۈلۈپ، غوجى ئاكاملارنى ئويغىتىۋەتكەنىكەن. قولۇم - قوشنىلار قۇربان ئاكاملارنىڭ بوران ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان نەرسىلىرىنى بىرەر قۇر جايلاشتۇرۇپ بېرىپ تارقاشتى.

# 3

ئەتىسى سەھەردە، ئاپام ھەممىمىزنى ئويغاتتى. بوران ئاللىقاچان توختىغان بولسىمۇ، تالا سوغۇق ئىدى. چاپان، پوپايكىلارنى ئىزدەشتۈرۈپ تېپىپ كىيىپ ھويلىغا چىقتۇق. ھويلىمىز بوران دەستىدىن ئەخلەتخانىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. لەمپىنىڭ ئۈزۈملىرى بوراندا قېقىلىپ كەتكەنىدى. باراڭدىكى تەك شۆڭلىرىمۇ بىر يەرگە تۈرمەكلىنىپ قالغانىدى. ھويلىنىڭ خىشلىرى بېسىلىپ ئويمان بولۇپ قالغان يەرلەردە غوراپ①لار بىرى سىقىملاپ قويۇپ قويغاندەك يىغىلىپ قالغانىدى. ئاپام ئۇ غوراپلارنى ئالىقىنىغا ئېلىپ كۆرۈپ شۇنداق كۆڭلى يېرىم بولدى. ئاپام بوراننى ئون مىڭنى قارغاپ ھويلىنى ئىككى سىڭلىم بىلەن سۈپۈرۈپ رەتلەشكە باشلىدى. ئاكام ئىككىمىز ئاتامغا ئەگىشىپ ماڭدۇق. قوتاندىكى قويلار قوتاننىڭ بىر بۇلۇڭىغا قىستىلىشىپ ئەنسىز كۆزلىرىنى بىزگە تىكىپ تۇراتتى. ئاتام قۇرۇق بېدىدىن بىرنى يېرىپلا قويلارغا سېلىپ بەردى.

— قويلارمۇ بوراندىن قورقۇپتۇ ـ ھە، ئاتا؟

— شۇنداق ئوخشايدۇ.

— ئېتىزدىكى تەكلەر قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟

— يۈرۈڭلار، تەكلەرنى، زىرائەتلەرنى كۆرۈپ كېلەيلى!

يولدا ئۇچرىغانلا ئادەم سالام ـ سەھەتتىن كېيىن «تېكىڭلار قانداق؟ بوران سوقۇپتىمۇ؟» دەپ سورايتتى. تەكلىرى بوراننىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغانلارغا: «بولدى غەم قىلما، خۇدايىم بېرەر» دەپ ياخشى تىلەكنى بىلدۈرۈپ قويۇپ كېتىشەتتى.

ئاتام ئەنسىرىگەن جىگدىلىك ياقىسىدىكى تەكلىككە باردۇق. ئىش ئاتامنىڭ ئەنسىرىگىنىنىڭ ئەكسىچە بولغانىدى. قاتار جىگدە دەرىخى تەكلەرنى بوراندىن مۇداپىئە قىلغان چېغى،

① غوراپ — پىشمىغان، توك ئۈزۈم.

ئۆزۈملەر ئانچە قېقىلمىغانىدى. ئېتىزلىرىنى ئارىلاپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەن توختاخۇن بوۋام خۇشال ھالدا:

— ئابلىزئاخۇن، كېچىچە بۇ بىر بۆلۈم يەردىكى تەكتىن شۇنداق غەم قىلغانىدىم. خۇدايىم ساقلاپتۇ.

— توختاخۇنكا، ئۇنى بىر دېمە، مەنمۇ كېچىچە بۇ تەكلەرنىلا ئويلاپ كىرپىك قاقمىغانىدىم. بۇ جىگدىلىكنىڭ ئارىسىغا يا جىغان، يا بولمىسا زىرىق تىكىۋېتەيلى. ھېچكىمگە كەستۈرمەيلى، ئامال بار زىچ ئۆستۈرەيلى...

— ئەنە قارا، ئابباس قارىنىڭ باللىرىغا، بوران سۇندۇرۇ-ۋېتىپتۇ، دەپ نۇرغۇن جىگدە دەرىخىنى كېسىپ توشۇۋاتىدۇ.

— ئەترەت باشلىقى گەپ قىلسا بولىدۇ.

— قانداق گەپ قىلىدۇ؟ ئالۋاستىدىن «كىمدىن قورقىسەن؟» دەپ سورىسا «بىغەرەزدىن» دېگۈدەك. ئۇ غەرەز ئۇقمايدىغانلار بىلەن تەڭ تۇرالمايدۇ.

— شۇ بىر تۈپ جىگدە دەرىخى قۇرۇسا، تونۇرىنى بىر قېتىم قىزىتار، جىگدە ئورنىدا ياشىرىپ تۇرسا، تەكنى بوراندىن توسۇپ، نەچچە چاققا ئۆزۈم ئارتۇق چىقار ئىدى. نەچچە چاققا ئۆزۈم دېگەن كىچىك تراكتورنىڭ كوزۇپىغا لىق كەلگۈدەك كۆمۈر دېگەن گەپ.

تەك، ئېتىزلارنى ئارىلاپ كەلگەنلەر كۆل بېشىدىكى يوغان جۈجەمنىڭ يېنىغا توپلاشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىز دېمەتلىك باللارمۇ خېلى بار ئىدى. بىز باللارمۇ بىر چەتتە تۇرۇپ چوڭلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇق.

— كېچە ئۆزۈمدىن ئۈمىدىمنى ئۈزگەنىدىم. خۇدايىم ساقلاپتۇ. چۈنچە توشمىسىمۇ باللارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلىگۈدەك بىر نەرسە قالغۇدەك. خۇداغا شۈكرى.

— «كۆك مايسىغا كۆت چايقىما» دېگەن گەپ بار، بوراندىن قۇتۇلغان بىلەن ئۈششۈكتىن قۇتۇلغىنىمىز يوق.

— كونىلارنىڭ « بوراندىن ئۈششۈك يامان » دېگىنى

مۇشۇكەن ـ دە.

— شۇنداق.

— شامالمۇ پەسەيگەندىكىن باراڭ ئاستىغا ئىس قويۇپ بېرەيلى.

— بۇ ئامال بولارمۇ؟

— بولمايدىغان نېمىسى بار؟ كونا سامان، مەشگەن، تەپچە، قوناق شاخلىرىنى كۆيدۈرۈپ بوگۇن كېچىچە ھەممە تەكلىككە ئىس قويۇپ بەرسەك ئۈششۈكتىن ساقلىيالايمىز، بولمىسا ئىش چاتاق.

— بورانمۇ قېرىشقاندەك، ئۈزۈم پۇراقفا كىرگەندە، كېۋەز ئىككى قۇلاق بولغاندا چىقىدىكەن دېسە؟

— شۇڭا كونىلار بورانلارغا ئات قويۇۋالغان ـ دە.

— قانداق ئات قويۇپتۇ؟

— قىر بۇزدى بوران، كېۋەز يۇلدى بوران، جۇجەم قاقتى بوران، شاخ يىردى بوران، ئۆرۈك قاقتى بوران... دەپچۇ.

ھەممەيلەن كۈلۈپ كەتتى. كونىلارنىڭ بورانلارنىڭ قايسى پەسىلدە چىقىدىغانلىقى، قانداق تەدبىر قوللانسا بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئاڭلاپ، بىز باللار ئاغزىمىزنى كاككۇك باللىرىدەك ئېچىشىپلا قالدۇق.

— ئابلىز، بۇ يىل ئۈزۈمنىڭ باھاسى قانداق بولار؟

— چوقۇم ئۆسىدۇ!

— دېگىنىڭ كەلسۇن ئاداش. ئۈزۈملەرنى بوران قېقىۋەتتى. ئۈزۈمدىن ئالىدىغان مەھسۇلات ئاز بولدى دېگەنلىك، باھا ئۆستى دېگەن گەپ ...

— ھەر يوغان ساپاقلار كۇسۇتكە قۇيرۇقىدەك بولۇپ قاپتۇ. شۇلار بولسىمۇ پۇل بولۇپ قالسۇن.

— مەن ئەتىلا ئىچكىرىدىكى شېرىكىم بىلەن ئالاقىلىشىپ باقاي. چوقۇم ئۆسىدۇ. ئەڭ بولمىغاندا بۇ كارىزنىڭ ئۈزۈمىنى بولسىمۇ يۇقىرى باھادا ئېلىپ بېرىمەن.

ئاتامنىڭ سۆزى ھەممە كىشىنىڭ غەمكىن كۆڭلىگە ئۈمىد ئاتا قىلدى بولغاي، كېلىشىۋالغاندەكلا كارىز تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بىز بالىلارمۇ ئۆزىمىزنىڭ غېمىدە ئىدۇق. بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا ئۇزۇم پۇل بولسا ۋېلىسىپىت ئېلىپ بېرىمىز دەپ، ۋەدە بەرگەنىدى. شۇڭا، بالىلارمۇ ئىچىدە «ئۈزۈم ئوخشىسۇن، بىزمۇ ياردەملىشىپ ئىس ياقايلى» دېيىشىپ ماڭدى...

ھەممە بالىلار كېلىشىۋالغاندەكلا ئېشەك ھارۋىلىرىنى قېتىپ كونا سامان، قۇرۇق قوناق شېخى، تەپچىلەرنى يىغىپ تەكلىككە توشۇشقا باشلىدۇق.

كېچىچە ھاۋا سوۋۇپ، چاپانلارمۇ يېلىڭ كەلگىلى تۇردى. ھەممە تەكلىكتە ئىس يېقىش باشلىنىپ، ئەمگەكنىڭ ئۈنۈمى ھەققىدىكى مۇنازىرىلەر قىزىپ كەتتى.

ئاكام ئىككىمىز ھارۋىغا سېلىپ قويغان يوتقان ئىچىدە ئۇخلاپ قاپتىمىز. تاڭ سۈزۈلگەندە ئاتام ئويغاتتى. ئەتراپنى ئىسنىڭ قاڭسىق پۇرىقى بىر ئالغانىدى. چوڭلار كېچىچە ئىس يېقىپ ئۇخلىمىغان چېغى، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

شۇ قېتىمقى مۇدھىش بوراندىن، جۇدۇندىن ئامان قالغان ئۈزۈملەرنى ئىس قويۇپ بېرىش ئۇسۇلى بىلەن قوغداپ قالغانىدۇق.



بەشىنچى باب

# ئاتام ئالدىنىپ كەتتى

## 1

8 ـ ئاي كىرىشى بىلەن كارىزدا ئالدىراشچىلىق باشلىنىپ كەتتى. يۇرتىمىزنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى باشلاندى. بۇلتۇر كەچ كۈزدىن باشلاپ تاشلىنىپ قالغان چۈنچىلەردە ئادەملەر يەنە بىر يىللىق ئۈمىدىنى باغلاپ چۈنچىلەردىكى بۇزۇلغان چاققىلارنى ئوڭشاشقا چۈشۈپ كەتتى. كارىزدىكى كىشىلەر بىر يەرگە كەلسىلا ئۈزۈم ئۈزۈش ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىشاتتى.

— بۇ يىل جاھان باشقىچىلا ئىسسىپ كەتتى. قۇمتاختىدىكى تەكلەرنىڭ ئۈزۈمى شۇڭىدىلا قورۇشقا باشلاپتۇ. شەربىتىگە تولسۇن دېگىنىمىزگە پايلىمىغۇدەك.

— راست، ئۈزۈم قېقىلىپ كېتىۋاتىدۇ.

— باللارنىڭ رىزقى ئۈچۈن بولسىمۇ بىر ـ ئىككى ھەپتە چىداپ بەرگەن بولسا ياخشى بولاتتى.

— ئابلىز، قانداق قىلىمىز؟ ئۈزۈمنى ئالىدىغان ئادەم سەن بولغاندىكىن بىر نېمە دەپ باقە؟ ئۈزمەيلى دېسەك ئۈزۈمنىڭ ھالى شۇ، قانداق قىلساڭ بولار زادى؟

— دېگىنىڭلارمۇ راست. ئۈزمىسەك يوغان ساپاق ئۈزۈملەر تەكتىلا قورۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۈزەيلى دېسەك، ئۈزۈمنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. ھەي، قانداقلا بولمىسۇن ئۈزەيلى... كېيىن بىر گەپ بولار.



شۇنىڭدىن باشلاپ چۈنچىلەر ئاۋاتلاشتى. كەچلەردە چىراغ ياندۇرۇپ ئۈزۈم ئاسىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. كۈندۈزنىڭ 40 گرادۇستىن يۇقىرى ئىسسىقىدا تەرلەپ پىشىپ يۈرگەندىن كۆرە، كېچىنىڭ سالقىن شامىلىدا ئۈزۈم ئاسقان ئەۋزەل ـ دە. يېشىلى يېشىل ياقۇتتەك، سېرىقى كەھرىۋادەك كىشمىش ئۈزۈملەر سېۋەتلەرگە قاچىلىنىپ ھارۋىلاردا، تراكتورلاردا چۈنچىلەرگە يۆتكەلمەكتە ئىدى. مەنمۇ قارا ئېشەكنى ھارۋىغا قوشۇپ ئۈزۈم توشۇدۇم. ئۈزۈم توشۇۋېتىپ ھەممە كىشىنىڭ ئۈزۈمىگە بەرىكەت تىلىدىم. ھەممە خەقنىڭ چۈنچىسى ئۈزۈمگە لىق تولسۇن، باي بولسۇن، ھەممىمىز باي بولايلى... دەپ پىچىرلاپ ماڭغان چاغلىرىممۇ بولدى. يولدا كېتىۋېتىپ سېۋەتلەردىكى بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ئۈزۈملەرگە قارىسام ئىچ ـ ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتىم. بەزىدە قايسىسى كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنسە توخۇ دان تەرگەندەك، ئۈزۈملەرنى يەپمۇ قوياتتىم. ئادەتتە چوڭلار بۇنداق قىلغاننى ئۆچ كۆرەتتى. ساپاقلاپ ياكى چۇلۇڭلاپ (شىڭگىل) يېسە ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى. مەن يول بويى تاتلىق خىياللار بىلەن نەچچە سېۋەتتىكى ئۈزۈمنىڭ ئۇ يەردىن ـ بۇ يەردىن ئۈزۈپ يېۋىدىم، چۈنچىگە چىققاندا ئاپامنىڭ تەنقىدىنى ئاڭلىدىم.

— ئوسمان، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ توخۇ چوقۇغاندەك بەش سېۋەت ئۈزۈمنىڭ ئۈستىدىن يەۋاپسەن. يېسەڭ ساپىقى بىلەن يېگىن، ئۈزۈم سېسىيدىغان ئىش بولمىسۇن يەنە !

مەن خىجىل بولۇپ ئىككىنچى ئۇنداق قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپ ئۈزۈملەرنى چۈنچىگە توشۇدۇم. چاققىلارغا ئېسىلغان ئۈزۈملەر گويا يېشىل ياقۇت مۇنارغا ئوخشايتتى. بۇ يېشىل مۇنارلار كىمنىڭ چۈنچىسىدە كۆپ بولسا، شۇنىڭ پۇلى كۆپ بولىدۇ، شۇ ئائىلە كىشىلىرىنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق جىلۋىلىنىدۇ دېگەن گەپ. ھەر قېتىم ئۈزۈم توشۇپ كەلگەندە «نەچچە چاققا ئاستىڭلار؟» دەپ سوراپ تۇراتتىم. چاققا سانىنىڭ

ئاشقىنىنى ئاڭلىسام سۆيۈنۈپ، خۇشاللىقىمدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئىشىمنى داۋام قىلاتتىم. ئۇزۇم ئۇزۇۋاتقانلاردىن كىچىكلەر ئىسسىقتا چىدىماي «ئۇھ، قاچانمۇ تۈگەر» دەپ زارلانسا، ئارىدىكى ياشتا چوڭلار «ئۇزىدىغان ئۇزۇم تۈگىسە سىلەرگە نېمە پايدا...» دەپ خاپا بولاتتى. بىزنىڭ ئۇزۇم توققۇزىنچى كۈنى تۈگىدى. ھەممىمىز چۈنچىگە چىقىپ چاققا سانىنى تەخمىنەن ھېسابلاپ باقاتتۇق. كىم جىق ھېسابلاپ چىقارسا «ئاغزىڭغا ناۋات، دېگىنىڭ كەلسۇن...» دەپ خۇشال بولاتتۇق.

## 2

بوستانكارىزدا ئاساسەن ئۇزۇم ئۇزۇش ئاخىرلاشتى. قۇرۇق ئۇزۇم باھاسى ھەققىدىكى مىش ـ مىش گەپلەر كۆپىيىپ بىزنىڭ ھويلىدىمۇ پاراڭ قىزىشقا باشلىدى. بۇنداق چاغلاردا مېنىڭدەك ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئۇزۇم ئۇزۇشتە «تۆھپە» كۆرسەتكەن باللارمۇ بۇ سورۇنغا داخىل بولاتتۇق. چۈنكى، ئۇزۇم باھاسى بىر مو بولسىمۇ ئۆسۈپ قالسا، مىنىدىغان ۋېلسىپىتىمىز ھەل بولاتتى. چوڭلار ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىنى قىلىشسا، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ پارىڭىنى قىلىشاتتۇق. قايسى ماركىلىق ۋېلسىپىتنىڭ ياخشىلىقى، قايسى ماركىلىق ۋېلسىپىتنىڭ چىدامسىزلىقى، يېزا كىتابخانىسىغا قانداق باللار كىتابلىرىنىڭ كەلگەنلىكى ھەققىدە پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتۇق. بەزىدە كارىزدا كىمنىڭ ئۈزۈمىنىڭ ئەڭ كۆپ چىقىدىغانلىقىنىمۇ ھېسابلاپ كۆرەتتۇق.

— قارا ئۈزۈمنى دەيمەن، مەكتەپكە مېڭىشىمىزغا ئۈلگۈرۈپ بازىرىنىڭ چىقىدىغانلىقىغا ھەيران مەن.

— ئۇنى ئاپتاپقا تۆككەچكە شۇنداق تېز قۇرۇغان ـ دە!

— ئوسمان، ئاتاڭ قارا ئۈزۈم سودىسىنىمۇ قىلسا بولاتتى.

— باشقىلاردىن بىر مو ئۈرە باھادا ئالسىمۇ يۈز كىلو قارا ئۈزۈمدىن ئون كوي پايدا ئالاتتۇق.
— ئاتاممۇ بۇ يىل سودىسىنى كېڭەيتىدىغانىدەك قىلىدۇ. قىشلىق تەتىلدە ئاتامنىڭ يېنىغا بېرىپ باقمىسام.
— قىش بولمايدىغان شەھەرلەرگە بارغاندا جىق رەسىمگە چۈشۈپ كەل. بىزگە بىرەر پارچىسىنى بەرسەڭ ساقلايمىز.
بىز بالىلار يىغىلىپ پاراڭلىشىپ قالساقلا، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ غېمىدە ئىدۇق. ئاتام ئاخىر ماڭا يېپيېڭى مۇسابىقە ۋېلىسىپىتى ئېلىپ بەردى. مەن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا ۋېلىسىپىتىمنى سۈرتۈپ، قولۇپلاپ قويۇپ سېۋەتنى ئېلىپ ئاغىنىلىرىم بىلەن قويلارغا ئوت ئالغىلى باردىم. ئاكام مېنىڭ ۋېلىسىپىتىمنى كۆرۈپ جىمىپلا كەتتى. ئۇنىڭ ئىچىگە ئوت كەتكەن چېغى، تۇرۇپ - تۇرۇپ مېنى سىلىكىشلەپ قوياتتى. بۇرۇن ئاتام ئۇنىڭغا ۋېلىسىپىت ئېلىپ بەرگەندە مەنمۇ شۇنداق قىيىدىغانىدىم. بىر كۈنى قولۇپلاپ قويۇشنى ئۇنتۇپ ئوت ئالغىلى كەتسەم، ئاكام ۋېلىسىپىتىمنى مىنىپ لايدا ماڭغاننى ئاز دەپ نەچچە يېرىنىڭ سىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقىمدا ئاكامغا ۋارقىراپ كەتتىم:
— نېمە قىلغىنىڭ بۇ، تۆلەپ بەر!
— بولىدۇ، سەن مېنىڭكىنى مىن.
— ئۇنداق ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن جاقاڭ - جۇقۇڭنى ئۆزۈڭ مىن!
— ئەمىسە ئاتامغا دەپ باشقىنى ئالدۇر.
ئىككىمىزنىڭ تالاش - تارتىشى يۇقىرى پەللىگە چىققاندا ئاپام ئارىغا چۈشتى.
— ئوسمان، سەن كىچىك بولغاندىكىن جىم تۇرساڭ بولماسمىدى؟
— قاراپ باقە، ئاپا، ۋېلىسىپىتىمنى ئوخشىتىۋەتكىنىنى.
— شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئۇرۇشتۇڭمۇ كۆكەرمە. ۋېلىسىپىت

دېگەن شۇنداق مىنىدىغانغا چىقىرىلغان نەرسە تۇرسا. مىنسە نېمە بوپتۇ؟ سەنمۇ ئاكاڭنىڭ ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ ئوينىغانغۇ؟

— مەن ئۇنىڭكىنى مىنسەم ئاۋايلاپ، سىرىنى چۈشۈرمەي مىنگەن.

— ئابابەكرى، سەنمۇ ئاۋايلاپ مىنسەڭ بولماسمىدى. ماڭ، لاتا ئەكېلىپ پاكىز سۈرتۈپ بەر.

ئاكام غودۇڭشىغىنىچە ۋېلىسىپىتىمنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا سۈرتۈپ قويدى. مەن ئۇنىڭ قولىدىكى لاتىنى ئېلىپ قايتىدىن پاكىز سۈرتۈپ چىقتىم.

## 3

ئۈزۈملەر چۈنچىلەرگە ئېسىلىپ بولغىلى خېلى بولدى. بوستانكارىزنىڭ نەرىگىلا بارسا ئۈزۈمنىڭ شېرىن ھىدى دىماغقا گۈپپىدە ئۇرۇلۇپ ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ چۈنچىلەردىن ئۈزۈمنىڭ شېرىن پۇرىقى كەلمەس بولدى. چوڭلار كۈن ساناپ چۈنچە تۆشۈكلىرىدىن ئۈزۈم ئېلىپ بېقىپ، قۇرۇغان - قۇرۇمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشاتتى.

ئاتام تۇرپان، ئۈرۈمچىگە بېرىپ باھا ئۇقۇشۇپ گۇاڭجۇدىكى شېرىكى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئالدىراش يۈرەتتى. ئاتام بۇ قېتىم تۇرپان شەھىرىدىن قۇرۇق ئۈزۈم سورۇش ماشىنىسىدىن بىرنى ئالغاچ كېلىپ، ئۇنى ھويلىمىزنىڭ شامال ئۆتۈشىدىغان يېرىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋىدى، ھويلىمىزدىن ئۈزۈمنى سورۇيدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئاياللار بۇ ماشىنىنى كۆرۈپ، سەھەر تۇرۇپ شامالدا غەلۋىر بىلەن سورۇپ، شاكىلىنى، سېسىقىنى ئايرىش ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلغانلىقىدىن خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. مانا بۇ ماشىنا ئۈزۈمنىڭ شاكىلىنى، سېسىقىنى، ياخشى قۇرۇغانلىرىنى ئايرىپ توپىسىنى ئۇچۇرۇپ پاكىز قىلىپ بېرەتتى. بىزگە ئۈزۈم سېتىپ بەرمەيدىغانلارمۇ ئۈزۈملىرىنى

سوروۋپ ئېلىپ كېتەتتى، ھەتتا قوشنا كارىزلاردىن كېلىپ سوروۋېدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇزۇم سورىغىلى كەلگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ماشىنا ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، توختىماي پاراڭغا چۈشەتتى.

— ئون كويغا ئون ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان نېمىكەن بۇ، ئابلىز، نەلەردىن تاپقانسەن بۇ نەرسىنى؟

— مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە خەقمۇ ئەقىللىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ جۇمۇ. كىمنىڭ ئەقلىگە كەلگەندۇ بۇ.

— كىمنىڭ ئەقلىگە كېلەتتى. تۇرپانلىق دېھقاننىڭ ئەقلىگە كەلگەن گەپ. بۇنى دەسلەپتە ياسىغان كىشىمۇ بىزگە ئوخشاش دېھقان ئىكەن. قولى ئىشتىن بوشىسىلا رېمونتچىلىق قىلىپ يۈرۈپ، دەسلەپتە ئۆزىنىڭ ئۈزۈملىرىنىلا سوروش ئۈچۈن ياساپتىكەن، كېيىن ئۈنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدىغان تۇغقىنىنىڭ ئوغلى ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپتۇ.

— پۇل پۇلنى تاپىدۇ. ئەقىل ئەقىلنى تاپىدۇ دەپ، ئەتە - ئۆگۈن بۇنىڭدىنمۇ ئېسىلىنى چىقىرىدۇ خەق...

— خەقلا ئەمەس، سەنمۇ چىقىرىسەن. باللىرىڭنى مۇئەللىمى بىلەن دادۇيجاڭ ئالغىلى كەلمىگۈچە مەكتەپكە بەرمەيدىكەنسەن. باللىرىڭ بىر - بىرىدىن ئەقىللىق تۇرسا.

— جىڭ گەپ. باللىرىم شۇنداق ئەقىللىق.

— شۇڭا گىجىڭلىق قىلماي مەكتەپكە بەر، ئوقۇت. تاپقان - تەرگىنىڭنى چاشقانغا يېگۈزۈپ يوقىتىسەن بىكار.

— ئابلىزنى دەيمەن، پۇل تاپىدىغانغا زادى ئېپى بار.

— ئابلىز، ساڭا پۇل دېگەن ئىشىكىڭدىنمۇ، دېرىزەڭدىنمۇ كىرىدىغان بولدى. تۈڭلۈكۈڭدىن چۈشمىگىنىلا قالدى.

— تۈڭلۈكىدىنمۇ چۈشىدۇ. كېچىدە چىقىپ ماراپ باق.

— ھەي شەيتان، دېمەيدىغىنىڭ يوق سېنىڭ.

مەكتەپتىن كېلىپلا ئاكام ئىككىمىز ئاتامغا ئانچە - مۇنچە ياردەملىشىپ بېرىمىز دەپ، مەن ئۈزۈمنىڭ ھېساباتىنى قىلىشىپ

بەردىم. ئاكام جىگىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ خاتىرىلىدى. بىزنىڭ ئۆگىنىش قىلماي بۇ يەردە ئىش قىلىپ تۇرۇشىمىزغا ئاپام خاپا ئىدى. بىر كۇنى ئاپام بىزنى ئۆيگە كىرىپ ئۆگىنىش قىلىشقا بۇيرۇغانىدى، ئاتامنىڭ باغرىلىق شېرىكلىرىدىن بىرى، كۆممىقوناقتەك سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى چىقىرىپ كۇلۇپ تۇرۇپ:

— مەيلى، بۇمۇ تۇرمۇش. ئۆگەنسۇن، بۇلارمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، — دېدى.

— شۇ ئەمەسمۇ ئاپا، ئەتىدىن - كەچكىچە كىتاب - دەپتەرگە قاراپ ئولتۇرساقمۇ بولماس، — دېدى ئاكاممۇ ئارقىدىنلا.

— هازىردىن باشلاپ چىڭ تۇتمىساق، ئەتە - ئۆگۈن «ئاپىلا» دېگەن بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ، بالام.

— ماقۇل، ئاتامغا كۇندە بىرەر سائەت ياردەملىشەيلى...

ئەنە شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ ئاكام سودىنىڭ ئېپىنى بىلىپ قالدى بولغاي، ئاتامدىن ئاۋۋال ئۇزۇمگە باها قويۇپ باقاتتى. ئاتام ئاكامنىڭ باهاسىغا قايىل بولاتتى. بەزىلىرنى «ئوغلۇمنىڭ دېگىنىدەك بولسۇن» دەپمۇ قويىاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئاكامنىڭ بېشى كۆككە يېتەتتى.

## 4

بىز تۆت بالا يەنە بوۋاملارنىڭكىگە كۆچۇپ چىقتۇق. بوۋام ئىلگىرىكىدەك «قاتتىق قول ساقچى» لىق قىلمايتتى. چۇنكى، ئاكام ئىككىمىز ئۆزىمىزنىڭ هۆددىسىدىن چىقىدىغان بولۇپ قالغانىدۇق. ئىككى سىڭلىمىز بولسا ماڭقىسىنى تارتىشىپ ئۆگىنىش قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ ياخشىلىقىدا گەپ يوق ئىدى. يازغان خېتىنىڭ چىرايلىقلىقىغا بوۋاملا ئەمەس، بىزمۇ هەيران قالاتتۇق. خۇرشىدەم خالىدەمگە دەرس ئۆگىتىپ

ساۋاتىنى چىقىرىپلا قالماي، 1 ـ يىللىقنىڭ دەرسىنى تۈگىتەي دەپ قالغانىدى.
ئاتام بىرىنچى تۈركۈم نەق ـ نېسى ئالغان 50 تونىنا ئۆزۈمنى ئېلىپ، ئىچكىرىگە يۈرۈپ كەتتى. ئاپام ئەنسىرەپ كېچىلىرى ئۇخلىمىدىمىكىن دەيمەن، قاچانلا قارىسام كۆزلىرى قىزارغان هالدا تۇراتتى. ئاپامنىڭ دېيىشىچە، ئاتام سودىغا تۇتۇش قىلىپ، تا هازىرغىچە بۇنچە كۆپ قۇرۇق ئۈزۈمنى ئېلىپ ماڭمىغانىكەن. شۇڭا، ئاپام دائىم:
— ئاتاڭلارنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى، سودىسىنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلەڭلار! — دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرەتتى.
— خاتىرجەم بولە، ئاپا، ئاتام يا ئىچكىرىگە تۇنجى قېتىم كىرىپ كېتىۋاتمىسا، — دەيتتى ئاكام.
— بۇ قېتىم ئاتاڭلار ئۈزۈمگە بارلىق دەسمايىنى سالدى، نەق پۇل يەتمىگىنىنى نېسىگە سېتىۋالدى. 50 تونىنا ئۈزۈمنى ئىككىگە بۆلۈپ ماڭسىمۇ بولاتتى. كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سېزىپلا تۇرىدۇ.
— ئۇنداقمۇ بولماس.
ئىككى هەپتىدىن كېيىن ئاتام خۇشال هالدا قايتىپ كەلدى. ئاتامنىڭ دېيىشىچە بۇ يىل قۇرۇق ئۈزۈم سودىسى ياخشى ئىكەن. ئاتام كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى يېزىمىزدىكى «يېزا ئىگىلىك بانكىسى» غا يوللىغان پۇللىرىنى بىر كاناپ خالتىغا قاچىلاپ ئېلىپ كېلىپ نېسى سېتىۋالغان ئۈزۈملەرنىڭ پۇلىنى قايتۇردى. ئۆز ۋاقتىدا ئاتامغا نېسىگە ئۈزۈم سېتىپ بەرگەنلەر هەر كىلوگرامدىن بىر يۈەندىن پايدا ئالدى. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىنى پۇلنى ساناپ ئالغان چاغدىكى چىرايىدىن ئېنىق بىلگىلى بولاتتى.
— خۇدايىم ئۆمرىمىزنى بەرسە كېلەر يىلىمۇ ساڭا ئۈزۈمنى نېسىگە سېتىپ بېرىمىز، — دېيىشەتتى بەزىلەر.
— بۇ كارىزنىڭ ئۈزۈمىنىڭ دانىسى كىچىك قۇرۇغىنى بىلەن تەمى تاتلىق. مەن نەق ئالسام سەككىز كويدىن، نېسى

ئالسام سەككىز كوي يەتتە مودىن ئالىمەن. ئۇنىڭدىن تۆۋەن باھادا ساتماڭلار. باھا چۇشۇپ كەتمىسۇن. بىرەيلەن باھانى چۇشۇرسە ھەممە كىشىگە زىيان ! — دېدى ئاتام.

ئاتامغا كىشىلەر ئىشىنىپ يەنە 40 تونىنا ئۇزۇمنى نېسىگە سېتىپ بەردى. بەزىلىرى ئۇزۇم پۇللىرىنى ئۆسۈم بىلەن ئارىيەت ئېلىپ تۇرغانىدى. ئاتام تەكلەرنى كۆمۈشكە تۇغقانلىرىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئىچكىرىگە يەنە كەتتى.

ئاپامنىڭ ئەنسىز كۈنلىرى يەنە باشلاندى. كېچە ـ كۈندۈز ئەنسىرەپلا يۈرگەچكە چىرايى سارغىيىپ، كېسەل تارتقان ئايالدەك ياداپلا كەتتى.

بىر ئايغىچە ئاتامنىڭ خەۋىرى بولمىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئىچكىرىدىن چىققان بەزى سودىگەرلەرنىڭ ئاتام ھەققىدە دېيىشكەن مىش ـ مىش گەپلىرىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتۇق.

— ئابلىز قويمىچىغا قويۇلۇپ كېتىپتۇ.

— گاڭسا ـ جىسا بولۇپ كېتىپتۇ، دەيدۇ.

— ئادەمنى پۇل بۇزىدۇ، پۇل. بىزمۇ ئەخمەق، قاراپ تۇرۇپ شۇنچە پۇلنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويغاندىكەن.

— ۋاي خۇدايىم، ئىككى ئوغلۇمنى ئۆيلەيمەن دەپ ئۈچ تونىنا ئۇزۇمنى شۇ كىلوسىدىن يەتتە موچەننى دەپ نېسىگە بېرىپتىمەن. يەتتە موچەننى دەپ يوق يەپتىمەن...

ئاتامنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان بەزى كىشىلەر هويلىمىزغا كېلىپ غوۋغا قىلىشقىلى تۇردى.

— پۇلىمىزنى بەرسۇن !

— ئۆز ۋاقتىدا شېكەردىن تاتلىق، ياغدىن يۇمشاق گەپ قىلىپ ئۇزۇم ئالغان، قېنى شۇ گەپلەر.

— قۇرۇق گەپكە قورساق تويامتى. پۇل چىقارسۇن، پۇل !

— جامائەت، ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەيلى. ئابلىز ئاخۇنمۇ يامان قىلمىغان. شۇنچە يىلدىن بېرى ئۇزۇملىرىمىزنى ئۆرە باھادا ئېلىپ پۇل قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ سودىدا موللاق ئاتقان ـ

ئاتمىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئۆزى كەلگەندە بىر گەپ بولسۇن. قارىسىغا گەپ قىلمايلى... ئىنساپ قىلايلى، ئىنساپ!

— ئېنىق گەپ، شۇ قويمىچىغا قويۇلۇپ كېتىپتۇدەك. بىز ئىنساپ قىلساق قورسىقىمىز ئىنساپ قىلمايدىكەن ئەمەسمۇ؟

قەھرىتان قىشنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى ئاتام ساقال ـ بۇرۇتى ئۆسكەن، كىيىملىرى كىر هالدا كىرىپ كەلدى. ئەتىسىدىن باشلاپ نېسى ئۈزۈم بەرگەنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى هۆججەتلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىشكە باشلىدى.

— قېرىنداشلار، تۇغقانلار! مانا مەن بار. ئۈزۈم ئالغان شىركەت ئۈزۈمنى سېتىپ بولۇپ پۇلىنى بېرىدىغان بولغان. سىلەرمۇ بىلىسىلەر، بۇ قېتىم يۆتكىگەن ئۈزۈم ئاز ئۈزۈممۇ؟ مەن ئەتە يەنە ئىچكىرىگە ماڭىمەن. پۇلنى چاغانغىچە ئېلىپ چىقىمەن.

— ئېلىپ چىقالامسالچۇ؟

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە، ئېلىپ چىقسۇن، ئىلاهىم!

...

ئاتام يەنە ئىچكىرىگە كەتتى. شۇ كەتكەنچە يېڭى يىلمۇ، چاغانمۇ ئۆتۈپ كەتتى. مانا، تېرىم، تەك ئېچىشلارمۇ باشلىنىپ كەتتى. ئاتامغا نېسىگە ئۈزۈم ساتقانلار ئاپامنى شۇنچىلىك تەڭلىكتە قويۇۋاتاتتى. «هۆججەت»نى كۆتۈرۈپ كەلگەنلەر هەددىدىن ئېشىشقا باشلىدى. ئاتامنىڭ ئۈزۈم سودىسىنىڭ راۋاجلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلمىگەن بىر سودىگەر ئاتامنىڭ ئالدىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئاتامنىڭ ئۈزۈم ساتقان ئادەمنى تاپالمايۋاتقانلىقىنى، نېسى ئۈزۈملەرنىڭ باهاسىنى ئون يىلدىمۇ تۆلىيەلمەيدىغانلىقىنى ئەتراپتىكى كىشىلەرگە يېيىتىۋەتكەنىكەن.

— نېسى پۇل، سوكۇلداتقان پۇل دەپ، بىلىپ تۇرۇپ نېسىغا بەرگەندىكىن بىزگىمۇ ئاز!

— ئىسىت! ئىككى كوي ئەرزان بولسىمۇ نەق ساتسامچۇ. نېمىشقا نېسىغا ساتقاندىمەن، ئىسىت!

— بۇنداق قاراپ تۇرساق بۇ يىل تېرىقچىلىقنى

قىلالمىغۇدەكمەن. زىرائەتنى تېرىپ قويغان بىلەن سۇ بولمىسا بولمايدۇ، سۇغا پۇل كېرەك. توڭلاتقۇنى 2000 كوي ھېسابلاپ مەن ئالدىم.

— ئەمىسە تېلېۋىزورنى كونا بولسىمۇ دۇكان باھاسىدا مەن ئالدىم.

— گىلەمنىڭ ئىككىسىنى مەن ئالدىم.

— ھۆججەت يېزىپ بېرەيلى!

— يازساق يازدۇق. ھۆججەت دېگەننىڭ ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ ئىكەنغۇ، مانا «ھۆججەت» دېگەن بىزدىمۇ تۇرمامدۇ!

ھەشەمەتلىك مېھمانخانىمىز، قىپقىزىل گىلەملەر سېلىنغان ياتاق ئۆيلىرىمىز قۇرۇقدىلىپ قالدى. ئېغىلدىكى قوي، ئېشەك، ھارۋىلارمۇ قالمىدى. ئاپام يىغلاپ باقتى، قاقشاپ باقتى. ئاتامنىڭ پايدىسىنى كۆرگەنلەر ھېسداشلىق قىلىپ باقسىمۇ، ئامال بولمىدى.

ئۆز ۋاقتىدا گۆش، مايىنى ئايىماي ئىشلەتكەن ئاپام ئەمدى بىر تېمىم مايىنىمۇ ئاياپ ئىشلىتەتتى.

بىر كۈنى ئاكام ئىككىمىز مەكتەپتىن ۋېلىسىپىتلىك كېلىۋاتاتتۇق، جىگدە كارىزلىق ئوسمان تۆگە دېگەن كىشى ئالدىمىزنى توسۇپ:

— ھەي، قويمىچىنىڭ كۈچۈكلىرى! باللىرىمىنىڭ يەيدىغىنى يوق، ئاچ ـ زار، ئاتاڭ ئابلىز بىزنىڭ بىر يىللىق رىزقىمىزنى يەپ كەتتى. بىزنى ئوڭدا قويدى. بىر ئايدىن كېيىن پۇلنى بېرىمەن دېگەنىدى، پۇل تۇرماق ئۆزىمۇ يوق. ئوغامنى قايىنتىپ خىيالىدا يوق ۋېلىسىپىت مىنىپ مېڭىشىنى بۇلارنىڭ. ئەكەل ۋېلىسىپىتنى، بىزنىڭ باللارنىڭمۇ ۋېلىسىپىت مىنگۈچىلىكى بار، — دەپ ۋېلىسىپىتلىرىمىزنى تارتىۋالدى.

بۇ ئەلەمدىن ئاكام ئىككىمىزنىڭ يۈرىكىمىز سىقىلىپ، كۆزلىرىمىزگە لىققىدە ياش كەلدى. ئاتامنىڭ كۆپ پۇل تېپىپ، بالدۇرراق قايتىپ كېلىپ، بىزنى خورلىغان ئاشۇ كىشىلەرگە ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشىنى خىيال قىلىپ يولىمىزغا راۋان بولدۇق.

## ئالتىنچى باب

# ئەنسىز كۈنلەر

## 1

مېنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىلىرىم بارا ـ بارا چۈشۈپ كەتتى. دەرس ۋاقتى بولسىلا ئاتام خىيالىمغا كېلىۋېلىپ دىققىتىمنى يىغالمايدىغان، ماقالىنىمۇ ياخشى يازالمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. مۇئەللىملىرىم ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان بولغاچقا، كۆڭلۈمنى ئاياپ تاپشۇرۇق ئىشلىمىسەممۇ تېرىكمەيتتى. سىلىق گەپ قىلىپ تاپشۇرۇق ئىشلەشكە ئۈندەيتتى. بىر كۈنى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىم تۇرسۇن مۇئەللىم مېنى ئىشخانىغا چاقىرتتى:

— ماڭا قارا، ئوسمان، سەن سىنىپتىكى ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچى. سېنى ماقالىنى ياخشى يازىدۇ، دەپلا ئەمەس، ھەر جەھەتتىن تىرىشچان، كاللىسى ئۆتكۈر، چىچەن... دەپ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن. ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە. مەن سەندەك چېغىمدا سېنىڭدىنمۇ بەكرەك ئېغىر قىسمەتكە دۇچار بولغانمەن. ئېنىقىنى دېسەم، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىدىغان چاغدا ئاتام قازا قىلغان. ئاتاڭ ھايات تۇرسا، نېمانچە يېتىم بالىدەك بولۇپ كېتىسەن؟... مەن كىچىك چاغلاردا ئەترەتلەرگە ئەمگەك كۈچى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. مەكتەپتىن توختاپ قالسامىلا يېرىم ئەمگەك كۈچى ھېسابلىنىپ ئاپامنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتكەن بولاتتىم. مەنمۇ شۇ چاغلاردا دەرستە چېكىنىپ كەتكەنىدىم. ئوقۇماي ئاپامغا ياردەملىشەي دېگەن قاراشقىمۇ كەلگەنىدىم.

كېيىن قەتئىي ئىرادىگە كەلدىم. ئوقۇش ئارقىلىق ئاپامنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشنى ئويلىدىم. ئويلاپ باق. سەن ئاپاڭغا ئېتىز ئىشىنى قىلىشىپ بېرىپ قانچىلىك ئىش قىلارسەن؟ ئاپاڭ ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندە، تاپشۇرۇق دەپتىرىڭدىكى 100 نومۇرنى كۆرسە ئاپاڭنىڭ قانچىلىك خۇشال بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ مۇبادا «ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»، «ئەلاچى» بولساڭ ئاپاڭنىڭ بىر يىللىق ھاردۇقى چىقىدۇ... ئاكاڭ ئابابەكرىمۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە يامان ئەمەس ئوقۇغانىدى. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ قانداق ئوقۇدى ماڭا نامەلۇم. پەيتى كەلسە ئۇنىڭغىمۇ گەپ قىلىپ قويىمەن. ئىككى سىڭلىڭنىڭ دەرستە ياخشىلىقىنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن. بالىلارنىڭ ياخشى ئوقۇپ، يارامىلىق ئادەم بولۇشى ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن ئالەمچە خۇشاللىق... بۇلارنى ياخشى ئويلاپ باق. سەن ئوقۇشتىن توختاپ ئېتىز ئىشىنى قىلىمەن دېسەڭمۇ سېلىمىخان ئاچام ئۇنىمايدۇ. ئەنسىرىمە، ئاتاڭغا ھېچ ئىش بولمايدۇ، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى چوقۇم چامادانىدا لىق پۇل كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. سېنىڭ نەتىجەڭنى كۆرسە تارتقان جاپالىرى ئۇنتۇلۇپ ھاردۇقى چىقىدۇ. شۇڭا تىرىشىپ ئوقۇ، ئۇكام... !

تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ، ۋۇجۇدۇمغا كۈچ قوشۇلغاندەك بولۇپ كەتتىم. شۇ كۈندىن باشلاپ، ياق، شۇ مىنۇت، شۇ سېكۇنتتىن باشلاپ قەتئىي ئىرادىگە كەلدىم. كاللامدىكى ھەرقانداق غەملەرنى چىقىرىۋېتىپ چوقۇم تىرىشىپ ئوقۇشقا بەل باغلىدىم.

مەن تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ سەمىمىي تەربىيىسىدىن ئۆلگە ئېلىپ ئىككى سىڭلىمغا تەربىيە قىلدىم. ئۇلار مېنىڭ بۇنداق ئىلھاملاندۇرۇشۇمدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. خۇرشىدەم ئوقۇشتىن قولى سەللا بىكار بولسا ئاپامنىڭ قازان بېشى ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى. بىراق ئاكام يېقىندىن بۇيان تاپشۇرۇق ئىشلىمەس بولۇۋالغانىدى. نەچچە قېتىم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلسام، گېپىمگە

«ماقۇل» بولدىۇ، سۆزلىرىم ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كەتتى بولغاي، بىلگەن سەنىمىگە دەسسەۋەردى.

2

ئاتامدىن ئېخىچە خەت ـ خەۋەر يوق ئىدى. ئاپامنىڭ چىرايى بارغانسېرى سولغۇنلىشىپ، چاچلىرىغا ئاق كىرىپ كەتتى. كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىكى قورۇقلارمۇ كۆپىيىپ قالغاندەك قىلاتتى. مەن ئاتامنىڭ ھېلىقى كېچىسى ئىچكىرىدىن كەلگەندە ئاپامغا نېمە دېگەنلىكىدىن خەۋىرىم بولمىسىمۇ، ئاتامنىڭ پۈتۈن دەسمايىدىن ئايرىلىپ قېلىپلا قالماي، 30 تۈمەن يۈەندەك قەرز بولۇپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلدىم. ئۇنچىۋالا پۇلنى بىز ئۇن نەچچە مو يېرىمىزگە تايىنىپ كېچە ـ كۈندۈز ئىشلىسەكمۇ تۈگىتەلمەيتتۇق. شۇڭا چوقۇم باشقا بىر ئىش قىلىشىمىز كېرەك ئىدى.

چۈش دېگەنمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن. بىرلا كېچىدە خىسلەتلىك ئادەم بولۇشنى تولا خىيال قىلىدىغان بولغاچقىمىكىن، چۈشۈمدە چىنتۆمۈر باتۇر بولۇپ چۈش كۆرۈپتىمەن. قولۇمدا مىسران قىلىچ، ئاستىمدا ئارغىماق ئات، يېنىمدا كاپ ـ كاپ كۈچۈك... يېشىل يايلاقتا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقۇدەكمەن... تۇرۇپلا قىستا ـ قىستاڭ شەھەر كوچىلىرىدا ئات چاپتۇرۇپ ئاتامنى ئىزدەۋاتقۇدەكمەن، تۇرۇپلا ئېگىز تاغدا تۇرۇپ ئۈنۈمنىڭ بارىچە «ئاتا !» دەپ توۋلىغۇدەكمەن. قىزىق يېرى ئۇ شەھەردىكى كىشىلەر ماڭا تونۇشتەك، ئۇلاردىن ئاتامنى كۆردۈڭلارمۇ؟ دەپ سورىغۇدەكمەن.

بىرەيلەن: «ھە، ئابلىز قويمىچىنى دەمسەن؟ ئۇنى بىر ھەپتە بۇرۇن كۆرگەن. دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئەسكى كەپىدە تۇرىدۇ. شۇ يەرگە بار» دېگۈدەك.

يەنە بىرەيلەن: «ئۇ بۇ يەردىن ئۇلۇشكۈن كۆچۈپ كەتتى. نېمىشقا دەمسەن؟ ئۇ يۇرتىدا نۇرغۇن كىشىلەردىن نېسىغا ئۇزۇم

سېتىۋالغانىكەن. ئۇ خەقلەر ئۇنىڭ بۇ يەردىلىكىنى ئاڭلاپ «هۆججەت»نى ئېلىپ كېلىپ «پۇلىمىزنى بەر !» دەپ كارنىيىغا ئېسىلدى» دېگۈدەك.

يەنە بىرەيلەن: «قويىمچىنىڭ كۈنى قانداق بولىماقچىدى. دەككە ـ دۈككىدە مۆكۈپ ـ سۈقۇنۇپ ئۆتىدۇ. ئۇنى تاپالمايسەن. ئۆزۈڭمىغۇ ئىشچاندەك قىلىسەن. ماڭا ياردەملىشىپ كاۋاپ سات. كۈنۈڭگە ئون كوي بېرىمەن. قورسىقىڭنى باقىمەن، قانداق؟» دېگۈدەك.

مەن: «ئىشىڭنى قىلىشە !» دېسەم، «نېمە دەيدۇ ماۋۇ يېتىم ! سەن تېجىمەلگە ئىچ ئاغرىتىپ دەۋاتىمەن بۇ گەپنى ! هوي قېنى سىلەر ! ئۇرۇڭلار ماۋۇ شۇمتەكنى !»دېگۈدەك.

مەن غەزەپلىنىپ: «قېنى كېلىشە، مىسران قىلىچىمنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىش !» دەپ ۋارقىرىغۇدەكمەن.

بىرى: «هەي، تاپانچىنى ئال، ئات ئۇ شۇمتەكنى، تېز ئات !» دېگۈدەك.

مەن قورقىنىمدىن: «ياق !» دەپ قاتتىق ۋارقىراپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام ئاپام يىغلامسىراپ بىرىگە يالۋۇرۇۋېتىپتۇ. بىلسەم ـ بىلمىسەم ئۇلار قەرز سۈيلەپ كەلگەنلەر ئىدى.

— سېلىمخان، بىزگىمۇ ئامال يوق. قىزىمىزنى ياتلىق قىلىمىز. ئىشىك ئالدى قاق ئاپتاپ. بۇ ئىسسىقتا ئۇنداق يەردە قانداقمۇ توي قىلغىلى بولسۇن. ئەلچىگە « قۇدىلارغا دەپ باقسىلا، توينى كۈزدە قىلايلى» دەپ گەپ بەردۇق. بولغۇسى قۇدىلارنىڭ چوڭ ئاپىسى كېسەلچانىكەن. شۇ مەزلۇم نەۋرەمنىڭ توينى كۆرۈۋالاي دەپ تۇرغۇدەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسىلىمۇ ئېغىر دەيدۇ.

— بىزمۇ پۇلنى ۋاقتىدا بەرسەك بولاتتى، ئەمدى لەمپىنى...

— مەنمۇ ئۆزلىرىنى چۈشىنىمەن. بۇزماق ئاسان، ياسىماق تەس... سېلىمخان، كېيىن يەنە لەمپە قىلماقچى بولسىڭىز، مەن

ئۈچ ئوغلۇم بىلەن كېلىپ لەمپىلىرىنى ياسىشىپ بېرىمەن. بۈگۈن، بۇ لىملارنى ئالغىنىم ئالغان.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ھويلىمىزنىڭ مەزمۇت لەمپىسىنىڭ لىم ـ چەنزىلىرى چۇشۇرۇلۇپ قول تىراكتورىغا بېسىلدى. تراكتور تۆت قېتىم قاتنىدى. لەمپىنىڭ ياغاچ ـ تاشلىرى تامام تۈگىدى. ئۇلار ئېرىنىمەي ھويلىنى قىرىپ، سۈپۈرۈپ، سۇ سېپىۋېتىپ، ئالغان ياغاچ ـ تاشقا «ھۆججەت» يېزىپ بېرىپ، يەنە ئېلىشنىڭ قالغانلىقىنى دەپ قويۇپ كەتتى.

بوۋام بىلەن مومام بۇ ئەلەمگە چىدىماي ئاتامنى نېمىلەرنىدۇر دەپ توختىماي تىللاپ كەتتى. كەچقۇرۇن بوۋام، موماملار بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى.

— سېلىمىخان، ئاتىڭىز بىلەن كۆپ ئويلاندۇق. 7 ـ ئايدا لەمپىنى خەق ئېلىپ كەتتى. باللار ئىشىكتىن چىقسا قاق ئاپتاپقا چىقىدۇ. سىزگىمۇ جاپا، شۇڭا بىزنىڭ ئۆيگىلا كۆچۈپ چىقىڭلار. سىلەر بۇرۇن ھۇجرا قىلغان ئىككى ئېغىز ئۆيمۇ بىكارغۇ؟ — دېدى موموم ئېغىر ئۇھسىنىپ.

— شۇنداق بولسۇن، سېلىمىخان. ئاتا بولغان ئادەم چىدىمايدىكەن. بۇنى ئابلىزدىنمۇ كۆرمەيلى. ئۇمۇ ھەممىمىزنى ياخشى كۆرسۇن دەپ سودا قىلغان... — بوۋام يەنىلا كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئاتامغا ئىچ ئاغرىتىۋاتاتتى

— ئاتا، ئاپا، ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت. باللارنىڭ ئاتىسى تېخى ھايات. قانداقلا كۈن بولسۇن ئۇنىڭ تۇتقان ئۆيىدىن چىقمايمەن. ھېلىمۇ ئۇن، ماينى ئەكىرىپ بېرىپ تۇرۇۋاتىدىلا، ئابلىمىت ئاخۇنلارمۇ بىزنىڭ ئىشىمىزغا ھەمدەم بولۇۋاتىدۇ... رەھمەت. باللارنىڭ ئاتىسى كەلسە ھەممە ئىش ئوڭشىلىدۇ...

دەل شۇ چاغدا ئابلىمىت كىچىك ئاتام كىرىپ كەلدى.

— ئاتا، ئاپا، سىلەرمۇ بۇ يەردىكەنسىلەر. ئاكامدىن خەت كەلدى !

— ئاتامدىن خەت كەپتۇ !

— ئاستا گەپ قىل !
— ئۆزى نەدىكەن، قېنى ئوقۇغىنا خەتنى. تېز بول ! ئادەمنى تىت ـ تىت قىلماي.
— سېلىمىخان ئايلام ئوقۇسۇن.
— ئوقۇۋېرىڭ.
— مەن ئوقۇي، — دېدىم مەن خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغان ئادەمدەك خۇشال بولۇپ.
— ياق، ئابلىمىت كىچىك ئاتاڭ ئوقۇسۇن، سەن جىم تۇرۇپ تۇر، — دېدى ئاپام جىددىيلىشىپ.
خەتتە دېيىلىشىچە، ئاتام ئۇزۇملەرنى ئالداپ ئېلىپ كەتكەن ئادەمنى ئىزدەپ خەينەنداۋ ئارىلىغا كېتىپتۇ. پەقەت بىزنىڭ ئوقۇشىمىز، كۇندىلىك تۇرمۇش خىراجىتىمىز ئۈچۈنلا 2000 يۈەن ئەۋەتىپتۇ. مەن ئاتامنىڭ شۇنچە قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ بىزنىڭ ئوقۇشىمىزغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ نەسىھەتلىرىنى يادىمغا ئالدىم. توۋا، مۇئەللىم دېگەن شۇنداق ئالدىن كۆرەر بولامدىغاندۇ. ئاتامنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەكلا گەپ قىلغانلىقىنى دەيمەن. راست، كىشىلەر شۇڭا مۇئەللىملىرىنى ھۆرمەت قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ شۇ دەقىقىدىن باشلاپ تۇرسۇن مۇئەللىمگە بولغان ھۆرمىتىم يەنە ئاشتى.
— ئاكام شۇ پۇللىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ باقسۇن قېنى، كۆڭلۇمگە پۈكۈپ قويغان بىر قانچە ئادەم بار، شۇ خۇمسىلارنىڭ بۇرنىنىڭ نوخلىسىنى ئېلىپ قويىمىسام... ئۇلار ئادەم ئەمەس، ھايۋان ئىكەن. ئۆز ۋاقتىدا ئاكامغا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ ئۈزۈمنى نېسىگە بىر موچەن بولسىمۇ قىممەت سېتىپ پايدىسىنى ئالغان گۇيلار ھەممىدىن بەكرەك ئۆكتەملىك قىلىۋاتىدۇ... — دېدى ئابلىمىت ئاتام غەزەپلىنىپ.
— خەق قىلغاننى بىز قىلمايمىز. ئۆپكەڭنى بېسىۋال.
— سەنغۇ، شۇنداق كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلىپ جىق جاپا

تارتىنىڭ. ئاكاممۇ شۇنداق ئاق كۆڭۈللۈك قىلىپ ئۇزۇمنى خەققە بەرگەن. خەققە ياخشىلىق قىلىدىغان جاھان ئەمەسكەن بۇ.

— ھەممىنىڭ سورىقى بار، بالام. باشقىلارغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل، يامانلىق قىلما!

— بۇ پۇل سىزدە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئۇن - ياغ، گۆش ئەكېلىپ بېرىڭ. بۇنىمۇ تارتىۋالمىسۇن يەنە.

— ئۇنداق قىلىدىغان بولسا، كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىمەن!

— ئۇنداق قېنى قىزىقلىق قىلماڭلار!

— ئۇنداق قىلماڭلار، مۇنداق قىلماڭلارلا دەيدىكەنسەن، ئۇ ئۆكتەملەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسەن..

مەن بەزىدە «جۇغراپىيە» دەرسلىكىمنى ياكى «ئاتلاس» نى ئالدىمغا يېشىپ قويۇۋېلىپ خەينەنداۋ ئارىلىنى تېپىپ سائەتلەپ قاراپ كېتەتتىم - دە، خىيالىمدا خەينەنداۋنىڭ كۆپكۆك دېڭىز بويىدا ئاتام بىلەن بىللە كېپەك ئالتۇندەك سېرىق، يۇمشاق ساھىلدا بىللە مېڭىپ، دېڭىزنىڭ تۇرۇم - تۇرۇم دولقۇنلىرىدا ئۈزۈپ، دېڭىز دولقۇنلىرى ساھىلغا چىقىرىپ قويغان قۇلۇلە قاپلىرىنى تېرىپ، بانانزارلىقلاردىن بانان ئۈزۈپ ئوينايتتىم.

خەرىتىدىكى بۇ داچەندەك چوڭلۇقتىكى ئارالدىن ئاتامنى ئىزدەپ ھارمايتتىم. ئىككى سىڭلىمغىمۇ خەينەنداۋ ھەققىدىكى بىلگەنلىرىمنى چۈشەندۈرۈپ قوياتتىم. شۇنىڭدىن باشلاپ خەينەنداۋ دېگەن ئىسىم ماڭا يېقىملىق ۋە سۆيۈملۈك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇرۇن مەن تېلېۋىزور كۆرسەم خەۋەرلەر پروگراممىسى كەلگەندە ئىدىشقا سۇ توشۇش، ئىشكلەرنى تاقاش... قاتارلىق ئىشلارنى قىلىۋالاتتىم. ئابلىمىت كىچىك ئاتام ئاتامنى «ئاكام خەينەنداۋدا ئىكەن» دېگەن كۈندىن باشلاپ «مەملىكەت خەۋەرلىرى» نى ئۆزمەي كۆرىدىغان بولدۇم. خەينەنداۋنىڭ ساياھەتچىلىكى ھەققىدە خەۋەر بېرىلسە، ئاتام سودا قىلىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ قالىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. خەينەنداۋنىڭ نامى تېلېۋىزوردىن چىقسا يۈرىكىم دۈپۈلدەپ

هاياجانلىنىپ كېتەتتىم. بەزىدە بىزنىڭ بوستانكارىزنىڭ ئىسمى تېلېۋىزوردا چىقسىمۇ شۇنداق هاياجانلىنارمەنمۇ، دەپ ئۆزۈمدىن سوراپ، بوستانكارىزنىڭ تېلېۋىزوردا تونۇشتۇرۇلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقاتتىم.

بىزنىڭ ئۆيدىكىلەردىن باشقىلارمۇ شۇنداق هېسسىياتتا بولىدىغان چېغى، خەينەنداۋنىڭ گېپى چىقسا قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلايتتى.



## يەتتىنچى باب

# ئۆلمەس ئەمگەك

### 1

كۆڭلىرىمىز ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئۆتمۈەردى. مېنى سەللا ئۈمىدسىزلىك چۇلغىسا، تۇرسۇن مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرى يادىمغا كېلىپ قايتىدىن روھلىنىپ كېتەتتىم. شۇنداق ئۈمىدسىزلەنگەن چاغلىرىمدا ئاتام بار چاغدا ئالغان كىتابلىرىمنى ئوقۇيتتىم. هازىر بۇرۇنقىدەك كىتاب سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتىم بولمىغاچقا، بۇرۇن ئاتام ئېلىپ بەرگەن، قەغەز يەشىككە سېلىپ قويغان كىتابلارنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقاتتىم. بەزىدە ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن داڭلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادلايتتىم. نېمىشقىدۇر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «خىيالچان تىلەك» ناملىق شېئىرىنى يادلاشنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتىم. مېنىڭ شېئىر - قوشاق يادلاپ يۈرگىنىمنى كۆرگەن ئۇدۇل قوشنىمىز ئىسمائىل بوۋام مېنى يېنىغا چاقىرتىپ، ئۇنى - بۇنى سوراپ، كۆرۈپ، قولى ئىشتىن بوشىسا ماڭا نۇرغۇن قوشاقلارنى ئۆگىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

چۈشۈمدىمۇ ئىسمائىل بوۋامدىن قوشاق رەتلەپ چۈش كۆرەتتىم. بەزى ئاخشاملىرى قولۇمغا يېڭى خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنى - بۇنى سوراپ ئېغىزىنى كوچىلايتتىم.

— بۇ قوشاقلارنى سەن نەدە، كىمدىن ئاڭلىغان، بوۋا؟

— كىمدىن بولاتتى، مەشرەپ سورۇنلىرىدىن بولمامدۇ. ئۇ چاغلاردا هازىرقىدەك تېلېۋىزور، كىنو دېگەندەك نەرسىلەر يوق ئىدى. مەشرەپ سورۇنلىرى بىزنىڭ ئەڭ ياخشى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىمىز بولاتتى. شۇ سورۇنلاردا ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان. مەنمۇ سەندەك شۇ ئاڭلىغانلىرىمنى قوي بېقىشقا بىرىپ يادلايتتىم. ساڭا قاراپ، مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىم يادىمغا كېلىپ قالدى. مېنىڭ خەت ـ ساۋاتىم يوق. خەت تونۇغان بولسام يادىمغا كەلگەندە ھەممىنى خاتىرىلەپ ساڭا بېرەتتىم. قېرىدىڭ — چىرىدىڭ، دېگەن راست ئوخشايدۇ. ھېلى يادىمغا كەلگەن قوشاقلار ھېلى يادىمدىن چىقىپ كېتىدۇ...

— مەن يېنىڭغا پات ـ پات كىرىپ تۇرىمەن. يادىڭغا كەلگەندە دەپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ، بوۋا.

— ئوبدان بالام، ئوسمانجان، ساڭا بىر گەپنى دەي، يادىڭدا تۇت. ئاتاڭ ئابلىز ئاخۇن ياخشى ئادەم. خەقنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمە. ئەلگە ياخشىلىق قىلىمەن دەپ يامانچى بولۇپ قالدى. خەقنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالماڭلار. ئۇلارنىڭ تىللىغىنى ھەممىسى يەل. ئادەم دېگەن چوڭ ئىشلارغا تۇتۇش قىلغاندا غەيۋەتتىن، ئۆسەكتىن قۇتۇلالمايدۇ. ھەممە گەپنى ئۆسەك بىل....

— بولىدۇ، ئىسمائىل بوۋا.

— يەنە بىر گەپ بالام. ئاپاڭلارنى خاپا قىلماڭلار. ئايال كىشىنىڭ كۆڭلى نازۇك بولىدۇ. كۆڭلىنى ئاياڭلار. ئاپاڭلار ھېلىمۇ شۇنداق غەيرەتلىك ئايال ئىكەن... قولۇڭلاردىن كېلىدىغانلا ئىش بولسا قىلىڭلار.

مەن شۇنداق قىلىپ زېرىكىشلىك كۈنلىرىمنى ئۆتتۈپ، ئىسمائىل بوۋامدىن سوراپ يۈرۈپ 100 كۇپلېتتىن ئوشۇق قوشاق رەتلىدىم. بۇ قوشاقلارنىڭ بەزىلىرى بىزنىڭ بوستانكارىزغا مۇناسىۋەتلىك ئۇزاق تارىخقا ئىگە قوشاقلار ئىدى.

6 ـ ئاينىڭ ئىسسىقىدا دەرس ۋاقتىدا بىزنىڭ ئۇيقۇمىز

كىلىپ، دەرس خۇشياقماي قالغان چاغلاردا، تۇرسۇن مۇئەللىم كەيپىياتىمىزنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىزىقارلىق پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئاندىن دەرسنى داۋاملاشتۇراتتى.

— كىم نومۇر كۆرسىتىدۇ؟

— مەن!

— قېنى، ئوسمان، ناخشا ئېيتىپ بېرەمسەن؟

— ياق، مەن شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «خىيالچان تىلەك» ناملىق شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەي.

مەن دېكلاماتسىيە قىلىپ بولۇشۇمغا تۇرسۇن مۇئەللىم چاۋاك چالدى. ئارقىدىنلا باشقىلارمۇ چاۋاك چېلىپ كەتتى. تۇرسۇن مۇئەللىم:

— ساۋاقداشلار، ئوسمان شېئىرنى قانداق دېكلاماتسىيە قىلدى؟ — دەپ سورىۋىدى، ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ياخشى دېكلاماتسىيە قىلدى!!! — دېيىشتى.

— يەنە بىرنى ئوقۇپ بەرسە قانداق؟

— بولىدۇ!

— قېنى ئوسمان، قۇلىقىمىز سەندە.

— مەن قوشنىمىز ئىسمائىل بوۋامدىن خاتىرىلىگەن خەلق قوشاقلىرىدىن ئىككى كۇپلېت ئوقۇپ بېرەي.

سەھەر تۇرساڭ ئورنۇڭدىن،
قۇۋۋەت بېرەر تېنىڭگە.
تاڭ سەھەرنىڭ ئىشىدىن،
بەركەت ياغار ئۆيۈڭگە.

مەن ئېتىمنى سالمايمەن،
دەريا بويى لۆم - لۆمگە.
ئەجەب ئىچىم ئاغرىيدۇ،
ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە.

— ياخشى، يارايسەن! مەن ئۆزۈمنى شۇنچە يىل ئوقۇدۇم، ئون نەچچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم، دەپ يۈرۈپتىمەن. ئەل ئىچىدىكى قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارنى قوغدايلى، دەپ قويۇپ ئەمەلىي ئىش قىلمىغانىكەنمەن. سەن مېنى تەسىرلەندۈردۈڭ، بۇ ئىشىڭنى داۋاملاشتۇر... بۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ئەمگەك... ساۋاقداشلار، سىلەرمۇ مەھەللەڭلاردىكى بوۋاي ـ مومايلاردىن قوشاق، بېيىت، چۆچەك، ماقال ـ تەمسىل، رىۋايەتلەرنى خاتىرىلەپ قويۇڭلار، بىزنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىز بىزنىڭ تىل خەزىنىمىز...

تۇرسۇن مۇئەللىم مېنى بىرمۇنچە ماختاپ دەرسىنى داۋام قىلدى. شۇ سائەتلىك دەرس مېنىڭ يۈرىكىمگە ئۆمۈرلۈك مۆھۈر بولۇپ بېسىلدى. كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ، چېلىشتا يەڭگەن پالۋاندەك تۇيغۇدا بولدۇم. دەرستىن چۈشكەندە، ئاتامغا ئۇزۇملىرىنى نېسىگە ساتقان تېرەك كارىزلىق بەزى كىشىلەرنىڭ باللىرى دائىم ماڭا قەستەن سۈركىلىپ تۇراتتى. ئۇرۇشسام ئۇلاردىن يېڭىلىدىغانلىقىم ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپامنىڭ «خەق نېمە دېسە دېسۇن، ئۇرۇشۇپ قالماڭلار...» دېگەن نەسىھىتى قۇلاق تۈۋۈمدە ئىدى. شۇڭا ئەتەي ئۇلاردىن ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىپ يۈرەتتىم. بۈگۈن تۇرسۇن مۇئەللىم مېنى ماختاپ قويۇۋىدى، ئۇلار ئورنىدا ئولتۇرالمايلا قالدى. پارتامدا ئۆز ئىشىم بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرسام توساتتىن ئەخمەت يېنىمغا كېلىپ، ئېغىزىنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ پۇرۇشتۇرۇپ، تۇرسۇن مۇئەللىمنى دورىغىلى تۇردى:

— مەن شۇنچە ئوقۇدۇم، ئوسماندەك ئىش قىلالماپتىمەن. ئوسمان ماڭا دەرس بەردى... بولسا سىلەرمۇ قوشاق، بېيىت، ماقال ـ تەمسىل... لەرنى خاتىرىلەڭلار...

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا شۇنداق زەردە بىلەن قارىدىم.

— قارايسەنغۇ؟ قويمىچىنىڭ بالىسى؟ ئاتاڭ ئىچكىرىدە

باندىتتەك قېچىپ يۈرگۈچە ئېلىۋالغان پۇلىمىزنى تۆلىسۇن.
— قارىسام ئۆزۈمنىڭ كۆزى بىلەن قارىدىم...
— مېنىڭ كۆزۈمدە قارىساڭ بولامتى، قويمىچىنىڭ بالىسى!
— سەنمۇ يامان نېمە، تۇرسۇن مۇئەللىمدەك مۇز چىرايىنى بىردەمدە ئېرىتىۋەتتىڭ. قارىغاندا سەنمۇ ئاتاڭدەك داڭلىق قويمىچى بولغۇدەكسەن، — دېدى تېرەك كارىزلىق ئالىمۇ ئەخمەتكە بولۇشۇپ.
ئاپامنىڭ نەسىھەتى ئېسىمگە كېلىپ، ئۇلار بىلەن تەڭ تۇرماي دەپ تالاغا ماڭدىم.
— قېنى سېنىڭ بۇلتۇرقى نوچىلىقىڭ! نوچى بولساڭ تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ ئايىغىدىكى سوقما تام كەينىگە چىق!
— نېمانداق قىلىسىلەر؟ سىلەرمۇ ساۋاقداشمۇ؟ — دېدى تاجىخان بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلىشىپ.
— تاجىخان، سەن ئوسماننىڭ نېمىسى؟ ئەجەب ئۇنىڭغا بولۇشۇپ كەتتىڭغۇ؟
— بولۇشىمەن قانداق، جىم تۇرغان ئادەمگە نېمە دەپ چېقىلىسىلەر ئەمىسە؟
— ئوسمان چېقىلىدىغان چىنىمىدى؟ قارىغاندا ئوسمانغا ئامراق ئوخشىمامسەن؟ هوي، تاجىخان ئوسمانغا ئامراق ئىكەن.
— ئاغزىڭغا بېقىپ گەپ قىل!
— سەنمۇ ئۇنىڭ قويمىچى ئاتىسىنىڭ شېرىكىمىدىڭ؟
— يەنە دەپ باقە؟
— دېسەم نېمە قىلالايتتىڭ؟
— ئاغزىڭنى يىرتىمەن، مۇئەللىمگە دەيمەن، نومۇسسىز!
نەچچە ساۋاقدىشىم مېنى ئىتتىرىپ سىنىپتىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قۇلىقىمغا ئەخمەتنىڭ تىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يۈگۈرۈپ كىرىپ ئۇنىڭ كانىيىنى بوغۇپ، نەچچە مۇشت ئۇرغۇم كەلدىيۇ، يەنە ئاپامنىڭ نەسىھەتى ئېسىمگە كېلىپ، ئۆزۈمگە قاتتىق هاي بەردىم. شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئورۇنسىز

جىدەللەر بولسا، تاجىخان قاتارلىق نەچچە قىز ساۋاقدىشىم ماڭا بولۇشىدىغان بولدى. تۇرسۇن مۇئەللىم ئەخمەتنىڭ يولسىزلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنى تەنقىدلەپ ماڭا چېقىلالمايدىغان قىلىۋەتتى. مەنمۇ شۇنىڭ بىلەن خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم.

## 2

ئاپامنى ئويلىسام، ئۆزۈمنىڭ كىچىك بالا بولۇپ قالغىنىمدىن ئۆكۈنۈپ، بىرلا كېچىدە چوڭ ئادەم بولۇپ قالسامكەن دەپ تىلەيتتىم. نېمە ئامال، خىيال دېگەن بەربىر خىيال ـ دە. بىرلا كېچىدە چوڭ ئادەم بولسام ھەممە ئىشنى شاق ـ شۇقلا قىلىپ بولسام. يەنە، ئۇچار گىلەم، ياق، ھېلىقى «ياغاچ ئات»قا ئوخشاش ئېتىم بولسا، بىر كۇنلۇك يولنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا بېسىپ بولۇپ ئاتامنى شەھەرمۇ شەھەر ئىزدىسەم، بوستانكار بىزدىكى خەقلەر «ئوسمان ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئۇچۇپ كەتتى» دەپ قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ ئاسمانغا قاراپ قالسا، مەن ئاتامنى خەينەنداۋدىن تېپىپ ئاتقا مىندۈرۈپ ئېلىپ كەلسەم...

نېمىشقىدۇر بارغانسېرى خىيالپەرەس بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. خىياللىرىمنىڭ ھەممىسى ئاتامغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. تۇرۇپلا ئەڭ تېز باي بولغىلى بولىدىغان سودا ھەققىدە ئويلىنىپ، سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم. ئادەمنىڭ خىيالى بولمىسا قانداق بولىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ، خىيالسىز ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلالىتتىم. خىيال بولمىسا ئادەمنىڭ ياشىغىنىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى. ھايۋانلار چېغىدا خىيال سۇرسە كېرەك، ئويلانغاندەك تۇرۇپ كېتىدىغۇ؟ خىيال ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى ئىكەن. بىر تۇرۇپ شۇنداق خىيال قىلالىغىنىمنىڭ ئۆزى ياخشى ئىش. ئۇنداق خىيال قىلالمايدىغان بالىلارنى شۇنداق خىيال قىل دەپ

قىلدۇرغىلى بولاتتىمۇ. پاقا چېغىدا كۇندە مەن چوقۇم ئۇچىمەن، دەپ خىيال قىلىپ سەكرەپ يۈرەرمىش...

تۇرسۇن مۇئەللىم مېنىڭ ياخشى تەرىپىمنى ئاپامغا دەپ بەرگەن چېغى، ئاپام مېنىڭ تىرىشچانلىقىمنى سىڭىللىرىمغا، تۇغقانلارغا سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى. بىرەرسى يۈزۈمدىن يۈزۈمگە ماختىسا شۇنداق خىجىل بولۇپ كېتەتتىم. ئاپام ماختىغاندىمۇ خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپ تۇرۇۋالغاندىم، ئاپام مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ «چوڭ بوپسەن» دەپ مېنى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يۈزۈمدە ماختىمايدىغان بولدى.

ئاكامنىڭ يېقىندىن بېرى ئارىلاپ مەكتەپكە بارماس بولۇۋالغانلىقىدىن خەۋەرسىز يۈرۈپتۇق.. بىر كۈنى ئاكامنىڭ دەرستىن قېچىپ يېزا مەركىزىدە بىلىيارت ئويناپ يۈرگەنلىكىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان نىياز ئاكام كۆرۈپ قېلىپ ئاپامغا ئېيتىپ قويۇپتۇ. ئاپام ئاكامغا قانداق گەپ قىلىشنى ئوبدان بىلەتتى. بىر كۈنى ھەممىمىز جەم بولغاندا ئاپام ئاكامغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئابابەكرى، سەن باللارنىڭ چوڭى. ئۇكىلىرىڭغا ئۈلگە بول. يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالما. ئاتاڭ كەلسە سېنى شەھەردە ئوقۇتىمىز. ئوسمانغا قارا، ئۆگىنىشنى قىلىپ بولۇپ قولۇمغا قول بولۇپ ماڭا ئەسقېتىۋاتىدۇ. بىلىمەن، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسى كۆپ، دەرسىڭ ئېغىر، سېنى ئىش قىلمۇ دېمەيمەن. تىرىشىپ ئوقۇساڭلا بولدى.

— ئاپا، مەن چوڭ بولغاندىكىن ساڭا ياردەملىشەي. مەكتەپتە ئوقۇماي.

— ياق، كۆزۈم پىلدىرلاپلا تۇرىدىكەن، سىلەرنى ئوقۇتۇپ يارامىلىق ئادەم قىلىمەن.

— سېنىڭ جاپا تارتىۋاتقانلىقىڭنى كۆرسەم...

— ئۇنداق گېپىڭنى قوي. سىلەرنىڭ ياخشى نەتىجەڭلار مېنىڭ خۇشاللىقىم. ئوسماننى مۇئەللىمى ماختاپ بېرىۋىدى،

ئىككى مۇرەمدىكى ئىككى تاغنىڭ بىرىنى ئېلىۋەتكەندەك يېنىك-كىنە بولۇپ قالدىم. ھاردۇقۇمۇ چىقتى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى كىم ئويلىغان دەيسىلەر. ئىسمائىل بوۋاڭغا قوشاق ئېيتقۇزۇپ شۇنى خاتىرىلەپتۇ. بۇنى تۇرسۇن مۇئەللىم «ئۆلمەس ئەمگەك» دەپ ماختاپلا كەتتى. تېخى ئۇنى شۇنداق قوشاق، چۆچەك باسىدىغان ژۇرنالغا ئەۋەتىپ بېرىمەن، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى گېزىتكە چىقىد-دىغان بولدى. ئادەم تىرىشسىلا نېمىنى قىلغىلى بولمايدۇ، — ئاپام ئاكامغا دەيدىغاننى دەپ بولۇپ ماڭا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئوسمان، بولسا ئېلىنىيازھاجىكارىزىدىكى سېلىم بوۋاڭنىڭكىگە بېرىپ نەچچە كۈن تۇرۇپ كەل. ئۇ ئادەم-نىڭ ئىچى دەريا. نۇرغۇن چۆچەك، قوشاقلارنى بىلىدۇ. پاراڭ سالىدىغان بولسا، نەچچە كارىزنىڭ ئادىمىنى ئاغزىغا قارىتىپ قويىدۇ. شۇ ئادەمنىڭ پاراڭلىرىنى بىر رەتلەپ قوي. ئۇنىڭ ئالدىغا سېنىڭ پارىڭىڭنى خاتىرىلىگىلى كەلدىم، دەپ باقە، بۆكىنى داپ قىلىپ چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كەتمىسە مانا مەن...

— بولدى قىلە، ئاپا، پاراڭنى خاتىرىلەپ يۈرەمدىم ئەمدى.

— چۆچەك، قوشاق دېگەن شۇنداق پاراڭدىن چىقىدۇ.

— بولىدۇ، بولىدۇ، قىشلىق تەتىلدە بېرىپ ئىشىنى قىلىشىپ بەرگەچ بىر خاتىرە دەپتەرنى توشقۇزۇپ كېلەي.



# سەككىزىنچى باب

## بەڭگى

### 1

ئاكامىنىڭ مەكتەپتىن قېچىپ ئويۇن ئويناشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىدىن ئاپام قاتتىق خاپا بولدى. ھېلىمۇ بىزنىڭ ئاتىسىز ئۆتۈۋاتقان كۈنلىرىمىزنىڭ دەردى ئاپامغا يېتىپ ئاشاتتى. ئاپام شۇنداق بولسىمۇ ھەممە ئىشنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئەستايىدىل، ئىدىتلىق قىلاتتى. مېنىڭ پەمىمچە ئاتامنىڭ قەرزى 30 تۈمەندىن ئاشاتتى. بۇنى قانداقمۇ تۆلەپ بولغۇلۇق؟ ئاپام، بۇ قەرزنى بىرلا كېچىدە تۆلەپ، بۇرۇنقىدەك خۇشال يۈرگۈسى، ھېلىقى بىزنىڭ ئۆي جابدۇقلىرىمىزنى ئېلىپ كەتكەنلەرگە ئادەمگەرچىلىكنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى باردەك قىلاتتى. كىمنىڭ قەرزدىن پاتىراق قول ئۈزگۈسى يوق دەيسىز؟ خەقنىڭ بىر پۈتلۈق ھەققىمۇ ئادەمنىڭ مۇرىسىنى تۈگمەن تېشى بېسىپ تۇرغاندەك ئازابلايدۇ. ئادەمنىڭ روھىنى قۇرتتەك غاجايدۇ.

كونىلار «يەر — ئىشلىگەننى بىلىدۇ»، «يەر — ئالتۇن قوزۇق، يەر — تالىقان ئۇزۇق» دەپ دۇرۇس ئېيتقانىكەن. ئاپام ئېتىزدىن كەلمەي دېگۈدەك ئىشلىۋىدى، كېۋەزلىرىمىز ھەممە خەقنىڭكىدىن ياخشى ئايىنىدى. تەكلەرنىڭ شۆكىلىرىنى خورشىدەمنىڭ چېچىنى قىرىق كوكۇلا ئۆرۈگەندەك تال - تال تاراپ ۋاقتى - ۋاقتىدا بېقىپ تۇرۇۋىدۇق، ھەر بىر شۆكىدا ئۈزۈم

شۇنداق بولۇق بولدى. بىزنىڭ تەككە كىملا كىرسە ھەيران قالاتتى. تېخى بەزىلەر «ئۈزۈملەرنى ياساپ ئېسىپ قويغاندەك بولۇق بوپتۇ» دەپ كېتىشەتتى. تەك ماڭا ئادەتتىكى ئۈسۈملۈك ئەمەس، قولاقلىرىغا مىڭلىغان يېشىل، سېرىق مەرۋايىت ئاسقان پەرىزات ئانا بولۇپ كۆرۈنەتتى. بۇ پەرىزات ئانىنى بەزىدە ئاپامغا ئوخشىتىپ قالاتتىم. شۇنداق چاغلاردا دەرھال ئاپامنىڭ ئالتۇن زىبۇزىننەتلىرىنى قەرزگە بېرىۋەتكەنلىكىنى ئويلاپ، ئاپامنىڭ ھالقىسىز قۇلىقىغا چىرايلىق ئالتۇن ھالقا ئېلىپ سېلىپ قويغۇم كېلەتتى. تەك پەرىدەك جىق ياقۇتلىرى بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى... بۇنىڭ ھەممىسى مېنىڭ خىيالىم ئىدى.

ئاپام تاماق ئېتىشكە خالىدەمنى بىللە ئېلىپ كەتتى. بىز ئۈچ بالا تەكلىكتە ئىشلەشنى داۋاملاشتۇردۇق. تەكنى سۇغارغاندا سۇغا تېگىپ سېسىپ قېلىش ئېھتىمالى بار بولغان شۇڭلارغا تىرەك قويۇپ، كۆتۈرۈپ قويۇۋاتاتتۇق. ئىشلەۋېتىپ بېشىمنى پات - پات بارالىڭ ئاستىغا تىقىپ، ساڭگىلاپ تۇرغان سانجاق - سانجاق ئۈزۈم دانىلىرىغا قاراپ، ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتىم. شۇ ئۈزۈملەرنىڭ دانىسى بىردىنلا ئۆرۈكتەك، ياق، نەشپۈتتەك، ئالمىدەك بولسا، چۈنچىمىزگە پاتماي قەرز ئىگىلىرىنىڭ چۈنچىلىرىگە ئاسساق، قورۇغاندا جىڭلاپلا شۇ يەردە ئۆتكۈزۈۋەتسەك... مەن شۇ خىياللارغا بەند بولۇپ كېتىپ ئىشىمنى توختىتىپ قويۇپتىمەن. ھاۋا بارغانسېرى ئىسسىپ، تىنچىق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئاكامنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تەكنىڭ ئۇ چېتىگە چىقىپ، جىگدە سايىسىدە بىر ئاز ئارام ئالدۇق. شۇ ئارىدا خۇرشىدەم گەپ ئارىلاپ سوراشقا باشلىدى:

— ئوسمان ئاكا، بايا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپسەن، ئاتامنى ئويلىدىڭمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە، دېگىنە، نېمىنى خىيال قىلدىڭ؟

— ئۇزۇملەرنى خىيال قىلدىم. ئۇزۇملەرنىڭ دانىسىنى ئۈزۈكتەك، نەشپۈتتەك، ئالمىدەك بولسا، بۇ يىللا قەرزلەرنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ قايتۇرۇۋالساق دەپ ئويلىدىم.

— مېنىڭ كۆز ئالدىمغىمۇ شۇنداق دانىسى يوغان ئۇزۇملەر كېلىۋاتىدۇ. ئويلىمايدىغان نېمەڭ يوق سېنىڭ، ئاكا.

— كېۋەزلەرنىڭ غوزىسىنى قوغۇندەك - قوغۇندەك بولسا، دەپ ئويلىمىدىڭمۇ؟ — دېدى ئاكام پەرۋاسىز ھالدا.

— ۋاھ، ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بەش - ئالتە غوزىنىڭ پاختىسىدىنلا بىر سېۋەت پاختا چىقىدۇ - دە، ئۇ چاغدا مەن پاختا تېرىش ماھىرى بولىمەن.

— ھەممىسى قۇرۇق خىيال. يۇرۇڭلار ئىشلەيلى. مىڭ ئېغىز قۇرۇق گەپتىن، بىر تال ئوت يۇلغان ئەۋزەل.

ئاكامنىڭ بۇ گېپىدىن ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇرۇن ئۇنىڭ مەكتەپتىن قايتىپلا يېزا مەركىزىدىكى ئويۇنچۇقخانىدا ئويۇن ئويناپ، ۋاقتىدا كەلمىگەنلىكىگە خاپا ئىدىم. ئاپام شۇنچە دەرد - ئەلەم چېكىۋاتسا قانداق ئوينىغۇسى كەلگەندۇ دەپ قالاتتىم. مەن ئۇنىڭغا قايتىدىن سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇ قايچىنى ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇپ، قېرىم يېنىدىكى ئۆسۈپ قالغان شۇڭلارنى كېسىپ، ئۇزۇملەرنى كۆتۈرۈپ كۆرۈپ بېقىپ، ئاستىغا ئاچا قويۇۋاتاتتى. ئاكامنىڭ بۇ ھالىتىدىن مەنمۇ روھلىنىپ ئۆز ئىشىمغا مەشغۇل بولدۇم.

ھاۋا بارا - بارا ئىسسىشقا باشلىغانىدى. خۇرشىدەم زېرىككەن چېغى غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. بىر ھازادىن كېيىن قارىسام، ئاكام كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ يەنە نەگە يوقاپ كەتكەنلىكىدىن جىلە بولۇپ، خۇرشىدەمگە ياردەملەشمەكچى بولۇپ چاققان ئىشلەشكە باشلىدىم. بىز ئادەتتە ئىشنى بۆلۈشۈۋېلىپ قىلاتتۇق. ئاكام بۇرۇنمۇ ئۆزىگە بۆلۈنگەن ئىشنى تۈگىتەلمەي، مەن ياردەملىشىپ بېرەتتىم. بۈگۈنكىدەك بۇنداق تومۇز ئىسسىقتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى تۈگەتسۇن. خۇرشىدەم

كىچىك تۇرۇپ ماڭا يېتىشىپ دېگۈدەك ئىش قىلىۋاتامدۇ. ئاكام ھەممىمىزدىن چوڭ بولغاندىكىن، ئۇنداق ھۇرۇنلۇق قىلمىسا بولاتتى، بايىلا تېخى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بىر ئوبدانلا ئىشلەۋاتاتتى، بىردەمدىلا يېلى چىقتىغۇ ئەمدى... مەن شۇنداق دېگىنىمچە ئەتراپقا قارىدىم. تەكلىكنىڭ ئۇ چېتى قوناقلىق ئىدى. قوناقلىقتىن ئىس چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. «نېمە ئىش بولغاندۇ، بىرەرسى ئوت قويىۋەتمىگەندۇ - ھە» شۇنداق دەپ تۇرۇشۇمغا موخوركىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالدى. بۇرۇن مەن ئاكامدىن تاماكا پۇرىقى كەلسە، تاماكا چەككەنلەرنىڭ يېنىدا تۇرغان بولسا كېيىمىگە تاماكا ھىدى سىڭىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپتىمەن. مانا ئەمدى بىلدىم، ئۇ تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قالغان ئىكەن ئەمەسمۇ!

2

مەن ئاكامنىڭ بەڭگىلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئاپامغا دېمەكچى بولدۇم. بىراق، «ئوغرى تۇتساڭ مېلى بىلەن تۇت» دېگەندەك ئاۋۋال ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپمۇ، تاماكا تاپالمىدىم. ئۇ تاماكىنى زادى نەدە قويىدىغاندۇ؟ مەن ۋاقتىم چىقسىلا ماھىر رازۋېدكىچىدەك ئۇنىڭ تاماكىسىنى ئىزدەيتتىم. ئۇنىڭ تاماكا ئالىدىغان پۇلى يوق، باشقىلاردىن سوراپ چېكەرمۇ يا؟ توۋا، ئۇنداقمۇ قىلىپ يۈرمەس تىلەمچىدەك. بەڭگى دېگەنغۇ تونۇسا، تونۇمىسا خۇمارى تۇتقاندا تاماكا سوراپ چېكمۇېرىدىكەن. ئەگەر تونۇمىغان ئادەمدىن بىر ئورام تاماكىنىڭ پۇلىچىلىك پۇل سورا دېسە ھەرگىز سورىمايدۇ. ھەي، بۇ ئاكامنىمزە. بۇرۇن بىز قوي باققىلى چىققاندا بالىلار كاۋا غازىڭى، كۇنجۇت غازىڭىنى تاماكا قىلىپ چېكەتتى. ئۇنىمغۇ چوڭلارنىڭ چەككىنىنى دورىغانلىق دېسەك بولىدۇ. خۇمارى تۇتمايدۇ. چوڭلارغا ھەۋەس قىلىپ قىلغان ئىشتە ئۇ... ئاكام تاماكىسىنى زادى نەگە

قويدىغاندۇ؟ ئەقلىم ھەيران، شۇنچە ئىزدەپمۇ ئۇنىڭ تاماكىسىنىڭ بىر دانىسىنىمۇ تاپالمىدىم.

ئاكامنىڭ كۆندە ئىشكتىن كىرىپلا چىش چوتكىسىنى ئويۇقتىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، چىشىنى چوتكىلىۋېتىپ ياتىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى مانا ئەمدى بىلدىم. ئاغزىم تاماكا پۇراپ قالمىسۇن، دەپ شۇنداق قىلاتتىكەن ئەمەسمۇ؟! ئاكام، مەن بار يەردىلا ئەمەس، خۇرشىدەم، خالىدەم بار يەردىمۇ تاماكا چەكمەيتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ كۆرپىسىدىكى موخۇركا ئۇۋاقلىرىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، دەرھال:

— ئاكا، تاماكا چېكىدىكەنسەن ـ ھە؟! — دەپ سورىدىم.

— ياق، — دېدى ئۇ پەرۋاسىز ھالدا.

— مانا، دەلىل ـ ئىسپات!

ئۇ قولۇمدىكى موخۇركا ئۇۋاقلىرىغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ قولىغا قارىدىم. ئۇنىڭ باشمالتىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ئۇچى سەل ـ پەل سارغىيىپ قالغانىدى.

— ئاپامغا دېمە جۇمۇ!

— دەيمەن!

— ئاپامغا دەيدىغان بولساڭ تايىقىڭنى يەيسەن!

— ئۇرۇپ باقە، بوۋامغا دەپ ئەدىپىڭنى بەرگۈزىمەن!

— بولىدۇ، مەن سېنى ئۇرماي، سەنمۇ ئاپامغا دېمە، نېمە قىلىپ بەر دېسەڭ شۇنى قىلىپ بېرەي.

— نېمىشقا چەكتىڭ ئۇنى؟ مەكتەپتىمۇ چەكلەيدىغۇ؟ تاماكىنىڭ زىيىنىنى بىلىدىغانسەن؟

— بىلىمەن.

— بىلسەڭ نېمىشقا چەكتىڭ؟ بىلىپ قىلغان گۇناھنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىدىغانسەن؟

— ئۇنىمۇ بىلىمەن. ئاتامنىڭ ئىشىنى ئويلىسام،لا جىلە بولىمەن. ئاتام ئاخىرقى قېتىم يۇرتقا چىققاندا، قويمىچىغا قويۇلۇپ كەتكەنلىكىنى دېمەي تۇرغان بولسىمۇ، خەق بىزنى

بۇنداق توخۇنى يۇڭدىغاندەك قىلىپ قويمايتتى، بوزەك قىلمايتتى... كىم بىزنى ئارىغا ئالدى؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۆيىمىزدىن كېتەلمەيدىغان تۇغقانلاردىن نەچچىسى قارىسىنى كۆرسەتمەيۋاتىدۇ، نەچچىسى پۇلىمىزنى بەرمىدى، دەپ تەتۈر قاراپ يۈرۈۋاتىدۇ...

— ئۇنىڭ تاماكا چېكىشىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟

— نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ ئۇلارنىڭ شۇ قىلىقىنى ئويلىساملا ئۆز گۆشۈمنى يېگۈدەك بولۇپ كېتىمەن. تىتىلداپ كېتىمەن شۇ...

— ئۇنداق قىلما، ئاپام تۇگىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

— مەنمۇ تاماكا چەكسەم سەل يېنىكلەپ قالىدىكەنمەن شۇ...

ئاكام يىغلىغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ يېنىك - يېنىك ئۆكسۈگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مېنىمۇ يىغا باستى. چىشىمنى چىشلەپ، جىم ياتتىم. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بۇنچىۋالا يېرىملىقىنى بىلمىگەنىكەنمەن. ئۇنى ئۆينى ئويلىمايدۇ، ئۆي بىلەن كارى يوق دەپتىمەن. ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى مەن ئويلىمىغانىكەنمەن.

— ئاكا، قەرزلەرنى تۇگىتەلەيمىزمۇ؟

— ياق، ئاز پۇل ئەمەس ئۇ!

— ئەمىسە، قانداق قىلىمىز؟

— بىلمىدىم.

ئۇنىڭ مەن بىلەن پاراڭلاشقۇسى يوقتەكلا، نېمىنى سورىسام شۇنىڭغا بىرلا ئېغىز گەپ قىلىپ جىمىپ كېتەتتى.

— ئوسمان، مەن مەكتەپتىن توختاپ قالايمىكىن دەيمەن.

— نېمىشقا؟

— مەنمۇ ئوقۇسام، سىلەرمۇ ئوقۇساڭلار ئاپام ئۆزى يالغۇز ھەممە ئىشقا قانداق يېتىشىپ بولالايدۇ؟ كىچىك ئاتاملارنى، ئاسىم ئاكاملارنى ياردەملەشتى دېگەن بىلەنمۇ يەنە ئاپام پايپېتەك بولمىسا بولمايدىكەن. شۇڭا مەن ئوقۇشتىن توختاپ قالاي دەيمەن.

— ئاپام ئۇنىمايدۇ.

— ئۆتىمىغىنىغا قويمايمەن. بۈرۈن ئوقۇشۇم يامان ئەمەس ئىدى. ھازىر كالالامغا دەرس چۈشىدىغاندەك ئەمەس. كۆزۈم دوسكىدا بولغان بىلەن خىيال ئېكرانىمدا ئاتامنىڭ يات شەھەردە تەمتىرەپ يۈرگىنى، ئاپامنىڭ ئېغىر ئىشلارنى قىلىپ چارچاپ ھالىدىن كەتكەن كۆرۈنۈشلىرى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتىدۇ...

— مېنىڭچە ئىمتىھان بېرىپ باق. جەڭگە كىرمەي يانغان جەڭچىدەك يېرىم يولدا چېكىنىسەڭ بولماس.

— ئۇغۇ شۇ.

— ئاكا، سەندىن بىر گەپنى سورىسام خاپا بولامسەن؟

— ياق، قېنى سورا.

— تاماكىڭنى نەگە قويىسەن؟ مەن شۇنچە ئىزدەپ تاپالمىدىم.

— سەن تاپالمايسەن.

— ئېيتىپ بېرە، نەگە يوشۇرۇپ قويۇپ چېكىسەن؟

— مەندە تاماكا ئالىدىغانغا نەدە پۇل. كۈندە كىچىك ئاتامنىڭ قويلىرىنى سۇغۇرۇپ بەرگەچ ئۇنىڭ ئويۇقىدىكى تاماكا خالتىسىدىن نەچچە ئورام ئوراپ، دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى خىشنىڭ كەينىگە يوشۇرۇپ قويۇپ چېكىمەن.

— كىچىك ئاتام بىلىپ قالسىچۇ؟

— بىرسى چېلەكتىكى سۇدىن بىر قوشۇق سۇ ئىچىۋالسا سېزەلەمسەن؟

— سېزەلمەيمەن، لېكىن كىچىك ئاتام كۆرۈپ قالسىچۇ؟

— ناماز ئوقۇغىلى كىرىپ كەتكەندە ئالىمەن ـ دە!

— ۋاي، قېرى بەڭگى!

مەن ئاكامدىن بۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي تاماكا چەكمەسلىكىنى ئۆتۈنۈپ ئۇنىڭغا يېلىندىم. ئاكامۇ ئۇنداق قىلماسلىققا ۋەدە بەردى.

## توققۇزىنچى باب

# ئاكام ئىمتىھان بېرەلمىدى

### 1

ئاكامنىڭ ئوقۇشىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەسلىكىنى ئاپام بىلگەچكە، ئۇنىڭغا ئانچە ئاچچىقلىنىپمۇ كەتمەس بولدى. ئىمكانقەدەر ئاكامغا سىلىق - سىپايە بولۇپ، ئازراق بولسىمۇ كىتاب كۆرۈشىنى ئۆتۈنەتتى. ئۇرسام، تىللىسام يولدىن چىقىپ قالىدۇ دېدىمىكىن ئاكامغا شۇنداق سىلىق گەپ قىلاتتى. بىراق، دەردىنى ئۆزى بىلەتتى. ئاپام ئەزەلدىنلا ئۆينىڭ دەردىنى خەققە دېيىشكە ئادەت قىلمىغان ئايال ئىدى. ئاكامنىڭ مەكتەپتىن قاچقانلىقىنى، ئۆگىنىش قىلماي ئويۇنچى بولۇپ كەتكىنىنىمۇ بوۋاملارغا دېمىدى.

مەن كىچىكىمدىن ئەدەبىي كىتابلارنى كۆپ ئوقۇغاچقىمۇ تولىمۇ خىيالچان ئىدىم. ئاپام مېنىڭ بۇ مىجەزىمدىن ئەندىشە قىلاتتى. چۈنكى، مەن كىشىلەر خەتەرلىك دەپ ئانچە يېقىن يولىمايدىغان قېرى جوجەمنىڭ بىر پۈشلۇق تەڭگىچىلىك ئاپتاپ چۈشمەيدىغان سايىسىدە ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلاتتىم. مېنىڭ بۇ يەردە ئۆگىنىش قىلىدىغانلىقىمغا ئىچى تارلىقى كەلگەندەك، بىزنىڭ مەھەللىدىكى گۈلجەننەت سىڭلىسى بىلەن مەندىن بۇرۇن چىقىپ يۇقىرى ئاۋازدا ئۆگىنىش قىلىدىغان بولۇۋالدى. مەن چەتكىرەك يەرگە بېرىپ ئۆگىنىش قىلسام، گۈلجەننەت سىڭلىسىغا گەپ قىلغان بولۇپ ماڭا دارىتمىلايتتى. مەن كارىم

بولماي ئۇلاردىنمۇ سەھەر تۇرۇپ، ئۆگىنىش قىلىدىغان بولدۇم. بىر كۈنى گۈلجەننەت:

— ئوسمان، سەنمۇ ئۆيۈڭلارنىڭ ئۇدۇلىدىكى يەرگە بېرىپ ئۆگىنىش قىل، — دېدى.

— نەدە شۇنداق ئىش بار ئىكەن؟ بۇ يەر ئۆيۈڭلارنىڭ ئارقىدا بولغانلىقى ئۈچۈنلا سىلەرنىڭ بولامدۇ؟

نەدىن پەيدا بولدىكىن، توساتتىن ئۇلارنىڭ ئاكىسى ئەكرەم پەيدا بولۇپ ماڭا ھۆرپەيگىنىچە ۋارقىرىغىلى تۇردى:

— ھە، قويمىچىنىڭ بالىسى، سىڭىللىرىمنى بوزەك قىلغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ ·

— كىم بوزەك قىپتۇ؟

— ھوي، نوچىغۇ سەن؟ ئادەم دېگەننى پۇل ھۆركىرىتىدۇ دەپ ئاتاڭ پۇل ئەۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ پۇل كەلگەن بولسا، ئاۋۇ ئابباس تاغاملارنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتىشە !

مەن كۆڭلۈم غەش ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەتتىم. ئۇلارنىڭ تېرەككارىزدىكى تۇغقىنى ئابباس دېگەن كىشى ئۈزۈم سودىسى قىلاتتى. ھەر يىلى بىزنىڭ كارىزغا كېلىپ ئۈزۈم ئالالماي ئاۋارە ئىدى. مانا ئەمدى شۇ ئىشقا يۆلەپ ماڭا چېقىلىۋاتاتتى.

— ئاپا، مەن جۇجەمنىڭ ئاستىدا ئۆگىنىش قىلىۋاتسام، گۈلجەننەت، ئەكرەملەر مېنى ئارامىمدا قويماي، بوزەك قىلىۋاتىدۇ، — دېدىم مەن ئاپامغا خورلۇقنى ئىچىمگە سىغدۇرالماي.

— بوپتۇ بالام. نىيازئاخۇنلارنىڭ ھېلىقى ئېرىق ياقىسىدىكى كۆكتاتلىقىمۇ شۇنداق جىمجىت يەر، مەن ئۆتكەندىلا سېنى شۇ يەردىلا ئۆگىنىش قىلسا دەپ سوراپ قويغانىدىم. چاخسىسىنىڭ[1] ئاچقۇچىنى ئېلىپ چىقسام شۇ يەردە ئۆگىنىش قىل.

قوشنىمىز نىياز ئاكاملارنىڭ چوڭ يول ياقىسىدىكى ئېرىق

---

[1] چاخسا — چىۋىقتا توقۇلغان ئىشىك.

بويىدا ئەنجۈر، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئەينۇلا... تىكىلگەن، بەش ـ ئالتە يۈز ئەتراپىدا ئۆي ئورنىلىق ئېلىپ، باغ قىلىپ قويغان يېرى بار ئىدى. ئاكام ئىككىمىز شۇ يەرگە بېرىپ ئەنجۈرنىڭ يېنىدا ئۆگىنىش قىلىدىغان بولدۇق. بىز ئۇ يەردە خاتىرجەم ئۆگىنىش قىلىدىغان جاي تاپتۇق دەپ خۇش بولساق، نىياز ئاكاملارمۇ بىزدەك ھەق ئالمايدىغان «قارانچۇق» تېپىلغانغا خۇش ئىدى. ئاكام ئۇنداق دەپ ـ مۇنداق دەپ تولىراق ئۇ يەرگە سەھەردە ئۆگىنىش قىلغىلى چىقمايتتى. ئاكام چىقمىغان بىر كۈنى ئاكامنىڭ ساۋاقدىشى مەمەت يېنىمغا كېلىپ مېنى خاپا قىلغىلى تۇردى:

— ھە، ئۆرۈك ئوغرىسى، ئۆرۈك پىشىپتىمۇ؟

— پىشقان ـ پىشمىغانلىقىنى كۆزۈڭ بولغاندىكىن كۆر! كىم ئۆرۈك ئوغرىسىكەن، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە.

— ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك دەپتىكەن، يۈرىكىڭ پوكۇلداۋاتامدۇ؟ ئەجەب چۆچۈپ كەتتىڭغۇ؟

— كىمنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپتۇ؟ ئۆزۈڭنىڭ پوكۇلداۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

— نىياز ئاكاملارغا دەپ قويمايدىغان بولسام.

دەل شۇ چاغدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا نىياز ئاكام پەيدا بولدى.

— نېمىنى دەپ قويىسەن؟

— ئۆرۈك ئوغرىسىنى، نىياز ئاكا، — دېدى مەمەت شۆلگىيىنى ئېقىتىپ.

— نەدىن كەلگەن ئۆرۈك ئوغرىسىكەن ئۇ؟ مەن ئوسمانلارنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىشىغا يول قويغان. ئوسمان، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۆگىنىشىڭنى قىلىۋەر. كىمدە كىم ئۆرۈك ئۈزىمەن، ئەنجۈر ئۈزىمەن دېسە، مانا بۇ كالتەك بىلەن ئۇر. قالغىنىغا مەن ئىگە. ئۆرۈكنىڭ پىشقىنىنى تاللاپ تۇرۇپ يېگىن... سىلەر بۇ يەردە ئۆگىنىش قىلغاندىن بۇيان

مەن باغدىن خاتىرجەم بولۇپ قالدىم، — دېدى نىياز ئاكام مەمەتكە ئالىيىپ قاراپ.

مەمەت غۇدۇرىغىنىچە ئالدى ـ كەينىگە قارىماي كەتتى.

— ئوغرى دېگەن شۇ مەمەت. سېلىمخان ئايلام سىلەرنى بۇ يەردە ئۆگىنىش قىلىۋالسا دەپ كىرىپتىكەن، مانا بىز ماقۇل بولىغان. ئاۋۇ كۆكتاتلىققىمۇ قاراپ قويۇڭلار، لازىم بولسا ئېلىۋېرىڭلار. سىلەر سەھەر ـ كەچتە ئۆگىنىش قىلىسىلەر... كۆكتاتنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتسىغۇ مەيلى، قاراپ باقە، مايسىلارنى دەسسەپ ـ چەيلەپ كالا پېتىغدىۋەتكەندەك قىلىۋېتىپتۇ...

مەن بۇ پات ـ پات سۇغىرىلىپ تۇرىدىغان، سالقىن خۇش پۇراق ئەنجۈر تۈۋىدە ئۆگىنىش قىلىشنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم. ئاكامىمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىدىغان بولغاچقا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ خېلى تىرىشتى. ئاكام تېخنىكومغا ئوقۇشقا ئۆتۈپ كەتسە قانداق ئوقۇتارمىز؟ «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۆرۈچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك تېخى، ئىمتىھانغا قاتناشمىغان ئاكامنىڭ ئوقۇشىنىڭ غېمى بېشىمنى ئاغرىتقىلى تۇردى.

## 2

ئاخىر ئاتامنىڭ شاڭخەيدە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر قولىمىزغا يەتتى. بۇنىڭدىن مەن ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتىم. نەچچە كۈن ئاۋۋالقى «ئابلىزنى ھېلىقى شېرىكى ئۇنىڭ پۇلىنى كۆزلەپ ئۆلتۈرۈپ دېڭىزغا تاشلىۋېتىپتۇ... پۇل ئۇنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ...» دېگەندەك مىش ـ مىش پاراڭلار بىزنى تولىمۇ ئەندىكتۈرگەنىدى. مانا ئەمدى ئاتىمىزنىڭ ھاياتلىقىنى ئاڭلاپ، «ئاتىمىز ھايات ئىكەن، شاڭخەيدە خەقلەر كۆرۈپتۇ» دەپ ئۇچرىغانلا ئادەمگە دېگۈمىز كەلدى. بۇ خەۋەردىن كېيىن بىز نېمىلا بولمىسۇن پۇت ـ قولىمىزغا جان كىرگەندەك خاتىرجەم بولۇپ قالدۇق، كۆڭلۈمدە: «ئاتام ھامىنى بىر كۈنى بىز بىلەن

ئالاقىلىشىدۇ. ساق ـ سالامەت بولسىلا، ھېلىقى قويمىچىنى تېپىپ پۇللارنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، ماشىنا ئېلىپ كېلىدۇ. ھېلىقى گۇيلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ تۇرمۇشىمىزنى گۈلدەك قىلىدۇ...» دېگەنلەرنى ئويلاپ قايتىدىن روھلىنىپ كەتتىم.

خۇشاللىقىمىز ئۇزۇن كۈنگە بارمىدى. ئاكامنىڭ ساۋاقداشلىرى شەھەرگە ئىمتىھان بېرىشكە ماڭىمىز دېسە، ئاكام غېمىدە يوق ئولتۇراتتى. مەمەتتىن ئوقساق، ئاكام پۇل تۆلىيەلمەپتۇ. ئاپام بۇنى ئاڭلاپ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، ئارقىغا تىرىكگىدە ئۇچۇپ كەتكىلى قىل قالدى.

ــ ئابابەكرى ! كېلە بۇ يەرگە ! ماڭا نېمىشقا بۇ ئىشنى ئېيتمىدىڭ؟

ــ بىزدە پۇل بولمىسا.

ــ 55 كوي دېگەن چىقاتتىغۇ.

ــ مۇئەللىم پۇل تاپشۇرۇڭلار، دېگەندە مەن سەندىن پۇل ئالاي دېگەن، بىراق دەل شۇ چاغدا خالىدەم ئاغرىپ قېلىپ، ئۇنى داۋالىتىدىغانغا باشقىلاردىن مىڭ تەستە قەرز ئالغان تۇرساڭ. شۇڭا ئوقۇماي، دەپ پۇل تۆلىمىگەنىدىم. پەقەت ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىلا بېرىمەن. دىپلوم ئالالايمەن.

ــ ئوقۇمىساڭ نېمە ئىش قىلىسەن؟

ــ ساڭا ياردەملىشىپ ئېتىز ئىشلىرىنى قىلىمەن.

ــ ئاتاڭ ئوقسا نېمە دەر.

ــ ئوقۇشۇمۇ تازا ياخشى ئەمەس. ئوقۇسامۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغىنىم ئېنىق. ئاتامۇ بىر نېمە دەپ كەتمەس، ساڭا ياردەملەشكىنىمدىن خۇشال بولامدۇ تېخى.

شۇ ئەسنادا گەپنىڭ ئۈستىگە بوۋام كىرىپ كەلدى.

ــ ھەممىسى مېنىڭ خاتالىقىم، سېلىمىخان. باللارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى مەن بەرمەكچى ئىدىم، ئۇلارغا ئوقۇش باشلىنىغاندىلا پۇل كېرەك بولىدۇ دەپ پارچە ـ پۇرات پۇل بېرىپ

بۇنداق بولارىنى بىلمەيتمەن. يا سىز بىزگە پۇل دەپ گەپ قىلماپسىز.

— ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، بوۋا. ئورنىغا كەلمەيدۇ.

— نېمە، ئورنىغا كەلمەيدۇ؟ سەن تېخى چېچەكتىن چىقمىغان غورا تۇرساڭ! ئوقۇيسەن، كىچىككىنىڭدە ئاسماندا ئۇچسام، دەيتتىڭغۇ؟ ئاسماندا ئۇچىدىغان ئۇچقۇچى بولۇش ئۈچۈن ياخشى ئوقۇشۇڭ كېرەك... مۇشۇنداق ئىمتىھانلارغا قاتناشمىساڭ قانداق ئۇچىسەن؟

— قارىغاندا ئاسماندا ئۇچىدىغىنى ئوسمان ئوخشايدۇ ...

— سەنمۇ ئۇچىسەن!

— ئابابەكرى ئاكام ماشىنا ھەيدەيدۇ، — دېدى خېلىدىن بېرى چەتتە كۆزلۈك چۆجىدەك دۈگدىيىپ تۇرغان خالىدەم.

— كوڭكىنىمۇ ھەيدەيدۇ. ئاسماندىمۇ ئۇچىدۇ.

— شۇنداقمۇ بېشى چوڭلۇق قىلغان بارمۇ؟ سەككىز يىل ئوقۇپ...

ئاكامنىڭ سەككىز يىل ئوقۇپ، ھالقىلىق ئىمتىھانغا 55 يەننى تۆلىيەلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن قاتناشمىغانلىقى ئاپامغا ھار كەلدى. ئۇ ۋاقىتىدا ئاتام مەكتەپلەرگە ياردەم قىلىپ تۇرغانغۇ؟ شۇنى ئويلايدىغان بىرەر ئادەم چىقمىدىمىكىن؟...

خېلى كۈنگىچە ئاپام ئاكامنىڭ ئوقۇشى ھەققىدە گەپ قىلمىدى. ئاپامنىڭ ياداڭغۇ چىرايىدىن، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن تولا باش قاتۇرۇپ چارچىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئاپامنىڭ كۆزىنىڭ ئەتراپىدا قورۇقلار كۆپىيىپ قالغان بولۇپ، كۆلسە تېخىمۇ روشەنلىشىپ قالاتتى. ئاپامنىڭ غەمكىن ھالىتىدىن مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كۆزلىرىمگە ياش كەلدى.

ئاكاممۇ دېگىنىدە تۇردى. قاچان مەكتەپكە بارمىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆينىڭ ئېغىر ئىشىنى ئۈستىگە ئالدى.

شۇ كۈنلەردە ئىچىمنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك تىتىلداپ، ئۆزۈمچە جىملە بولىدىغان بولۇپ قالدىم. ئوقۇيدىغان

كىتابلىرىمنى ئالدىنى ئۈچ ـ تۆت قېتىمدىن ئوقۇپ بولدۇم، شۇنداقتىمۇ يەنە كۆڭلۈم ئېچىلمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. قېرىشقاندەك ھاۋا كۈندىن ـ كۈنگە قىزىپ كېتىۋاتاتتى. ئىسسىقتا ھېچ ئىش خۇشياقمىغانسېرى، ئەتىگەندە ئۇيقۇمنى ئاچالمايلا قالدىم. چۈشتە ئۈچ ـ تۆت سائەت ئۇخلاپ ئويغانساممۇ ئۇيقۇم يەنە ئېچىلمايتتى.

ــ ئوسمان، تولا ئۇخلايدىغان بولۇپ قالدىڭ، بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئاكام مېھرىبانلىق بىلەن.

ــ ياق، ئۇيقۇم كېلىپلا تۇرىدىغۇ تاڭ!

ــ ئۇيقۇڭ كەلگەن بولسا، قورسىقىڭغا بىر نەرسە يەۋېلىپ ئۇخلا، ئاچ قورساق ئۇخلاپ قالما. ئىسسىق ئۆتۈپ قالدۇ.

ــ نېمىشقا شۇنداق ئۇيقۇچى بولۇپ قالغاندىمەن؟ بۇرۇن خېلى سەھەر تۇرالايتتىمغۇ!

ــ نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟

ــ ئوسماننىڭ ئۇيقۇچى بولۇپ قالغانلىقىنى دەيمەن، ئاپا.

ــ ئۇخلىسۇن، بالىلارنىڭ بويى ئۆسىدىغان مەزگىلدە شۇنداق ئۇيقۇچى بولۇپ قالىدۇ دەپ ئاڭلىدىم. قارىغاندا بويۇڭ ئۆسىدىغان ئوخشايدۇ.

ــ ھېلىمۇ مەن بىلەن تەڭلىشىپ قالدى. مېنىڭدىن ئېگىز بولامدۇ نېمە؟

ــ سەنمۇ ئۆسىسەن. ئادەم 24 ياشقىچە ئۆسىدىكەنغۇ.

ــ ساۋۇت ئاكىلار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىر قورۇلۇشىنى ھۆددە ئاپتۇ، شېغىل تاسقايدىغان ئىشى بار ئىكەن. ئىش ھەققىمۇ يامان ئەمەسكەن. مەن بارسام كىچىك دېمەي چوڭلارغا ئوخشاش پۇل بەرگۈدەك.

ــ ياق، تاشقا چىققان كۈچ قايتىپ كەلمەس، دېگەن گەپ بار. ساڭا شېغىل تاسقايدىغان ئىش ئاساندەك بىلىنگەن بىلەن ئېغىر ئىش ئۇ. سېنى ئۇنداق ئېغىر ئىشقا سېلىپ قويۇپ، قانداقمۇ خاتىرجەم ئولتۇرالايمەن. ئاتاڭلار ھاياتلا بولسا قايتىپ

كېلىدۇ. ئاتاڭلار قايتىپ كەلسە، كۆڭلىرىمىز ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، ئۈمىدۋار بولۇڭلار، باللىرىم.

ئاكام شۇنداق قىلىپ بىر كۈن تاڭشۇرۇلۇپ بەيگىگە چۈشەلمىگەن ئاتتەك، سەككىز يىل ئوقۇپ، شۇنچە يىل ئوقۇغىنىڭنىڭ كۆچىنى كۆرىدىغان ھالقىلىق ئىمتىھانغا قاتنىشالمىدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە توغرا قىلدىم دەپ ئويلىغىنى بىلەن بىراق مەن، بوۋام، مومام، ئاپاملار ئاكامنىڭ بۇ ئىشىدىن شۇنداق ئازابلاندۇق.



ئونىنچى باب

# چۈنچىدىكى سۈكۈت

## 1

ھە... چۈششۈ ! ... چۈششۈ ! !

ئاپام يېقىندىن بۇيان تولا چۈشكۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كېيىنكىسىمۇ بۇرۇنقىدەك دىققەت قىلمايتتى. بۇرۇن كىيىمىگە تېرىقچىلىك داغ چۈشۈرمەيتتى، ئۆيلەر ئاددىي ـ ساددا بولسىمۇ پاكىز تۇراتتى. ئاپامنىڭ ئاكامغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. بىراق ئۆزىنى ئۇنداق تاشلىۋەتمىسە بولاتتى. ئاپا دېگەن قانچە تېتىك، جانلىق، يېقىملىق بولسا، بالىلارمۇ شۇنچە جانلىق، روھلۇق بولىدىكەن. ئاپامنىڭ ھالىغا قاراپ ماڭىمۇ ئۆگىنىش قىلىش خۇشياقمايدىغان بولۇپ قالدى.

مەن ياز كېچىلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم. چوڭ بولۇپ قالغىنىمغا قارىماي، كىچىك چاغلىرىمدىكىدەك يۇلتۇزلار بىلەن مۇڭدىشاتتىم. بوۋام بۇرۇن كارۋانلارغا ياللىنىپ ئىشلىگەنىكەن. ئۇ چاغلاردا دالادا يېتىپ، دالادا قوپىدىغان، ھەتتا چۆل ـ باياۋاندا تىكەندەك يالغۇز قالىدىغان ئىشلار ئادەتتىكىدەك ئىش ئىكەن. بوۋام ماڭا شۇ چاغدىكى ئىشلىرى ھەققىدە نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىپ بەرگەنىدى. يۇلتۇزلار ھەققىدە پاراڭ بولسىلا بوۋامنىڭ «يازدا دالادا ياتماقچى بولساڭ يۇلتۇزغا قاراپ يات. يۇلتۇز ساڭا ھەمراھ بولىدۇ. بىز كارۋان تارتقاندا يۇلتۇز ھەمراھ بولاتتى...»

دېگەنلىرىنى ئويلاپ ئاسماندىكى كۆز قىسىپ قاراۋاتقان زەر كىرپىكلىك يۇلتۇزلارغا قاراپ قانمايتتىم.

ئاكام قاچانلاردۇر ئاتام ئېلىپ بەرگەن، نەچچە يىلدىن بېرى ئويۇقنىڭ بۇرجىكىدە توپا بېسىپ ياتقان گارموشكىنى چېلىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ قايسىدۇر بىر مۇڭلۇق كۈيگە چېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئايدىڭدىكى چىرايى تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇ يوتقانغا يۆلىنىپ، ئوڭ پۇتىغا سول پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ، ئاسمانغا كۆز تىككىنىچە بىر خىلدا چېلىۋاتاتتى. بىلسەم ـ بىلمىسەم ئاكام ئاتامنى سېغىنىپ، ئاتامنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ چېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆككە تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ئاققان ياش ئاي نۇرىدا كۈمۈشتەك يالتىرايتتى.

مەنمۇ ئاكامنىڭ مۇزىكىسىدىن بەھرىلەنگەچ، ئاتامنى خىيال قىلىپ، كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا كۆز تىكتىم. كۆز ئالدىمغا يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىنى دەسسەپ كېلىۋاتقان ئاتام كەلدى. ئاتامنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان تۇرقى يادىمغا كېلىپ ئاتامغا بولغان سېغىنىشىم ھەسسىلەپ كۈچىيىۋاتاتتى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار كۈلۈمسىرىگىنىچە «ئوسمان، ئاتاڭنى كۆردۈڭمۇ؟» دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. تۇرۇپلا ئاتام يۇلتۇز بولۇپ ئاسماندا چاقناۋاتقاندەك سېزىلەتتى.

— ئاكا، ماڭىمۇ گارموشكا چېلىشنى ئۆگىتىپ قويغىن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، بىراق بۇنىڭغا بېرىلىپ كېتىپ دەرسلەرنى تاشلىۋەتسەڭ بولمايدۇ جۇمۇ.

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول. ئۆيدە تېلېۋىزورمۇ بولمىغاندىكىن تاپشۇرۇقلارنى بىردەمدىلا تۈگىتىدىكەنمەن.

— ئەمىسە، ھازىردىن باشلاپ ئۆگەن، مېنى «ئۇستاز» دەيسەن جۇمۇ؟

— ماقۇل، ئۇستاز !

ئەمدى مەنمۇ گارموشكا چالىدىغان بولدۇم. ئاغىنىلىرىمدىن ئەنۋەر بىلەن غالىبىمۇ مېنىڭ گارموشكا چالغىنىمغا ھەۋەس قىلىپ، بەزىدە قولۇمدىن ئېلىپ كەلسە ـ كەلمەس پەدىگە چېلىپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. غالىب ئاتىسىغا «ساز چېلىشنى ئۆگىنىمەن » دەپتىكەن، ئاتىسى ئۇنىڭغا بىر دۇتار ئېلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدا، كارىزنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرىدىغان ئابلا ئاكىدىن دۇتار چېلىشنى ئۆگەنمەكچى بولدى. ھەممىدىن ئۇۋۋال بولغىنى ئەنۋەر بولدى. ئۇنىڭ بوۋىسى «ساز دېگەن شەيتاننىڭ نەغمىسى، سازچى بولىمەن دېگۈچە ‹ھەپتىيەك›نى ئۆگەن ... !» دەپ ئۇنىڭ ئارزۇسىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپتۇ. ئاتىسى ئېلىپ بېرەي دېسىمۇ قېيناتىسىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ئېلىپ بەرمەپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئەنۋەر يەنە بەزىدە غالىبنىڭكىگە كىرىپ دۇتارنى تىرىڭلىتىپ بېقىپ، بەزىدە بىزنىڭكىگە كىرىپ، گارموشكىنى پۇۋلەپ بېقىپ ساز چېلىش خۇمارىنى بېسىپ يۈردى.

## 2

يازلىق تەتىل بولغاچقا، ئىككى سىڭلىمنى ئېلىپ، كۆندە بىر ھارۋا ئوتۇن تېرىپ كېلەتتىم. ئىسسىق دەستىدىن، ئىككى مەڭزى توغاچتەك قىزارغان سىڭىللىرىمغا قاراپ، ئىچىم سىيرىلاتتى. ئۇلارنىڭ دوستلىرى شۇ تاپتا سالقىن يەردە مېھماندارچىلىق ئويناۋاتقاندۇ، سىڭىللىرىم بولسا ئۆينىڭ ئىشىنى قىلىش بىلەن ئاۋارە، شۇنداقتىمۇ بىز ئوتۇن تەرگەن ئورماننىڭ يېنىدىكى ئېرىقتا سۇ ئاققان بولسا، قۇم ئېرىقتا بىردەم ئوينىۋېلىپ ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇراتتۇق. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يېقىملىق سايراۋاتقان چىرايلىق قۇشلارنى كۆرۈش ئۈچۈن بولسىمۇ ئوتۇن تەرگىلى چىقىدىغان بولدۇق. بىزنىڭ بۇ

ئىشىمىزدىن ئاپامۇ ناھايىتى خۇش بولاتتى.
— ئوتتۇن تەرگەن باي بولار، دېگەن گەپ بار. ئوسمان، قارىغاندا سەن باي بولىدىغاندەك قىلىسەن.
— بىزچۇ، ئاپا؟
— سىلەرمۇ باي بولىسىلەر. قىز بالا ئوتتۇن تەرسە بەختى كېلىدۇ.
— ئاتىمىز تېزرەك كەلسىلا بولدى.
— ئاتاڭلارمۇ كېلىپ قالار. ئۇنىڭمۇ سىلەرنى كۆرگۈسى كېلىپ كۆزى تۆت، كۇندۇزلىرى پۇچىلىنىپ، كېچىلىرى سوغا چۇشكەن داڭگالدەك ئېزىلىپ يۈرىدىغاندۇ.
— ئاتام كەلسىلا بولمىدىمۇ؟ خەقلەرمۇ ئاتامنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشىۋاتىدىغۇ؟
— ئۇغۇ شۇ. جامائەتمۇ «ئابلىز قارىدىن تېلېفون، تېلېگرامما كەلسە، يېنىپ كەل دەڭ، جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دېدى. ئۇزۇممۇ نېسىگە ساتقانلاردىن ئون نەچچىسى، بىز پۇلنى دەرھال بەر دېمەيمىز، ئادەم دېگەن ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىمايمەن دېگىلى بولمايدۇ، ئابلىز ئاخۇندىن بىرەر خەۋەر بولسا يېنىپ كەلسۇن... دېدى.
— جاھاندا ئاجايىپ ياخشى ئادەملەرمۇ بار ئىكەن.
— يامان ئادەملەرمۇ بار.
— بىراق، بىز خەقتىن ئاغرىنساق بولمايدۇ، بالىلىرىم.
— ئاتام نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟
— بەلكىم، بىرگە يۈز كېلەلمەي، پۇلنى تېپىپ بولۇپ بىراقلا باراي دەيدىغاندۇ. ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ گېپىمگە كىرمىگىنىگە پۇشايمان قىلىشىۋاتقاندۇ... شۇنچە كۆپ ئۈزۈمنى «ئىككىگە بۆلۈپ مېڭىڭ» دېسەم ئۇنىمىغانىدى... بىر قېتىملىقنىڭ پۇلى يوق بولسىمۇ، قەددىنى رۇسلىۋالاتتى.. شۇ چاغدا گېپىمدە چىڭ تۇرغان بولسام بوپتىكەن...

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بىزنىڭ كارىزدا ئۈزۈم ئۈزۈش ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى. بىز ئاۋۋال ئاپامغا قوشۇلۇپ بوۋاملارنىڭ ئۈزۈمىنى، ئاندىن ئابلىمىت كىچىك ئاتاملارنىڭكىنى، ھاۋاخان ئاپاملارنىڭكىنى ئۈزدۇق. ئۆزئارا بىرلىشىپ ئوپچە ئۈزسە ھەم تېز، ھەم ۋاقتىدا ئۈزۈپ بولغىلى بولاتتى. بۇنداق بولغاندا ئۈزۈملەرنىڭ قۇرۇشىمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولمايتتى. ئۈزۈم ئۈزۈشنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك ۋاقتى ئۆزىراپ قالسا، ئالدىدا ئاسقان ئۈزۈملەر قۇرۇپ قاقشال بولۇپ، كەينىدىكىسى قۇرۇماي، ئۈزۈمنىڭ سۈپىتىگىمۇ تەسىر قىلاتتى.

ئۆزىمىزنىڭ ئۈزۈمىنى ئۈزگەندە چىشىمنى چىشلەپ ئۈزۈم توشۇپ ئۆلگۈرتتۇم. كىچىك ئاتاملارنىڭ ئۈزۈمىنى ئۈزگەندە نەۋرە ئىنىم خالىت ئۈزۈم توشۇشنى ئاسان كۆردى بولغاي «مەن ئۈزۈم توشۇيمەن» دەپ تۇرۇۋالدى، كىچىك ئاتامنىڭ توسىقىنىغا ئۇنىماي ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

— سەن ئۆزۈڭچە ئۈزۈم توشۇشنى ئاسان كۆرۈۋاتامسەن؟ بىر كۈن چىدىساڭ چوڭ گەپ. كۆرۈپ باقايلى، « ۋاي ئاتا، ئۈزۈم ئۈزەي » دەپ يىلىنمىغىنىڭنى بىر كۆرەي.

— چاتاق يوق، تىنچىق ئىسسىقتا تەرلەپ ـ پىشىپ ئۈزۈم ئۈزگەندىن ھارۋىدا مېڭىپ، سالقىندىغاچ ئۈزۈم توشۇش دېگەن قانچىلىك ئىشتى؟!

— ئۈزۈم توشۇدۇم، دەپلا توشۇمايسەن. سېۋەتلەرنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئۆلگۈرتىسەن، ئاستا توشۇپ سېۋەتلەرنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئۆلگۈرتۈپ بېرەلمىسەڭ ئىش ئاقساپ قالىدۇ.

— ئۇنى دېمىسەڭمۇ بىلىمەن.

— ماقۇل، ئەمىسە، ئوسمان، قامچىنى بەر ئۇنىڭغا. ئىككى كۈندە ئەمەس، بىر كۈندە «ۋاك» دېمىگىنىنى مەن بىر كۆرەي.

راست، كىچىك ئاتام دېگەندىكىدەك خالىت بىر كۈن چىدىمىدى. چۈشتىن بۇرۇن شۇنداق چەبدەسلىك بىلەن ئىش

قىلغان خالىت چۈشتىن كېيىنكە بارغاندا سېۋەتلەرنى ئۆلگۈرتەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «سېۋەتلەرنى يول ياقىسىغا ئېلىپ چىقىپ بەرسەڭلار» دەپ تۇرۇۋالدى. دېگىنىدەك قىلدۇق، شۇنداقتىمۇ چىدىماي ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. مەن يەنە قامچىنى قولۇمغا ئېلىپ ئۆزۈم توشۇدۇم.

كۆڭۈللۈك يازلىق تەتىلمۇ تۈگىدى. ئۆزۈم ئۆزۈش ئىشىمۇ ئاخىرلاشتى. بىزنىڭ ئوقۇش پۇلىمىزغا ئاپام قارا ئۆزۈمنىڭ پۇلىنى تەييارلاپ قويغانىكەن. بىرلا قېتىمدا ھەم ئوقۇش پۇلى، ھەم كىتاب پۇلىنى بېرىۋەتتۇق. ئىككى سىڭلىمنىڭ مەكتەپتىن كېلىپلا بىر يەرگە كېلىپ مۇزاكىرە قىلىشى يەنە باشلاندى. ئاتام ئۇلارنىڭ «ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»، «ئەلاچى ئوقۇغۇچى» بولۇپ تەقدىرنامە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى!

ئۆزۈملەر قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئولاش ـ چولاش ئۆزۈم چۈشۈردۇق. يېشىل ياقۇتتەك ئۆزۈملەرنى پارلاۋاتقاندا، جىق پۇل بولىسكەن، دەپ كېتىمىز. مانا بۇ يەكشەنبە ئۆزۈملەرنى چۈشۈرۈپ بولۇپ، ئۇھ دەپ ئولتۇرۇپ مومام چۈنچىگە ئەكەلگەن مانتىنى ئېغىز تېگىشىمىزگە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا جىگدەكارىزلىق ئوسمان تۆگە دېگەن كىشى كېلىپ قالدى. ئۇ كىشىنىڭ چىرايىدىن بىر خىل مىسكىنلىك، غەمكىنلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. قولىدىكى «ھۆججەت»نى ئاپامغا ئۇزىتىۋېتىپ:

— خاپا بولمىسىلا، سىلىمخان، ماڭىمۇ ئامال يوق بولۇپ قالدى. بۇ ئۆزۈملەرنى مەن ئالسام. ھۆججەتنى ئالسىلا، قانچىلىكى ئۆدۈل كەلسە شۇنچىلىكىنى ئالاي، — دېدى ھېلىملا يىغلىۋېتىدىغاندەك تەلەپپۇزدا.

مەن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بوۋام بىلەن كىچىك ئاتامغا خەۋەر قىلدىم. كىچىك ئاتام ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ، بوۋام ئىككىمىزنىڭ ئالدىدا يۈرۈپ كەتتى. بوۋام ئىككىمىز كەلسەك ئۇ كىشى

خالتىلارنى ساناپ جىڭلىغىلىۋېتىپتۇ.

— ئوسمانئاخۇن، گەپ بولسا يولىدا بىرنېمە دېيىشەيلى.

— مېنىڭغۇ ئۇنداق قىلغۇم يوق ئىدى. ئۈچ ئوغلۇم ئاچچىقلىنىپ ھۆرپىيىشىپ تۇردۇ. ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا، سەن بىر كىلو ئۈزۈمدىن بىر كوينى دەپ ئۈچ تونىنا ئۈزۈمنىڭ پۇلىنى كۆككە سورۇۋەتتىڭ، دەپ تىللىشىدۇ. بالا دېگەن غەرەز ئۇقسا بالىكەن، بولمىسا بالا ئىكەن...

— بۇ ئۈزۈملەردە ئابلىزنىڭ ھەققى يوق، ھەممىسى سىلىمخاننىڭ ئەجرى...

— بىلىمەن. مېنى ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ قىستىغىلى كەلدى دەمدىلا، مەنمۇ ئامالىنىڭ يوقىدىن كەلدىم.

— بۇنى بىزمۇ ئاۋۋال كىمنىڭ قىيىنچىلىقى بار بولسا شۇلارغا ئاز ـ ئازدىن بولسىمۇ بېرىپ تۇرايلى، دېيىشكەن. ئۆزلە ھەممىنى ئېلىۋالسىلا قانداق بولار؟

— مېنىمۇ تەڭلىكتە قويۇشمىسىلا، مەنمۇ تەس كۈنگە قالدىم. بالىلار، يا ئۈزۈمنى، يا ئۈزۈم پۇلىنى تاپمىساڭ ئۆيدىن چىق، دەپ قوغلىدى. 30 يىل بىر ياستۇققا باش قويغان ئايالىممۇ قاپىقىنى ئاچمايدۇ... ماڭا نېمە تارتقۇلۇق بۇ...

ھەممىمىز بىرى جىم تۇرۇشقا بۇيرۇغاندەك جىم تۇرۇپ قالدۇق.

— خاپا، بولمىسىلا سىلىمخان، رازى بولسىلا، مەن ئابلىز ئاخۇندىن، سىلەردىن مىڭ مەرتىۋە رازى. نەچچە يىلدىن بېرى ئۈزۈملىرىمىزنى ئوبدان پۇل قىلىپ بەرگەنىدىلە، نان بەرگەن قولنى چىشلىگەندەك ئىش قىلدىم. يېرىمىنى ئالاي. بالىلارنىڭ رىزقى... بۇ ئۈزۈمنى ئېلىپ بارمىسام، بالىلار بېشىمنى توپ قىلىپ تېپىپ ئوينايدىغان ئوخشايدۇ. ھە دېسە، بىزنىڭ گېلىمىزمۇ گال، خەق يېگەننى يەيمىز... دەپ تۇرۇۋالدۇ.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بوۋاممۇ لام ـ جىم دېمىدى. ئۇنىڭغا



چۈنچىدىن خالتىلارنى ھارۋىسىغا سېلىشىپ بېرىدىغان ئادەم چىقمىدى. ئاپام، بوۋام، ئاكام، سىڭىللىرىم ھەممىمىز نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئوسمان تۆگىنىڭ ھارۋىسىنىڭ كەينىدىن قاراپلا قالدۇق. بىزنىڭ بىر يىللىق ئەجرىمىز ئوسمان تۆگىنىڭ ھارۋىسىدا كېتىۋاتاتتى. ئەتىگەنكى خۇشاللىق قايغۇغا ئايلاندى. بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز ئوسمان تۆگىنىڭ ھارۋىسىدىكى خالتىلارغا قاچىلىنىپ توپىلىق يولدا كېتىپ قالدى.



## ئون بىرىنچى باب

# «ئاق ئالتۇن»

قىشنىڭ ئۇزۇن، سېھىرلىك كېچىلىرى باشلاندى. بىزنىڭ كارىزدا دېھقانلار يەرلىرىنى ئاساسەن تەكلەشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاشلىق تېرىمايتتى. ئاشلىق تېرىسا يەردىن ئالىدىغان ئاشلىق تەكتىن چىقىدىغان ئۇزۇمنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيتتى. بىراق، تەك قىلىش تەسرەك يەرلەرگە كېۋەز تېرىيتتى. كارىزدا جان سانىغا بىرەر مودىن كېۋەز يېرى توغرا كېلەتتى. بىزمۇ نەچچە مو كېۋەزگە تايىنىپ كىرىم قىلاتتۇق.

كارىزدا كۆپىنچە كىشىلەر كېۋەزلىرىنىڭ ئۈچ تېرىم پاختىسىنى تېرىۋېلىپ غوزىسىنى تاشلىۋېتەتتى. لېكىن ئاپام مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، باشقا ئاياللار ئىسسىق كاڭدا ئولتۇرۇپ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغاندا، ئېتىزدا پاختا، غوزەك تېرەتتى. مەنمۇ دەم ئېلىش كۈنلىرى ئاپامغا ياردەملىشىپ غوزەك تېرىشىپ بېرەتتىم، بۈگۈن ھەممىمىز ئولاش ـ چولاش غوزەك تەرگىلى چىقتۇق. بىرەر سائەت تېرە ـ تەرمەي، قاتتىق سوغۇقنىڭ دەستىدىن قوللىرىم ئۇششۇپ، غوزەكنى تۇتالماس بولۇپ قالدى.

ــ ئاپا، ئوت يېقىپ ئىسسىنىۋالايلىچۇ، بەك توڭلاپ كەتتىم ! ــ دېدىم سوغۇقتا چىدىماي.

ــ كېلە ـ كەلمەي توڭلىدىڭمۇ «يازلىق يىگىت»، ــ ئاپام شۇنداق دېگىنىچە يانچۇقىدىن سەرەڭگە چىقىرىپ ئېرىقنىڭ ئىچىگە بىر قولتۇق ئوتۇن سېلىپ ئوت ياقتى.

ئوتنىڭ ئىسسىقى قولۇمغا، ئۇششۇپ قالاي دەپ قالغان مەڭزىلىرىمگە شۇنداق خۇشياقتى. ئوتنىڭ يالقۇنى جېنىمغا جان قوشۇۋاتقاندەك شۇنداق راھەتلىنىپ كەتتىم. ئاكام بولسا ئارام ئالماي، تەپچە چېپىۋاتاتتى. مەن ئىككى سىڭلىم بىلەن ئىسسىنىپ ئولتۇرغاچ ئاپامنىڭ قانچىلىك جاپالىق ئەمگەك قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتۇق.

— ئابابەكرى ئاكا، سەنمۇ ئىسسىنىۋال! — دېدى خۇرشىدەم ئاكامغا قاراپ.

— مەن توڭلىمىدىم.

— مۇشۇ سوغۇقتا توڭلىمىدىم دېسەڭ كىم ئىشىنىدۇ؟

— قارا، تەرلەپ قىزىپ كېتىۋاتىمەن. بېشىمدىنمۇ ھور چىقىۋاتىدۇ، — دەپلا بېشىدىن قۇلاقچىسىنى ئېلىۋەتتى.

— مەن قاچانمۇ سەندەك توڭلىمايدىغان بولارمەن؟

— سەنمۇ چاققان ھەرىكەت قىلىپ كۆچەپ ئىشلىسەڭ بىردەمدە تەرلەپ كېتىسەن. توڭلىدىم دەپ ئولتۇرساڭ، سوغۇق سېنى بوزەك قىلىدۇ.

....

ھەممىمىز گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ قوشۇقلۇق نان بىلەن قورۇق ئۇزۇمنى مەززە قىلىپ يېدۇق. خالىدەم ئاپامنىڭ ئېتىكىدە تۇرۇپ پۇتىنى ئىسسىتالماي ئاۋارە ئىدى. مەن چوغ ئۇستىدىكى ئىس چىقىۋاتقان بىر تال تەپچىنى ئېلىۋېتىپ تۇرۇپ ئاپامغا:

— ئاپا، بولدىلا غوزىسى ئازكەن، ئەمدى تەرمەيلىچۇ، — دېدىم جاپا تارتقىنىمىزغا تۇشلۇق پاختىغا ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ.

— پاختا دېگەن ئاق ئالتۇن. ئۇنداق دېمە. بىر تال تەرسەڭ بىر تالنىڭ پايدىسى بولىدۇ.

— ئۇنداقتا بۇ غوزىلارنى تەرمىگەنلەر ئاق ئالتۇنلىرىنى تاشلىۋېتىپتۇ ـ دە؟

— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ.
— ئۇنداقتا نېمە قارا ئالتۇن بولىدۇ، ئاپا؟ — خالىدەم تاسادىپىي سوراپ قالدى.
— كۆمۈر.
— كۆمۈر قانداقسىگە قارا ئالتۇن بولىدۇ؟
— كۆمۈر بولسا ئۆي ئىسسىق بولىدۇ. سىلەر يازىچە تەرگەن ئوتۇنمۇ بىر ھېسابتا ئالتۇن. قولغا سالغان ئالتۇن ئۈزۈك، بىلەزۈكلەرنىلا ئالتۇن دەپ قالماڭلار. بىزگە بايلىق، خۇشاللىق ۋە ئىللىقلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئالتۇن.
— قېنى، ئاق ئالتۇن تېرەيلى!
— ئاق ئالتۇن تېرىپ ئاپامغا ئاق ئالتۇندىن ئالتۇن زەنجىر سېلىپ قويايلى.
ئارىدا نەچچە كۈن قار ياغقاندا ئاپام، ئاكاملار ئېتىزغا بارمىدى. قار توختىشىغا سوغۇق شامال چىقىپ ئېتىزدا تۇرۇش مۇمكىن بولماي قالدى. ئۇنداق كۈنلەردە ئاپام، ئاكام ئىككىسى ھېلىقى غوزىلارنى چۆلەپ ئۆيدە ئولتۇراتتى. سىڭىللىرىم، مەنمۇ مەكتەپتىن كېلىپلا غوزا چۆلەشكە كىرىشىپ كېتىپ، ئاپامنىڭ بىر - بىرىدىن قىزىق چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ يېرىم كېچە بولۇپ كەتكىنىنى تۇيمايتتۇق. قوللىرىمىز يېرىلىپ كەتمىسۇن دەپ، ئاپام بارماقلىرىمىزغا پلاستىر چاپلاپ قوياتتى.
— ئاپا، غوزەك چۆلەشتە بەسلىشەيلى، — دېدى خۇرشىدەم ئاكتىپلىق بىلەن.
— بولىدۇ، ئەمىسە مەن پاختامنى ئاۋۇ بۇلۇڭغا قويىمەن.
— مەن ماۋۇ سېۋەتكە قويىمەن.
— ئارقىدا قالغانلار ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن.
— بولىدۇ، گېپىمىز گەپ ئەمىسە جۇمۇ؟
بىزنىڭ مۇسابىقىمىز ئەنە شۇنداق باشلىناتتى. ئاپام خالىدەمنى ئاياپ «مېنىڭ پاختام ئاز ئىكەن » دەپ يىغلىمىسۇن

دەپ چۈلگەن پاختىسىنى پات ـ پات خۇرشىدەم بىلەن ئاكام ئىككىسىگە تۇيدۇرماي سىپۋەتلىرىگە سىلىپ قوياتتى.

مەن بەزىدە غوزەك چۈلەش ماشىنىسى كەشىپ قىلىشنى ئويلاپ، خىيالىمدا ئۆزۈمچە نۇرغۇن زاپچاسلارنى لايىھىلەپ چىقاتتىم. ئىشقىلىپ مەن نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلارنى خىيال قىلاتتىم.

— ئوسمان، نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسەن؟ قارا، خۇرشىدەم ئالدىڭغا ئۆتۈپ كېتەي دەپ قالدى.

— غوزەك چۈلەيدىغان ماشىنا كەشىپ قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن.

— ئىش ئېغىر كەلسە يىراقتا قارىغاندەك گەپ قىلىدىكەنسەن، بالام. خۇشياقمىغان بولسا بولدى قىلايلى.

— ياق، ئېغىر كېلىدىغان ئىش يوق. ئۆزۈمچىلا شۇنداق بىر ماشىنا بولسا، بىزمۇ بارماقلىرىمىزنى يېرىپ ئولتۇرمايتتۇق، سوغۇقتا جاپامۇ تارتمايتتۇق، دەپ ئويلاپ قالدىم.

— سەن ئۇ نەرسىنى كەشىپ قىلساڭ بۇ ئاق ئالتۇنلار بىزگە ئاشامتى؟

— ئۇغۇ شۇ.

— قېنى، مۇسابىقىنى داۋاملاشتۇرايلى.

پەقەت خالىدەمنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ مۈگدىگەندىلا مۇسابىقىنى توختاتتۇق ـ دە، ئاكامغا پاختىلىرىمىزنى ئۆلچەتتۇق، دېگىنىمىز بويىچە كىمنىڭ ئاز بولسا شۇ نومۇر ئورۇنداپ بېرەتتى. خۇرشىدەمنىڭ دائىم دېگۈدەك ئاز بولۇپ قالاتتى. ئۇ چىدىماسلىق قىلىپ ئۆلچەمنى بىزنىڭكىدىن بىر ـ ئىككى كىلوگرام ئاز بولۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى.

— قېنى خۇرشىدەم، ناخشاڭنى باشلا، ھەممىدىن سىنىڭ ئازكەن.

— ئىشەنمەيمەن. خالىدەم شۇنچە مىسلداپ چۈلىسىمۇ

پاختىسى مېنىڭكىدىن جىق بولامدۇ؟

— جىڭغا ئېشىنەمسەن، تۇيغۇڭغىمۇ؟

خۇرشىدەم گەرچە ئىشەنمىسىمۇ، يەنىلا ناخشا ئېيتىشقا مەجبۇر بولاتتى.

رەيھانگۇلنىڭ كۆينىكى قىزىلدۇر،
بويى تۇرقى ھەممىدىن ئېگىزدۇر.

ئېگىزلىكى مۇنداق،
پاكارلىقى مۇنداق،
كەڭلىكى مۇنداق

...

ھەممىمىز ئۇنىڭ ناخشىغا ماسلاشتۇرۇپ قىلغان ھەرىكەتلىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

مەن كۈنلەپ ـ كۈنلەپ چۆچەك ئاڭلاشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم. ئاپامنىڭ بىزگە توختىماي چۆچەك ئېيتىپ بېرىشىدىن مەن ئۇنى چۆچەك زاۋۇتى ياكى كۈندە مېۋە بېرىدىغان چۆچەك دەرىخىمىكىن دەپ قالىمەن. بىر ـ بىرىدىن قىزىق، ئىبرەتلىك چۆچەكلەرنى قاچانلاردا، نەلەردە يۈرۈپ ئۆگىنىۋالغاندۇ دەپ ھەيران قالاتتىم. ئاپامۇ بىزنى زېرىكىپ قالىدۇ دەپ پات ـ پات چۆچەك، تېپىشماق ئېيتىپ بېرەتتى. بىزمۇ تېپىشماقنى ئويلا ـ ئويلا ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالاتتۇق.

بىر كۈنى ئاكام كىچىك ئاتام بىلەن بىللە بازارغا كىرىپ چۆلگەن پاختىلىرىمىزنى 1000 كويدىن ئارتۇق پۇلغا سېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كىچىك ئاتام ئاپام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ پاختا سودىسى قىلماقچى بولدى.

— سىڭلىمخان ئايلا، ئابابەكرى مەن بىلەن مېڭىپ باقسۇن. مۇشۇ 1000 كوينى دوملىتىپ پۇل قىلىپ باقسۇن. پاختا پۇلى

پاختىغا كەتسە، چىگىتى بولسىمۇ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى.
— ئابابەكرى قىلالارمۇ؟
— مەن بارغۇ؟ ئىككىمىز قىلىپ كۆرەيلى.
— سودا دېگەننى باشقىلار پايدا ئالىدىكەنغۇ دەپلا قىلىدىغان ئىش ئەمەس، ئۇكام. پاختىنىڭ دەرىجىسى...
— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا.
— يەخەس بولۇڭلار ئەمىسە.
ئاكاملار شۇ كۈنىدىن باشلاپ يىراق ـ يېقىندىكى كارىزلارغا بېرىپ غوزەك پاختىسى بولامدۇ، چاشقان، كۈسۈتكىلەر چىگىتىنى چىقىرىۋالغان پاختا بولامدۇ، غازاڭ پاختا بولامدۇ، ھەممىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئېلىپ خېلىدىن بېرى بوش تۇرۇۋاتقان مېھمانخانا ئۆيىمىزگە دۆۋىلىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن سېتىۋېدۇق، چىگىتىدىن سىرت 150 يۈەن پايدا قاپتۇ. ئاكام شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇمىدكە تولۇپ ئاتامنىڭ قەرزىنى بىراقلا تۆلىۋېتىدىغاندەك روھلىنىپ كەتتى.
— ئاپا، مەن بۇ سودىنى پاختا زاۋۇتى پاختا ئېلىشنى توختاتقۇچە قىلىپ كۆرەي، سەن ئېيتقاندەك راستتىنلا پاختا دېگەن ئاق ئالتۇنكەن ئەمەسمۇ.
— ئىختىيارىڭ، بىزغۇ سودىدا بىلىمىز سۇنغانلار. مەيلى ئۇرۇنۇپ كۆر. ئۇ پۇللارنى سەن تاپقان. پۇل پۇلنى تاپىدۇ ئەمەسمۇ.
مەن ئاپامنىڭ ئاق ئالتۇن دېگەن گېپىنىڭ مەنىسىگە يەتتىم، ئاكام ۋاقچە سودىغا مېڭىپمۇ بىر يېرىم ئايدا 700 كوي پايدا ئاپتۇ. چىگىتى ئۇنىڭ سىرتىدا تېخى، ئۇ پايدا ئالغان چىگىتىنىڭ يېغىلا بىزگە بىر يىل يېتەتتى. مەن ئاپامنىڭ «پاختا ئاق ئالتۇن» دېگەن گېپىنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتتىم.

# ئون ئىككىنچى باب

# ئاپامنىڭ خۇشاللىقى

## 1

گۈ ـ گۈ... گۈك، گۈ ـ گۈ... گۈك..

پاختەكلەر سايراپ باھار كەلدى. باش باھارنىڭ سەھەردە چىققان شامىلىنىڭ خېلى سوغۇقى بار ئىدى. يىلنىڭ ئىشى باھاردىن دەپ ھەممىلا كىشى جىددىي ئەمگەك قاينىمىغا چۆمگەنىدى، بولۇپمۇ تەك ئېچىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ تەكلەرنى ئوغۇتلاش ئۈچۈن قىغ توشۇش ئىشى باشلىنىپ كەتتى. تەكلەرنى كۈزدە ئوغۇتلىغانلارمۇ ئېرىنمەي قىغ يۆتكەۋاتاتتى. كارىزنىڭ ھەممىلا يېرىدىن قىغ پۇراپ تۇراتتى. لېكىن، قىغنىڭ قاڭسىق پۇرىقىدىن ھېچكىم سەسكەنمەيتتى. چۈنكى ئاشۇ قىغنىڭ كۈچىدىن تەكلەردە قارىسا كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان، يېسە تىلنى يارىدىغان «يېشىل ياقۇت»لار مېۋىلەيدۇ ئەمەسمۇ.

مۇشۇنداق ئالدىراش كۈنلەردە ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ چۆچەك ئاڭلىغان قىش كېچىلىرىنى سېغىنىدىم. بىرى موللا زەيدىندىن «قىشنىڭ نېمىسى ياخشى» دەپ سورىغانىكەن، «ئىسسىق ئوتى بىلەن چۆچىكى» دەپتىكەن. راست، قىشنىڭ شۇ چۆچىكى بىلەن جانغا راھەت ئىسسىق ئوتىنى دېمىسە، نېمە قىلىدۇ قىشنى سېغىنىپ. كونىلارنىڭ « قىشنىڭ گۈلى — ئوت» دېگىنىمۇ بىكار ئەمەسكەن.

ئەتىيازنىڭ ئاپتىپى كۆزگە سانجىلىپ تۇرسىمۇ، ئاپام

ياغلىقىنى تۇۋەن چىگىپ تەكتىن كەلمەي ئىشلەيتتى. بىزنى تېخىمۇ ياخشى كۆنگە ئېرىشسۇن دەپ، ئاپامنىڭ ئاچىسى ئىككى ئوغلاقلىق سۆتلۈك ئۆچكىدىن بىرنى بەردى. بوۋاملارمۇ ئىككى ئوغلاق بىلەن بىر ئۆچكە بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ خورشىدەم بىلەن خالىدەم ئىككىسى دوستلىرى بىلەن سېۋەتلەرگە ئوت ئېلىپ كېلەتتى. مەنمۇ بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، ئېتىزلىققا بېرىپ ئوتنىڭ ئوبدىنىنى ئېلىپ كېلىپ ئۆچكە، ئوغلاقلارغا بېرىدىغان بولدۇم. جۆجەم پىشقاندىن كېيىن، ئىككى سىڭلىمنى ئەگەشتۈرۈپ جۆجەملىككە بېرىپ جۆجەم تېرىپ كېلىپ ئۆچكىلەرنى جۆجەم بىلەن باقىدىغان بولدۇق. ئاپاممۇ تازا شىرنىسىگە تولۇپ پىشقان جۆجەمدىن ئىككى كوزا شىرنە قايناتتى. ئاپامنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن سەھەردە تېرىپ ئەكەلگەن جۆجەمدىن نەچچە سېۋەت جۆجەمنى ئۆگزىگە يېيىپ قۇرۇتۇپ قويدۇق. خورشىدەم بۇنىڭغا نارازى بولۇپ تۇمشۇقىنى ئۇچلىغانىدى، ئاپام:

— بۇنى قىشتا يېسەكمۇ بولىدۇ. يەنە شالدىرشاپقا قېقىپ تازىلىمايلا ئاۋۇ بوش يەرگە يېيىپ تىكىلار. ئۇنى قىشچە ئۆچكىلەرگە بەرسەك سەمرىيدۇ. سۈتىمۇ كۆپ چىقىدۇ، — دېدى.

— يەنە جۆجەم تېرىمىزمۇ؟ — دېدى خالىدەمۇ دومسىيىپ.

— جاپا تارتمىغۇچە ھالاۋەت يوق، غەيرەت قىلىڭلار... بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، بالىلىرىم، — دېدى ئاپام ئۇھسىنىپ.

بىزنىڭ تەككە سۇ كەلگەندە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاكامغا ھەمراھ بولۇپ تەكلىككە بىللە باردىم.

— سۇ ئازلاپ قالدى. مەن ئېرىق ياقىلاپ بېرىپ باقاي، قارىغاندا بىرىنىڭ ئېچىقى ئېچىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، — ئاكام شۇنداق دېگىنىچە كەتمەننى كۆتۈرۈپ گۈس - گۈس دەسسەپ كېتىپ قالدى.

كۈندۈزى يېشىل دېڭىزدەك كۆرۈنىدىغان تەكلىك ئەمدى

قارىيىپ قارا دېڭىزغا ئوخشاپ قالغانىدى. تەك شوڭلىرىنىڭ شامالدا شىلدىرلىشىدىن يۈرىكىم شۈركۈنۈپ قانداقتۇر غەلىتە مەخلۇقلار چىقىپ مېنى يەۋېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكلىكنىڭ شىمالىدىكى نەچچە رەت جىگدىلىك شامالدا تەۋرىنىپ تۇراتتى. مېنى قورقۇنچ باسقانچە قەيەردىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن ھۇۋقۇش سايرىغىلى تۇردى. ئاكام كەلمەيۋاتاتتى. ئاسمانغا قارىدىم. ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقنىشىپ تۇراتتى. بوۋامنىڭ «ئادەم دالادا يالغۇز قالغاندا يۇلتۇزلار ھەمراھ بولىدۇ» دېگەن گېپىنى يادىمغا ئېلىپ يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قاپتىمەن. بىر چاغدا ئاكامنىڭ ئىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قورقتۇڭمۇ؟

— قورقمىدىغان، ئەجەب كېچىكتىڭغۇ؟

— كېۋەزلىكنىڭ ئېرىقى ئېچىلىپ كېتىپ سۇ شۇ يەرگە ئېقىپ كېتىپتىكەن، ئاران ئوڭشىدىم. ئەمدى بىر دەمدە توشىدۇ.

— ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى.

— ئاۋۇ قىرنىڭ كەينىدە ئۇخلىۋال.

— چاقىدىغان نەرسە يوقتۇ ـ ھە؟

— يوق.

— مېنى تاشلاپ كېتىپ قالمايدىغانسەن؟

— سېنى تاشلاپ كەتسەم قورققىنىڭدىن يۈرىكىڭ يېرىلىپ كېتەر ھېلى. مەن دېگەن سېنىڭ ئاكاڭ، خاتىرجەم ئۇيقۇڭنى ئۇخلىغىن.

— چاقچاق قىلدىم دەپ، مېنى تاشلاپ كېتەمدىكىن دەيمىنا سېنى ...

— كىچىدە ئۇنداق ئېغىر چاقچاق قىلسا بولمايدۇ. خاتىرجەم ئۇخلاۋەر.

سۇنىڭ يېقىملىق شىلدىرلىشىغا جور بولۇپ ئاكامنىڭ

گارموشكىسى يېقىملىق ئەللەي ناخشىسىدەك مېنى ئەللەيلەشكە باشلىدى. گويا مېنى ئاپام ئەللەيلىگەندەك تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن.

— ئوسمان! ئوسمان!

— نېمە بولدى؟

— يۈر، ئىككىمىز تېز بېرىپ سۇنى ئېتىۋېتەيلى. ئۈچ ئېرىقنىڭ ئېچىقىنى ئېچىپ قويغانىدىم. ئېرىقتىكى سۇ ئۆزۈلۈپ قالغۇچە تەك ئېرىقىمۇ لىققىدە سۇغا توشىدۇ. تېز بول!

— ئاياغ تەرەپنى تەكشۈردىڭمۇ؟

— تەكشۈردۈم. چاققان بول! ئەمىسە ئۆلگۈرەلمەيمىز. بولمىسا سۇ زايە بولۇپ كېتىدۇ!

ئۇيقۇ مەستچىلىكتە ئېتىز يولىدا پۇتلىشىپ يۈرۈپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ماڭدىم. دېھقان بولماقمۇ تەس ئىكەن. كەتمەننى چاپسىلا بولىدىغان ئىش يوق ئىكەن. ئۇنىڭغىمۇ تېخنىكىدىن سىرت، يەنە چىدام، غەيرەت، جاسارەت... كېرەك ئىكەن ئەمەسمۇ؟

## 2

باراڭ ئاستىدىن ئۇستىگە قارىغاندا تەكتىكى سانجاق ــ سانجاق ئۈزۈملەر گويا ئاسماندىكى ئۈكەر يۇلتۇزدەك كۆرۈنەتتى، ئۈزۈملەرگە قارىغانچە كۆڭلۈم يېرىم بولدى. شۇنداق مىڭ بىر جاپادا ئىشلەپ تاپقان ئۈزۈملىرىمىز ئالدىنقى يىلدىكىدەك ئوسمان تۆگىنىڭ هارۋىسىغا چۇشۇپ باشقىلارنىڭ بولۇپ كېتەرمۇ؟ ياق، بۇ يىل ئۇنداق بولمىسۇن. ئۇنداق بولىدىغان بولسا مەن چىدىماي قالىمەن. ئاپام بازار نەرخىدە سېتىپ پۇلىنى بەرسۇن. باراڭ ئاستىغا كىرىپ بىر ــ بىرىدىن يوغان ساپاقلىق ئۈزۈملەرگە قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. هەر بىر ئۈزۈم دانىسىدىن بىزنىڭ جاپالىق

ئەجرىمىز كۆلۈمسىرەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ مەنمۇ ئۆزۈملەرگە قاراپ كۆلۈمسىرەپ كېتىپتىمەن. ئادەمنىڭ ئويى دېگەنمۇ ئاجايىپ ـ ھە !

يەنە ئالدىراش پەسىل باشلاندى. چۈنچىلەردە جۇشقۇن ھايات قايىندى. بىز يەنە ئاۋۋال بوۋاملارنىڭ ئۈزۈمىنى ئۈزدۇق. ئاندىن كىچىك ئاتاملارنىڭ ئۈزۈمىنى ئۈزۈشكە باشلىدۇق. بىزنىڭكىگە كەلگەندە بوۋام ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— سېلىمىخان، سىلەرنىڭ ئۈزۈمىڭلارنى بىزنىڭ ئۈزۈمىمىز قۇرۇپ بولغاندا ئۈزەيلى.

— نېمىشقا؟ — دېدى ئاكام.

— نېمىشقا بولاتتى. ئۆتكەن يىلقىدەك بولمىسۇن دەيمەن.

— ئۇنداقمۇ بولماس.

— ياق، ئادەمنىڭ ئىچىدە ئادەم بار. ئۈزۈملەرنى ئۆز قولۇڭلاردا سېتىپ ئاۋۋال كىمنىڭ قولى قىسقا بولسا شۇنىڭغا بېرىڭلار... — دېدى بوۋام.

— سىلەرنىڭ چۈنچىدىنمۇ ئېلىپ كەتسچۇ؟

— بىزنىڭ چۈنچىگە كىرىپ ئۈزۈم ئالىدىغان بولسا پاچە-قىنى چاقىمەن، — دېدى كىچىك ئاتام غەزەپلىنىپ.

— بېشى ئۇن ئەمەس، بىزنىڭ چۈنچىگە چىقىپ ئۈزۈم ئېلىۋالىدىغانغا، — دېدى بوۋام ئوسمان تۆگىنىڭ قىلغان ئىشىنى يادىغا ئېلىپ.

— بۇلتۇر ئاتام تۇتۇۋالمىغان بولسا، ئوسمان تۆگە دېگەن بىر نېمىنىڭ ئەدىپىنى ئوبدان بېرىپ قوياتتىم. ئۇنىڭ قىلغىنى قىپقىزىل بۇلاڭچىلىق ! — دېدى كىچىك ئاتام غەزەپتىن چىش-لىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

— بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئۈزۈمىنى ئالغان، ئۇكام، — دېدى ئاپام تۆۋەن ئاۋازدا.

— ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئالمىغان. ئۆزى ساتىمەن، نېسىگە ئال دەپ ئەكېلىپ بەرگەن ! سوتتا ئىشلەيدىغان ساۋاقدىشىمدىن

سورىغانىدىم. ھېچكىمنىڭ ئۇنداق قىلىش ھەققى يوق، دېدى. ئەمدى كىم شۇنداق قىلىدىكەن، سوتقا ئەرز قىلىسىلا بولغۇدەك... — دېدى كىچىك ئاتام سەل روھلىنىپ.

— بولدى، بولدى، خەق بىلەن يامانلىشىدىغان گەپنى قويۇڭلار. بۇ يىل سېلىمخانلارنىڭ ئۈزۈمى شۇنداق ئوخشاپتۇ. قارىغاندا ئىككى ئائىلىنىڭ «ھۆججەت» نى يىرتىۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا، ئىشنى پۇختا قىلمىساق بولمايدۇ. ھەرقانداق ئىشتا يېڭىلىك قىلساق بولمايدۇ... بوۋامنىڭ بۇ گەپلىرى بىلەن ھەممىمىز جىمىپ قالدۇق.

ئاخىر بىزنىڭ ئۈزۈمنى ئۈزدۇق. ئۈزۈملەرنى يىگىرمە كۈنچە كېچىكتۈرۈپ ئۈزگەن بولغاچقا شۇنداق شېرىنلىك بولۇپ كەتكەنىدى. ياقۇتتەك ئۈزۈملەر ئېسىلغان چاققىنىڭ سانى كۆپەيگەنسېرى ئاپامنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق شېرىنسىگە تولغان ئۈزۈمدەك جىلۋىلىنەتتى.

— ئاپا، ئۈزۈم بۇلتۇرقىغا قارىغاندا نەچچە چاققا ئارتۇق چىقىپتۇ؟

— ھەر نېمە بولسا بۇ يىل ئۈزۈمىمىز ئوخشاپتۇ.

— ئەجىرىڭلارنىڭ مېۋىسى، بالام. خەق بىر قېتىم ئوغۇتلىسا سىلەر ئىككى قېتىم ئوغۇتلىدىڭلار. ئېتىزدىن كەلمەي ئىشلىدىڭلار. ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، دەپتىكەن. ئىشلىدىڭلار، چىشلىمىسەڭلار بولمايدۇ ـ دە.

چۈنچىلەردىن ئۈزۈمنىڭ تاتلىق ھىدى يوقىلىشقا باشلىدى. دېمەك ئۈزۈملەر شىمىقىپ قۇرۇشقا باشلىغانىدى. كۈندە ئون نەچچە سودىگەر ئۈزۈم ئالغىلى كېلەتتى. ئۇلارنىڭ قويغان باھاسى ئاتام ئۈزۈم ئالغان باھادىن خېلىلا تۆۋەن ئىدى. چۈنچىدىكى ئۈزۈملەرنى تەخمىنەن ھېسابلاپ كۆردۈم. ئۇلار قويغان باھا بىلەن ھېسابلىسام نەچچە مىڭ كوي ئاز چىقتى. كۆڭلۈمدىكى ھېسابات ئاز چىقسا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، جىق چىقسا كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ

قالاتتى.

ئەتىسى سەھەردىلا بوۋام كىرىپ كەلدى.

— ھاي ئابابەكرى، ئوسمان، قېنى سىلەر؟

— نېمە ئىش، بوۋا؟

— قايسىڭلار بىكار بولساڭلار چۈنچىنى ئوبدان ساقلاڭلار !

— نېمە بولدى؟

— نېمە بولاتتى. قارلىغاچكارىزدىكى روزاخون قاۋانلارنىڭ چۈنچىسىگە ئوغرى كىرىپ 30 چاققىدىكى ئۆزۈمنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

— ۋاي، نېمە دەيدىغانلا، ئاتا.

— بۇ تەۋەدە ئۇنداق ئىش يوق ئىدى. كارىزدا ئوغرى يوق، دەپ بەخىرامان يۈرسەكمۇ بولمىغۇدەك.

— كۈندۈزىمۇ ساقلامدۇق؟

— كۈندۈزى مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىم بولمىغاندىكىن مەن ساقلاي. كەچتە ئابابەكرى بىلەن ئابلىمىت ساقلىسۇن. نۆۋەتلىشىپ چۈنچىگە قارايلى.

شۇنداق قىلىپ، كۈزنىڭ سالقىن، جانغا راھەت كېچىسى ئاكاملار چۈنچىدە ياتتى. چۈنچە ئادەتتە شاماللىق، ئېگىزرەك جايغا سېلىنىدىغان بولغاچقا كېچىسى تولىمۇ سالقىن ئىدى. ئاكامغا نەچچە قېتىم مەنمۇ چۈنچىدە ياتاي دېسەم ئۇنىمىدى. تاغامغا دېسەم، ئۇ كۈلۈپ كېتىپ:

— ئابابەكرىنىڭ ئۇيقۇسى سەگەك، «تىرىك» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئويغىنىدۇ. سېنى كارىۋاتقا قوشۇپ ئېلىپ كەتسىمۇ سېسىق ئوسۇرۇپ ياتىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ تېنىڭ ئاجىز، بۇ يەر سوغۇق، كېچىدە ئېچىلىپ قالساڭ ئاسانلا كېسەل بولۇپ قالىسەن، ئەڭ ياخشىسى سەن ئۆيدە يات، ئوقۇشۇڭغا تەسىر يەتمىسۇن. سەن ئاپاڭغا ياردەملىشىپ ئىككى سىڭلىڭنىڭ ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىل، — دېدى.

# 3

چۈنچىلەردە قۇرۇغان ئۈزۈمنى چاقىقىدىن چۈشۈرۈش باشلىنىپ، ھەممىلا ئادەم سەھەرنىڭ سوغۇق، سالقىن شامىلىدا سورۇپ، پارلاش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ھەممىلا خەقنىڭ ئاغزىدا ئۈزۈم باھاسىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان شۇم خەۋەر ئېقىپ يۈرەتتى.

— سودىگەرنىڭ خالتىسىدىكى ئۈرنەك ئۈزۈمنى دەيمەن. بىرى پارلاپ قويغاندەكلا، بىر قاراپ يالغانمىكىن دېگۈسى كېلىدۇ ئۇنى، — دېدى بىرەيلەن سودىگەرنىڭ قولىدىكى خالتىغا قاراپ.

— كىنو دېگەننىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ، دەپ، سودا دېگەنمۇ كىنوغا ئوخشاش. رەڭۋازلىق قىلىدۇ ئۇ خەق.

— مۇشۇنداق ئۈزۈم بولسا 10 كويدىن ئالىمىز، دەيدۇ. قىل قالدىمىغۇ مەنمۇ، شۇنداق ئۈزۈم قۇرۇيدىغان چۈنچىگە ئېلىپ بار، مەنمۇ ئالىمەن، دېگىلى.

— بۇ كارىزنىڭ ئۈزۈمى زىرىدەك كىچىك، قوتۇر قۇرۇپتۇ، دېيىشىپچۇ ھېلىقى ئۆمەر لاۋەننىڭ ئادەملىرى.

— قويە، ئۇ خۇمسىلارنىڭ گېپىنى. مېنىڭ ئۈزۈمىمگە ئالتە كوي باھا قويۇۋاتامدۇ، ئاچچىقىمدا، سىلەر ئۈزۈم ئالمىغۇدەكسىلەر، دەپلا گەپنى كېسىۋەتتىم.

— مېنىڭكىگە بەش كوي بەش مو باھا قويدى.

— شۇنداق باھا قويغان ئاغزىغا توپا تىقسا كىشى ! بۇ يەرلىكلەرنى چەت، بازار باھاسىنى بىلمەيدۇ دەمدىكى ئۇ گويلار ! بازاردا ئۈزۈمنىڭ كىلوسى يەتتە يېرىم كويدىن چۈشمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرساق بىز !

ئارىدىن بىرى:

— ھەي، ئابلىزغا كۆز تەگكەندەكلا ئىش بولدى. ئابلىز

بولغان بولسا ئۇنداق تۆۋەن باھا قويغاننىڭ كۆتىگە تېپەتتى، — دېدى. نىياز ئاكاممۇ كۆپچىلىكنىڭ ئاتامنىڭ قەدرىگە يېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— راست، ئابلىزنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈۋاتىدۇ، — دېدى.

...

بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىساق خۇشال بولۇپ كېتەتتۇق. كىم ئاتىسىنىڭ ماختالغانلىقىنى ئاڭلىسا خۇشال بولمايدۇ. ئاتاممۇ قىزىقكەن، بولغۇلۇق بولغاندىكىن ئىچكىرىدىن يېنىپ چىقسا بولمامدىغاندۇ؟ ئاتام سودىدا بۇرۇندىن كۆپ زىيان تارتىپ باقمىغاچقا ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەنمىدۇ يا؟ ئاتامنى مەن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، ئىشقا پىشقان دەۋاتسام ئۇنداقمۇ قىلىپ يۈرمەس.

قېرىشقاندەك ئۈزۈمنىڭ باھاسى ئۆرلىمەيۋاتاتتى. خالتىغا قاچىلاپ قويسا ئۈزۈملەر كاللەكلىشىپ، رەڭگىمۇ قارىيىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سودىگەرلەر خالتىلاردىكىنى بىرمۇ بىر تۆكتۈرۈپ ئالاتتى. بۇنداق قىلغاندا ئۈزۈملەرنىڭ ئادالانماي قالغان يىگىندەك شاكاللىرى بىر - بىرىگە سانجىلىپ ئۈزۈملەرنى ئاسانلا سېسىتىپ قوياتتى. مەنمۇ بەزىدە چۈنچىگە بېرىپ ئاكىلىرىم بىلەن ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلار، بۇ يىلقى ئۈزۈم باھاسى ھەققىدىكى ھەر خىل گەپلەرنى تىڭشاپ، خۇپتەن ۋاقتىدىن كېيىن يېنىپ كېلەتتىم.

ھەممەيلەن ئۈزۈم باھاسىنىڭ ئۆسۈشىنى كۈتۈپ ئۆتمەكتە ئىدى. چۈنچە ساقلاۋاتقانلار كەچتە بىر يەرگە جەم بولۇپ بۇ ھەقتە قىزغىن غۇلغۇلا قىلىشاتتى.

— قانداق بولۇپ كەتتى بۇ جاھان، ئاغىنىلەر؟

— قانداق بولاتتى، دېھقاننىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى.

— نېملا بولسا ماۋۇ ئۈزۈمنىڭ باھاسى ئۆسسە بولاتتى.

— ئۆسۈپمۇ قالار.

— ئابلىز بار چاغدا خويمۇ ئوبدانىتى. بۇنداق دېلىغۇل بولۇپ يۈرۈشنىڭ ئورنى يوقتى.

— شۇ، شۇنى دەيمەن.
— ئابلىز بار چاغدا تاغقا ئىشەنگەندەك ئىشىنىپ ئۆگىنىپ قاپتىكەنمىز.
— دەسلەپتە ئۇنىڭغىمۇ ئۇزۇم بەرمەي، خەقىقە ساتتۇق. تۇمشۇقىمىزغا يېگەندىن كېيىن ئابلىزنى ئىزدىدۇق. بىزگىمۇ ئاز. ئابلىز ئازراق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىۋىدى، چالما ـ كېسەك قىلىدىغاندەك يوپۇرۇلۇپ باردۇق....
— ماڭغۇ ئابلىزئاخۇن 100 كويلۇق قاچىلانغان لىق بىر چامادان پۇل كۆتۈرۈپ كېلىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ.
— دېگىنىڭ كەلسۇن نان يېمەس. ئەمدى نان يېگەندەك گەپ قىلدىڭ.
— لەقىمىم «نان يېمەس» بولغان بىلەن، سەندەك خەقنىڭ كۆتىنى كولايدىغانلاردىن ئەمەس.
— بەندە ئازىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا، ئابلىز ئاخۇنلارنىڭكىگە كىرىپ گىلەمنى ئېلىپ كەتكىنىمگە هازىرمۇ نومۇس قىلىۋاتىمەن.
— هېلىمۇ نومۇس قىلمايدىغان نېمىكەنسەن، ئەجەب سەت قىلىق قىلغانىدىڭ ـ هە. بىر كارىزدا ئولتۇرۇپ، ئاش ـ تۇز تېتىشىپ، شۇمۇ قىلىقمۇ؟
— سەن ئۇنداق دېگەن بىلەن ئۇ يىلى بىر يىللىق يەيدىغان، كىيىدىغان، ئوغۇت ئالىدىغانىنىڭ هەممىنى نېسىگە بېرىۋېتىپتىمەن ئەمەسمۇ؟ كىيىم دېگەننى يۇيۇپ، ياماپ كىيسە بولىدىكەن، ئوغۇتنىمۇ بىر ئامال قىلغىلى بولغان بىلەن قورساق يامانكەن ئەمەسمۇ، يا قورساقنى تەك شوڭغا ئىلىپ قويغىلى بولمىسا؟
— سىلەرمۇ نان يېمەس بولماپسىلەر ـ هە؟
— نېمە ئۇنداق «نان يېمەس» دەۋېرىسەن، سەن قوتۇرنىڭمۇ يېيىشى تايىنلىق. قاراپ باقە، نان يېگەن ئادەم دېگەن سوقا سەندەلدەك، يىلىكى تولغان بۇقىدەك ئولتۇرىدۇ مۇنداق.
— ئۇنى دېدۇق، بۇنى دېدۇق، يەنىلا بۇ كارىزغا ئابلىزدەك

بىر ئادەم كەمكەن.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئاكامنىڭ كۆڭلىگە بىر جىن كىردى بولغاي، چۈنچىلەرنى ئارىلاپ ئۈزۈملەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەتتى. ئاپتاپقا يېيىتىلغان قارا ئۈزۈملەرنىمۇ سېلىشتۇرۇپ كۆرەتتى. مەن ھەر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپلا چۈنچىگە چىقىپ ئۆگىنىشىمنى قىلاتتىم. ئاكام ئېتىزغا ماڭاتتى. كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۈزۈمنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈپ قېلىشىنى، ئاتامنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى.

بىر كۈنى مەكتەپتىن كەلسەم ئاكام ئۈزۈمنى ھېچكىمگە دېمەيلا سېتىۋېتىپتۇ. ساتقاندىمۇ بوۋاملار مۆلچەرلىگەندىن بىر يۈەن ئىككى مو قىممەت سېتىپتۇ. بىزنىڭ كارىزدا ئۈنىڭدىن كېيىن ھېچكىمنىڭ ئۈزۈمى ئۇنداق ئۆرە باھادا سېتىلمىدى.

ئاپام ئاكامنىڭ بۇ ئىشىدىن دەسلەپتە چۆچۈدى، كېيىن مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئاكامغا سودىدا جىڭغا دىققەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئەسكەرتتى.

— خاتىرجەم بوله، ئاپا. ئاتامنىڭ ھېلىقى تىرىك جىڭىدا ئاۋۋال جىڭلىۋېلىپ ئاندىن سودىگەرلەرنىڭ جىڭىدا جىڭلىدۇق. ئۇلارنىڭ جىڭىدا ئەللىك گىرامدەك كەم تارتىلىدىكەن.

— مەيلى، سېنىڭ ئۈزۈم سېتىشىڭ بىلەن 3000 كوي پايدا ئالدۇق. بۇنى تېجەپ خەجلىسەك بىر يىل يېتىدۇ.

ئاكامنى بوۋام نەدىلا بولسا ماختاپ يۈرەتتى. ئاپام ئاكامنىڭ ماختالغانلىقىنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى.

ئۈزۈمنىڭ ئىشىنى تۈگىتىپ ئۈھ دېيىشكە ئۈلگۈرمەيلا كېۋەزلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا تۇتۇندۇق. كېۋەزلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئوتتىن چىقىرىپ، ۋاقتىدا ئۈچىنى ئۈزۈپ، ئوغۇتنى كۆپ بەرگەچكە بىرىنچى تېرىمىدىنلا بىر يىللىق توك، سۇ، باج... پۇللىرىدىن بىراقلا قۇتۇلدۇق. ئاپام ئاتام ئىچكىرىگە كەتكەندىن بۇيان ناخشا ئېيتمىغانىدى. مانا مەن تۇنجى قېتىم ئاپامنىڭ غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىنى ئاڭلىدىم.

## ئون ئۈچىنچى باب

# كۆكۆللۈك ئەسلىمە

### 1

ئاپام ئۆزۈم ھەققىدە گەپ بولغاندا ئەتىرەتتە يەرلەرنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددە بەرگەن چاغلارنى ئەسلەپ بېرەتتى. ئاپامنىڭ بىزگە چۆچەكتەك تۇيۇلىدىغان بۇ گەپلىرىنىڭ ھەممىسى رېئاللىق ئىدى.

— ھېلىمۇ خۇداغا مىڭ مەرتىۋە شۈكرى. يەرلەرنى ھۆددە بەرگەن يىلى بىزگە ئەترەتتىن يوغان قارلىغاچىنىڭ كەينىدىكى چوڭ تەكتىن ئون تۈپ تەك تەگكەنىدى.

— ئۇ چاغلاردا تەك ئازمىدى، ئاپا؟

— شۇنداق، ئۇ يىللاردا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى. تەك، باغ... دېگەنلەر قوشۇمچە ئىدى.

— كىمنىڭ ئەقلىگە كەلگەندۇ تەكنى كۆپ تىكىش؟

— كىمنىڭ بولاتتى. رەھمەتلىك نىياز دۇيجاڭنىڭ ئەقلىگە كەلگەن. ئۇ ئادەم ئالتۇنغا تېگىشكۇسىز ئادەم ئىدى. يىراقنى كۆرەتتى. ئەينى يىللىرى خەقنى تەك تىكىشكە كۆندۈرەلمەي، ئىككىنچى يىلى كارىزدىكى ئاھالىنىڭ ئاران يېرىمىنى كۆندۈردى.

— نېمىشقا ئۇنىمايدۇ؟

— ھېلى دېدىمغۇ، ئۇ چاغلاردا ئاشلىق بىرىنچى ئورۇندا ئىدى دەپ. كىمنىڭ ئامبىرىدا يىل ئاخىرىغىچە ئاشلىقى بولسا

شۇ باي ھېسابلىناتتى. سىلەر دېمەتلىك باللارغا پۇل نەدە. بۇغداي ياكى قوناقىقا سودىگەرلەردىن مال ئالاتتۇق.

— ئۆتمۈشنى سۆزلىمەيۋاتقانسەن، ئاپا؟

— ئۇ دېگەن تۈنۈگۈنكى ئىشلار.

— ئاتائىلار شۇ يىلىدىن باشلاپ تەكنى داۋاملىق ئوغۇتلاپ كەلگەندى. قاراڭلار شۇڭا ئۇ تەكلەر قېرىپ شۇڭلىرى يوتىدەك بولۇپ كەتسىمۇ يەنىلا ئۈزۈم شۇنداق ئوخشايدۇ.

— شۇ چاغلاردا ئون تۈپ تەك ھەممىمىزنى باقىقان بولسا، ئۈزۈم ئەجەب قىممەتتىكەن ـ ھە؟!

— قانداقسىگە قىممەت بولىدۇ؟ يەرلەرنى ھۆددە ئالغان بىرىنچى يىلى بىر كىلو يېشىل ئۈزۈم ئىككى كويغا ئاران يارايتتى. كېيىن باھا ئۆسە ـ ئۆسە ھازىرقى ھالغا كەلدى...

— نېمە؟ قارا ئۈزۈمنى ئىككى كويغا بەرمەيدۇ خەق ھازىر !

— شۇ چاغدا شۇنىڭغا ھەيران قېلىپ، خۇشاللىقىمىزنى باسالمايلا قالغاندۇق. سىلەر ئۇنداق دېگەن بىلەن ئۇ چاغدا مال باھاسى ئەرزان ئىدى.

— كىم ئۈزۈمنى ئەڭ كۆپ ساتقان؟

— كۆلبېشىدىكى ئابلىمىتئاخۇنلار. شۇ يىلى 290 كويلۇق ئۈزۈم سېتىپ، 260 كويىغا كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئېلىۋېدى، ھەممىمىز ھەۋەسلىنىپ قاراپ قالغاندۇق.

...

ئاپامنىڭ بۇنداق پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ھارمايتتۇق. ئۇنى ـ بۇنى سوراپ خېلى ۋاقلارغىچە ئاپامنى ئاۋارە قىلاتتۇق. ئاتامنىڭ شۇ چاغلاردىكى جاسارىتى ۋە ئىرادىسىگە قايىل بولاتتىم. ئاپامنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئاتام يېزا ئاتلاپ تەكچىلىكنى ئاساس قىلىدىغان تۇغقانلارنىڭكىگە بېرىپ تەك پەرۋىش قىلىشنى ئۆگىنىپ كېلىپ، تەكنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرغانىكەن، شۇنداقلا بۇ تەۋەدىن تۇنجى بولۇپ ئۆزى يالغۇز باشقا يېزىلىق سودىگەرلەر بىلەن بىرلىشىپ ئىچكىرىگە ئۈزۈم سودىسىغا

بارغانكەن. شۇ چاغلاردا ئاتامنىڭ سودىسى كۈندىن - كۈنگە راۋاجلىنىپ بۇ كارىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزۈملىرىنى سېتىپ بېرىپ ئۆزىمۇ پايدا ئېلىپ، باشقىلارغىمۇ پايدا يەتكۈزۈپ كەلگەنىكەن. مانا ئەمدى ئۈزۈمنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىۋىدى، كىشىلەر ئاتامنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ سېغىنىشىۋاتىدۇ.

ئاكام رادىئودىن بىر ناخشىنى ئاڭلىدىمۇ بولدى، دەرھال تۇتۇۋالاتتى. شۇڭا بىز ئاكامنى «ئۈنئالغۇ» دەپ قوياتتۇق. مەنمۇ مۇزىكىغا شۇنداق قىزىقاتتىم. بىراق، مۇزىكا مۇئەللىمىمىز ناخشىنى ئۆگىتىپ، نوتىسىغا كەلگەندە «بۇ بەك قىيىن، چوڭ بولغاندا ئۆگىنىۋالىسىلەر» دەپ قويۇپ نوتىسىنى ئۆگەتمەيتتى. ئاكامنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىدىن قوشنىلارمۇ ھەيران قالاتتى. قوشنىمىز نىياز ئاكام تېخى ئاكامنى ياخشى چالساڭ، سەنئەت مەكتىپىگە بارىسەن، دېگەنىدى.

— ساز چالغاننىڭ ھەممىسى سەنئەتچى ئەمەس. سەندەك بىر ئاڭلىغاننى چالالايدىغان بولسا، ئاندىن ھەقىقىي سەنئەتچى بولىدۇ. باشقا سازنىمۇ چالالامسەن؟

— دۇتارنى ئانچە - مۇنچە تىرىڭلىتىپ قويىمەن.

— ياخشى مەشىق قىلىپ تۇر، ئۇكام، ئاتاڭ كەلسە سېنى چوقۇم سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇتىدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئاكام كىمنىڭ ئۆيىدە چالغۇ ئەسۋابى بولسا، شۇنىڭ ئۆيىنى چۆرگىلەپ كېلەلمەيدىغان بولدى. ئاپاممۇ ئاكامنى مەيلىگە قويۇپ بەرگەنىدى.

ئاپامدىن ئاڭلىساق، ئاتاممۇ ياش ۋاقتىدا دادۇي سەنئەتچىسىمۇ بولغانىكەن، ناخشا ئېيتمىغىنى بىلەن داپنى ئاتامدەك ياخشى چالىدىغان ئادەم يوقتىكەن.

## 2

— ئاپا، يەنە ھېلىقى ئۈزۈمنىڭ باھاسى تۆۋەن چاغلارنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرە؟ — دېدىم مەن قىزىقىپ.

— سىلەرگە قىزىق تۇيۇلۇۋاتىدۇ - ھە؟ !
— ئەلۋەتتە، بولۇپمۇ بۇغداي، قوناقنى ئېلىپ چىقىسىلا گازىر، دادۇر، كەمپۈت بېرىدىغان ئىشلار بەكلا قىزىق ھەم كۆڭۈللۈك تۇيۇلۇۋاتىدۇ. بىر تۇرۇپ يالغانمىكىن دەيمەن.
— يالغىنى يوق. ئۇ چاغلاردا سودا - سېتىقنى يېڭىدىن قويۇۋەتكەن بولغاچقا، ئېشەك ھارۋىلىق، ئات ھارۋىلىق سودا قىلىدىغانلار كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. بۈگۈنكىدەك ماشىنا - تراكتور، موتسىكلىت دېگەنلەر يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى.
— بىزنىڭ شۇ چاغلاردىكى چۈنچىمىز قايسى ئىدى؟
— توۋا، چۈنچە دېسەڭ بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى.
— چاققان دېسەڭچۇ؟
— ئۇ چاغلاردا چۈنچە دېگەن بۇ بوستانكارىزدا يوق ئىدى.
— چۈنچە بولمىسا ئۈزۈمنى نەگە ئاساتتىڭلار؟ — ھەيرانلىق ئىلكىدە ئاپامدىن توختىماي سوئال سوراۋاتاتتىم.
— بوۋاڭلارنىڭ ئامبار ئۆينى بىلىسىلەرغۇ؟ شۇ ئۆينىڭ يېنىدا توغرىسىغا سېلىنغان ئىككى ئېغىز ئۆي بولىدىغان. ياق، ئۇ ئەمەس. ئۇ ئۆيلەرنى ئۆرۈپ ھازىرقىسىنى سالغان. شۇ ئۆينىڭ ئويۇقلىرىنى تېشىپ تۆشۈك ئېچىپ ئاساتتۇق. چاققا دېگەنغۇ ئەسلا يوق ئىدى. ياۋا يامداقنىڭ قۇرۇغانلىرىنى، چىلاننىڭ تازا چوماقلىق يەرلىرىنى تېپىپ كېلىپ شۇنىڭغا ئاساتتۇق.
— ئۆيدىمۇ ئۈزۈم قۇرامدۇ، ئاپا؟ — دېدى ئىككى ئالىقىنى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ ئولتۇرغان خالىدەم.
— قۇرۇشى قۇرۇيدۇ. لېكىن چۈنچىدە قۇرۇغاندەك سۈزۈك، يېشىل قۇرۇمايدۇ. شۇ چاغلاردا شۇنداق قىلاتتۇققۇ تاڭ.
— بۇ كارىزدا كىم ئەڭ بۇرۇن چۈنچە سالغان؟ — دېدى خۇرشىدەم ھەممىمىزگە بىر پىيالىدىن چاي قۇيۇۋېتىپ.
— ئاتاڭ ئۆزى مەخسۇس چۈنچە كېسىكى قويۇپ، بوۋاڭلارنىڭ سامانلىقىنىڭ ئۈستىدىكى كەپتەرخانا قىلغان كىچىك چۈنچە بارغۇ، شۇنى سالغاندۇق.

— ئاشۇ، كاتەكتەك نەرسىنىمۇ؟

— شۇ چاغلاردا نەچچە يىل شۇ چۈنچىگە ئۆزۈم ئېسىپ، چۈنچىمىز توشسا ماختانمىغان ئادىمىمىز قالمايتتى.

— ئۇ چۈنچە پاكار، كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھەللە ئىچىدە ئۆزۈم ياخشى قۇرۇمايدىغان تۇرسا!

— شۇڭا ئاتاڭلار هازىرقى چۈنچىنى ئېرىنمەي چوڭ، ئېگىز قىلىپ سالغان. شۇ چاغدا خەق زاڭلىق قىلىپ، ئابلىز ئۆزۈنلۈقى 30 مېتىرلىق چۈنچە سالپتۇ. قارىغاندا كارىزنىڭ ھەممە ئۆزۈمىنى ھۆل سىتىۋېلىپ ئاسىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ كېتىشكەنىدى. مانا قاراڭلار، هازىر بىزنىڭ چۈنچە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چۈنچىسىدىن كىچىك. چۈنچە قانچە چوڭ بولسا شۇنچە ياخشىكەن. ئاتاڭلار تولىمۇ يىراقنى كۆرىدىغان ئادەم ئىدى...

ئاكامنىڭ سازغا بولغان ئوتلۇق ھەۋىسى بارغانسېرى ئېشىشقا باشلىدى. بەزىدە ئېتىز ئىشىنى ئۇنتۇپمۇ قالاتتى. ئاپام بۇنىڭغا ئاچچىقلاپ باقاتتىيۇ، يەنە كۆڭلىنى يېرىم قىلماي دەمدىكىن، تېرىكىپ بولۇپ، ئارقىدىنلا كەچۈرۈم سورايتتى. ئاكامۇ قىزىقكەن، ئىشىنى توگىتىۋېتىسلا، ساز چالامدۇ، قارتا ئوينامدۇ، نېمە ئىش قىلسا بولىۋېرەتتىغۇ؟ «ياخشى ئات قامچا يېمەس» دەپتىكەن. ئاكام ئەسلىدە «ياخشى ئات» بولسا بولمامدۇ. ئاكام شۇ تاپتا ياخشى ئات بولالماي قېلىۋاتاتتى. كۆزنىڭ ئالتۇن ئاپتىپى بارغانسېرى ئاجىزلىشىۋاتاتتى. ئاكام تەكلەرنى تېخىچە قىرقىپ بولالمىغانىدى.

— ئاكا، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ تەكلەر شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. بىزنى «كۆزلۈك يىغىم» غا قويۇۋېتىدىغانغا يەنە بىرەر ھەپتە بار. سەن شۇنىڭغىچە تەكلەرنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ تۇرساڭ، مەن يىغىشقا ياردەملىشىمەن. ئۇنداق قىلما، ئۆزۈم ئوخشىسا ھەممىمىزگە پايدا ئەمەسمۇ؟

— خاتىرجەم بولە، ئۇنى دېگەن ئىككى كۈندە يىغىپ بولىمەن.

— ئاتە پونى، ئۈچ كۈندە ئىككى ئېرىق تەكنى يىغىپ بولالمىدىڭ. ئىككى كۈندە يىغىپ بولىدىغانغا سەن چۆچەكلەردىكى خاسىيەتلىك ئادەممىدىڭ؟

— ئىشقىلىپ تۈگەتسەملا بولمىدىمۇ؟

— ئاپام پاختىنى تېرىپ بولۇپ، تەك يىغقىلى چىقىمىز دەيدۇ، قانداق قىلىسەن؟

ئادەتتە ئاكام ئاغىنىسى مەخمۇت بىلەن بىرلىشىپ تەك يىغىپ كېلىۋاتاتتى. تەكلەرنى يىغىپ كۆمۈشكە ئاسان قىلىپ قويسا، تۇغقانلار تۇشمۇتۇشتىن كېلىپ كۆمۈشۈپ بېرەتتى.

— ئاپامۇ ئەجەب ئالدىراقسان. 10 ـ ئايدىن باشلاپ تەكنى يىغقىلى قويۇۋىدى مېنى... نېمىگە ئالدىرايدىكىن ـ تاڭ.

— يەر توڭلاپ كەتسە تەكمۇ توڭلايدۇ. بۇنى مەندىنمۇ ئوبدان بىلىسەن. ئاپامۇ يەر توڭلاشتىن بۇرۇن كۆمۈۋېتەيلى دەيدۇ ـ دە!

— تەك دېگەننى ئۇششۇك چۈشكەندە كۆمسە ئوبدان بولىدۇ. توڭنى قومۇرۇپلا ياپساڭ ھەم ئاسان.

— تەكنى كۆمۈش ئۈچۈن يىغىپ قويساڭ ئاسان بولار. تۇغقانلار كەلسە ئالۋاستىنىڭ چېچىدەك تۇرسۇنمۇ؟ ئەتىدىن باشلاپ مەن رۇخسەت سوراي. مەن ساڭا ياردەملىشىپ تەك يىغىشىپ بېرىمەن.

— سەن قانچىلىك تەك يىغاتتىڭ. ئوقۇشۇڭنى ئوقۇ.

گېپىم ئاكامغا تەسىر قىلدىمىكىن تاڭ، ئەتىسىدىن باشلاپ تەك يىغىشقا كىرىشىپلا كەتتى. ئاپام كۆڭلىدە يەنە ئالدىراپ كۆمگەن تەكنىڭ ئۆزۈمى كېلەر يىلى ياخشى ئوخشىماي قالارمۇ دەپ ئەنسىرەپمۇ قالغاندى.

— بۇرۇن بۇ يەرلەردە بۇغداي تازا ئوخشايتتى. ئاتاڭلار بۇغداي ئورىسا بىر غولاچ يەرنىڭ بۇغدىيىنى بىر ئورۇپ ماڭاتتى. ئورما ئورۇشنى ئاسانمىكىن دېمەڭلار، ئورغاقتا سەللا دىققەت

قىلمىسا كېسىۋېتىدۇ، ــــ دېدى ئاپام قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ قويماي.

ــــ سەنمۇ ئورالامتىڭ؟ ــــ دېدىم مەنمۇ ئاپامغا ياردەملەشكەچ.

ــــ ئەلۋەتتە، لېكىن كۆپ ۋاقىتلاردا ئاتاڭ ئورۇسا مەن باغ باغلاپ بېرەتتىم. ئاۋۇ جىگدە ياقىسىدىكى تەكلىككە دەسلەپتە ئىككى يىل قوغۇن تېرىدۇق. تەك چوڭلىۋىدى، ياغاچ سانجىپ ئا-رىسىغا بۇغداي تېرىدۇق. شۇ يىلى بۇغداي تازا ئوخشىغانىدى. ئۇ چاغلاردا ئاتام، ئاپام ھايات ئىدى. ئاتام رەھمەتلىك كېلىپ كۆرۈپ بېقىپ ساقىلىنى سىيپاپ، بۇغداينىڭ بۇنداق ئوخشىغانلىقىنى خېلى يىللاردىن بۇيان كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

ــــ خامان تېپىش بەك كۆڭۈللۈك ئىكەن. سۇلايمانلار بۇغداي تېرىپتىكەن، خامانىنى مەنمۇ تېپىشىپ بەردىم.

ــــ ھازىر تراكتوردا خامان تېپىدۇ. ئۇ چاغلاردا ئېشەك، ئات بىلەن خامان تېپەتتۇق. شۇ چاغلاردا بىر قېرى ئېشىكىمىز بولىدىغان، شۇنىڭغا ئاكاڭنى مىندۈرۈپ قويۇپ تېپەتتى. سەن ئۇ چاغلاردا كىچىك، خۇرشىدەم قۇچاقتا، خالىدەم تېخى تۇغۇلمىغان.

ــــ ئاپا، ئاكام كەلدى، چاققان بول ئاكا!

ئاپامنىڭ ئۆتمۈشلىرىنى قىزىقسىنىپ ئاڭلاپ، كۆڭلۈمنىڭ قانداق كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قاپتۇق. ئاپامنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە نەرسە-كېرەكلەرنى ھارۋىغا بېسىپ ئۆيگە قاراپ يول ئالدۇق.

# ئون تۆتىنچى باب

# كۈز كېچىسى

## 1

ھاۋا بىردىنلا سوۋۇپ، ئۈششۈك چۈشۈشكە باشلىدى. ئاپام بىلەن ئاكام تەكلەرنى كۆمۈپ بولاي دېگەندى. مەنمۇ ھەر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپلا قولۇمغا كەتمەننى ئېلىپ تەكلىككە چاپاتتىم. باش كۈزنىڭ سالقىن، نەمخۇش ھاۋاسى، سەھەردىكى ئېگىزگە ئۆرلەپ كېتەلمىگەن ئىس - تۈتەكنىڭ كۆكۈچ مەنزىرىسى، يول، ئېتىز بويلىرىدىكى ياۋا گىياھلار، شەبنەم ياپراقلار مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. مەن قوناقلىقتا ۋە خامانغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا قاراپ، ئۇلارنىڭمۇ ئالدىراشلىقىغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ قالاتتىم...

كۈزنىڭ مول داستىخىنىدىن تويغۇچە يەپ سەمرىپ، قىشلىق پەيلىرى چىقىپ تېخىمۇ يوغان كۆرۈنىدىغان قۇشقاچ - پاختەكلەرنىڭ توپ - توپ بولۇپ ئېتىز ياقىسىدىكى دەرەخلەرگە قونۇپ مەشرەپ ئوينىغاندەك سايراشلىرىنىڭ ئۆزى بىر مۆزىكا. يېڭىدىن ئېچىلغان قوناق ئېگىزىدا پادا بېقىۋاتقان بالىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرىنى ئاڭلاپ، مەنمۇ شۇلارغا قوشۇلۇپ، ئوينىغۇم كەلدى. بىراق مەن ئوينىسام بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتىسى بار. غېمى يوق. تەكلىرىنى كۆمىدىغانغا ئەمگەك كۈچى يېتىشمىسە نەچچە يۈز كوينىڭ كۆزىگە قارىمايلا باشقىلارغا كۆمدۈرىدۇ. بىز ئۇنداق قىلالمايمىز. قولۇم ئىشتىن سەللا بوشىسا ئىككى

سىڭلىمنى ئېلىپ جىلغىغا بېرىپ قومۇش پۈپۈكلىرىنى كېسىپ، ئاپامنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە سۇپۇرگە بوغىمەن. بۇنى ئىككى سىڭلىممۇ ئۆگىنىۋالدى. ئۇلارمۇ تەك قايچىسىنى ئېلىپ، باغلام ـ باغلام قومۇش پۈپۈكى كېسىپ كېلىپ تەييارلايتتى.

بىز كېلىشكىنىمىز بويىچە ھەر بىرىمىز مەكتەپكە ئىككىدىن سۇپۇرگە ئېلىپ بېرىۋىدۇق، خالىدەمنىڭ مۇئەللىمى ئۇنى ساۋاقداشلىرىغا ئۈلگە قىلىپ ماختاپتۇ. ئاپامۇ بىزنى يوقلاپ كەلگەن تۇغقانلارغا سۇپۇرگە سوۋغا قىلاتتى.

سەھەردە ناشتا قىلىپ ئولتۇرساق، تۇيۇقسىز ئۆيىمىزگە بىر كىشى كەلدى.

— مەن ئۆز ۋاقتىدا، كۆنىمىگدا ئابلىزدىن 5000 كوي قەرز ئېلىپ تۇرغان. ئابلىزنى ئۇچراتمىغىلى نەچچە يىل بولدى. ئاڭلىسام ئۇنىڭغا كېلىشمەسلىك بوپتۇ. ئىزدەپ يۈرۈپ پۇلنى سىلىگە ئەكەلدىم، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى چۈشەندۈرۈپ.

— رەھمەت، ئۇستام. باللارنىڭ ئاتىسىنى يېقىندا كۆرمىدىلىمىكىن؟

— مەن ئىچكىرىدە سودا قىلىشتىن توختاپ يۇرتتا يەر ھۆددە ئېلىپ يەر تېرىۋاتىمەن. بۇرۇن قايتۇرۇپ بېرىشكە قولۇم ئاجىزلىق قىلدى. مانا پۇل تاپتىم. ئابلىزنى پۇلىنى ئېلىشقا ئىزدەيدىغۇ، دەپ يۈرەتتىم. بىزنىڭ يۇرتتا، ئىچكىرىگە قاق توشۇيدىغان تونۇشلار بار ئىدى. گەپتىن ـ گەپ چىقىپ ئاغىنىمىز ئابلىزغا كېلىشمەسلىك كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئولتۇرالمايلا قالدىم.

ئۇ كىشى تېپىك جەنۇب شېۋىسىدە سۆزلەيتتى. بىر دەمدە كارىزغا «ئابلىزنىڭ شېرىكى كەپتۇ» دېگەن خەۋەر پۇر كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتامنىڭ ئاغىنىلىرىدىن نىياز ئاكام، سۇلايمان ئاكام، سىدىق ئاكاملار كىردى. ئۇلار ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئۇ ئادەمنىڭ ئىنساپىغا رەھمەت ئېيتىشتى.

ئادەم دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن. قولىمىزغا پۇل كىرگىنىنى ئاڭلىغان نەچچە كىشى قەرز پۇللىرىنى ئەكەتكىلى كەلدى. ئۇلارچە بولسا ھەممە پۇلنى ئېلىۋالغۇسى بار ئىدى. ئاپام كىمنىڭ پۇلغا ھەممىدىن بەكرەك ئېھتىياجلىقلىقىنى بىلگەچكە، شۇنىڭغا قاراپ ئاز-ئازدىن بەردى.

— جاھاندا ئاجايىپ ئادەملەر بار ئىكەن - ھە، ئاپا.

— قانداق دەيسەن؟

— بىرقانچە يىل ئۆتكەندە قەرز پۇلنى قايتۇرۇپ ئەكەلدى.

— قىيامەتلىك قەرز دېگەن يامان، بالام. بىزمۇ ئۇن نەچچە يىلدا بولسىمۇ قەرزنى قايتۇرىمىز. قايتۇرمىساق بولمايدۇ.

— بايامقى تالىشىشنى دەيمەن، ئۇرۇشىدىغاندەك قىلىپ كەتكىنىنى، ئاۋۇ، ئاۋۇت ئاخۇننىڭ «ئۆسۈمى قېنى، ئۆسۈمى» دېيىشىنى نېمە دەي...

— ياخشىلار ھەممە يەردە بار. ھەممە ئادەم ئۇنداق ئەسكىمۇ ئەمەس. بىزمۇ ئۇنىڭ كۈنىگە قالغان بولساق شۇنداق دەر بولغىيتتۇق.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمەيتتۇق.

— بېشىمىزغا شۇنداق كۈن كەلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىسەن. ئادەمنىڭ ئىچىدە ئادەم بار. روزاكام پاكارنى دېسەم ئالتۇندەك ساپ ئادەم ئىكەن. ئۇ كىشىنى بۇ كارىزدىكى كىشىلەر كۆزگە ئىلىپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ قېشىغا كىرسەم، ئابلىز ئاخۇن نەچچە يىلدىن ئۇزۇملىرىمىزنى ياخشى پۇل قىلىپ، بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلغانىدى. بۇ تەۋەدە ھېچكىمنىڭ ئۇزۇمىنى سەككىز يېرىم كويدىن ئالمىسا بىزنىڭ كارىزنىڭكىنى ئالغان. ئۇنىڭ قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرى كۆپ، سىڭلىم. شۇ يىلى نەق ئالغانلارنىڭكىنى ئۇزۇم باھاسى بويىچە بەرسىلە بولىدۇ. ھەممىمىز مۇسۇلمان ئادەملەر. قولۇم - قوشنىدارچىلىق قىلىپ تۇرىمىز دېگەنىدى، شۇنداق سۆيۈنۈپ كەتتىم.

— بۇ گەپلەرنى بىزگە نېمىشقا بۇرۇن دەپ بەرمىدىڭ؟ —

دەپ سورىدى خېلىدىن بېرى گېپىمىزگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان خۇرشىدەم.

— ئالدىراشچىلىقتا ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

ئاپامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كىشىلەر ياراتمايدىغان، جۇغى كىچىك، پېشانىسىدە ئۈچ - تۆت سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا تاتۇقى بار، دائىم بىر خىللا كىيىنىپ يۈرىدىغان، بىرەر كىمگە قاتتىقمۇ گەپ قىلمايدىغان، يۇۋاشقىنە، كۆزىنىڭ ياش خالتىسى ئاقسايۋا ئۇزۇمدەك ساڭگىلىغان بۇ كۆرۈمسىز ئادەم ماڭا تولىمۇ يېقىملىق، مېھرىبان بىلىنىپ كەتتى.

بۇ كىشىنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ ئەڭ ئايغىدا بولغاچ قورۇ - جايىمۇ خېلى كەڭ ئىدى. ئۆيىنىڭ كەينىدە بىرنەچچە يانتاق، تەپچە دۆۋىسى يىل بويى دۆۋىلەكلىك تۇراتتى. يازدا ئىشىكنىڭ ئالدىغا لەيلىگۈلنىڭ ھەرقايسى خىللىرىدىن ئۆستۈرەتتى. بۇ كىشى توخۇنىمۇ كۆپ باقاتتى. ئۆينىڭ كەينىدىكى كۆكيانتاقلىقتا قويۇۋەتسە قۇرت - قوڭغۇزلارنى تېرىپ يەپ چوڭ بولغاچقىمۇ، توخۇلىرى ھەم سېمىز، ھەم كۆن ئاتلىماي تۇغقاچقا، تۇخۇمدىنىمۇ ئوبدانلا كىرىم قىلاتتى.

مەن ھەر قېتىم روزىكاملارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتكىنىمدە ئۇنىڭغا ھۆرمىتىم قوزغىلاتتى. ئۇ كىشىنىڭ ۋىجىك، كۆرۈمسىز چىرايى ۋە يەرنى ئاۋايلاپ دەسسەپ ماڭىدىغان ئادەتلىرىمۇ ماڭا شۇنچە يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتكەچكە، بەزىدە ئۇ كىشىنىڭ مېڭىشىنى دوراپمۇ قوياتتىم.

2

ۋېلىسىپىتىمنى ئوسمان تۆگىنىڭ بالىلىرى ئېلىۋالغاندىن بېرى مەكتەپكە پىيادە بېرىپ كېلىۋاتاتتىم. ھەر كۈنى مەكتەپكە ماڭغان، ئۆيگە قايتىدىغاندا، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ۋېلىسىپىتىغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ كېتەتتىم. بەزىدە ئۇلار مېنى ۋېلىسىپىتىگە

مىنىۋېلىشىمنى ئېيتسىمۇ، ئۇنىمايتتىم. ئۇنداق چاغلاردا ئاتتىن چۈشسەممۇ، ئۆزەڭگىدىن چۈشمەيدىغان بۇ خۇيۇمغا ئۆچ بولۇپ كېتەتتىم. بىر ھېسابتا بۇمۇ بولىدىغان ئىشكەن. يول بويى ئۆگەنگەن دەرسلەرنى تەكرار قىلغاچ مېڭىپ، يادلايدىغان مەزمۇنلارنى يادلاپ بولىدىكەنمەن.

ئاپاملار چۈشلۈك تاماققىمۇ كەلمەي ئېتىزدا چاي ئىچىۋاتقان ئالدىراش كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆيىمىزگە ئاپامنىڭ نەۋرە ئىنىسى ئاسىم ئاكام كىرىپ كەلدى. مەن مەكتەپتىن كېلىپ ئەمدى ئېتىزغا ماڭاي دەپ تۇرغان چاغ بولغاچقا، ئاسىم ئاكامنى ئاپاملارنىڭ يېنىغا باشلاپ باردىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! قانداق ئەھۋالىڭلار! ئىشلەۋاتامسىلەر، سېلىمىخان ئايلا؟

— خۇداغا شۈكرى، ئۇكام.

— بىزمۇ ئەمدى تەكلەرنى كۆمۈپ بولدۇق. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كېلىپ سىلەرگە ياردەملىشەلىمىدۇق، سىلەرنى قانداقراق تۇرۇۋاتىدىكىن دەپ كېلىشىم.

— ھېلىمۇ ھەر يىلى كېلىپ ياردەم قىلىپ تۇرىۋاتىسىلەر، ئۇكام...

— سەيدىخان ئاپام تۇنۇگۈندىن بېرى بىزنى ئالدىرىتىپ، مېنى «سېلىمىخانلارنىڭ ئېتىز ئىشى قانداق ئىكەن، ئۇقۇپ كەل» دەپ ئەۋەتكەندى.

— ئىشلارنى ئابابەكرى ئىككىمىز قىلىۋاتىمىز. يەنە نەچچە كۈن كۆمسەك بۇ بىر بۆلۈم تەكنى كۆمۈپ بولىمىز، ئۇكام، — دېدى ئاپام پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتكەچ.

— جىگدە ياقىسىدىكى تېكىڭلارنى كۆمۈپ بولدۇڭلارمۇ؟

— ياق تېخى، ئابابەكرى تەككە توك سېلىشتىن ئىلگىرىلا يىغىپ قويغانىدى.

— بىز ئەتە - ئۆگۈن كېلىمىز، مەن ماڭاي.

— ئۆيگە بېرىپ ماڭ، مانا بىزمۇ ئىشتىن چۈشەيلى دەپ

تۇراتتۇق. ئۆيگە كىرىپ ئىسسىق بىر پىيالە چاي بولسىمۇ ئىچىپ ماڭ، ئۇكام.

— بولىدى، ئايلا، چاي ـ پاي ئىچمىگەن، ئاش ـ تاماق يېمىگەن ئۆي بولمىسا ئۇ ئۆيۈڭ، بولدى، بىزگىمۇ كۆمگىلى تەك ئېلىپ قويۇڭلار، خوش!

— ئەجەب ۋاقتىدا كەلگۈدەك، ھېرىپ قالغانىدىم، — دېدى ئاكام.

— ھېلىمۇ ھارمىدىڭ، بالام، سېنىڭ يېشىڭدىكى باللار سەندەك ئېغىر ئىش قىلسا بولمايتتى.

— ئۇنداق دېسەم مېنى كىچىك بالا كۆرۈپ قالما، ئاپا.

— ئاسىم ئاكاملار ئەتە كېلەرمۇ؟ — دېدىم ئاكامنىڭ ھارغىن ھالىغا قاراپ.

— ئۇلارنىڭمۇ ياخشى كۆڭلى، بالام. كەلسە مانا، كەلمىسە، نېمىشقا كەلمەيسەن، دېگىلى بولاتتىمۇ؟ شۇڭا چىشىمىزنى چىشلەپ ئىشلەيلى. كۆز دېگەندە ھەممە ئادەم ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ.

— ئاسىم ئاكاملار كېلىمىز دېدىمۇ، كەلمەي قويمايدۇ. ئاسىمكام گېپىدە تۇرىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەيدىخان ئاپام ئەۋەتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ سەيدىخان ئاپامنىڭ گېپىنى ئۇلار بەك ئاڭلايدۇ.

— سەيدىخان ئاپام نېمىشقا تاھىر ئاكامنى ئەۋەتمەي، ئاسىمكامنى ئەۋەتكەندۇ، ئاپا؟

— ئاسىمنىڭ يېرى ئاز، ئىشنى ئاسان تۈگىتىدۇ، ئاسىم بۇرۇن ئاتاڭلارغا ياردەملىشىپ بىزنىڭكىدە ئۇزۇن يىل ئىشلىگەنغۇ. ئاسىم بىكار بولغاندىكىن، بىزدىن ئەھۋال سورىغاچ ئىشلىرىمىزنىڭ نەدىن نەگە بارغانلىقىنى بىلىشكە ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئاسىم ئاكاڭلارمۇ ئۇ يەرگە، بۇ يەرگە ماڭىدىغانغا ئامراق. ئاتاڭ بار چاغدا ئاتاڭنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ، ئېغىرىنى يېنىك، يىرىقىنى يېقىن قىلىشىپ

بېرەتتى.

— ئۆز ۋاقتىدا ئاسىم ئاكام ئاتامنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشكەن... ئاتام ئۇنى ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى قاتارىدا كۆرگەن. بولسا، ئاسىم ئاكامنىڭ ياردىمىدە ئاتامنىڭ سودا ئىشىنى داۋاملاشتۇرساق بولاتتى.

— بالام، ئادەم دېگەن قىلغان ياخشىلىقىنى مىننەت قىلماي-دىغان بولۇشى كېرەك.

سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئوچاقنىڭ ئالدىغا كەلدىم. تالا خېلىلا سوغۇق ئىدى. هويلىدا تاراق ـ تۇرۇق، گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ ئاۋاز ئاڭلاندى. هويلىغا چىقىپ باقايلى دەپ تۇرساق، ئاسىم ئاكام بىر نەچچەيلەن بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن تاهىر ئاكام چاقچاق قىلىشقا باشلىدى:

— هە، ئوسمان، كىچىككىڭدە، مەكتەپتە ئوقۇپ ئالىم بولىمەن، دەپ يۈرەتتىڭ، سەھەردە تۇرۇپ ئۆگىنىش قىلماي مۇشۇنداق ئوچاق تۈۋىدە ئولتۇرۇۋالساڭ قانداق ئالىم بولالايسەن؟

— هېلى ئۆگىنىش قىلىپ كىرگەنىدىم، توڭلاپ كېتىپ ئىسسىنىۋاتىمەن.

— هەي تاڭ، كۆزلىرىڭ چاپاق تۇرىدۇ، يۈزۈڭنىمۇ يۇماپسەن، يۈزنى يۇماي قىلغان ئۆگىنىش ئۆگىنىش بولامتى. ماڭ، يۈزۈڭنى مۇشۇككە يالىتىپ كىر.

تاهىر ئاكام ماڭا دائىم كىچىك بالىغا چاقچاق قىلغاندەك چاقچاق قىلاتتى. ئۇلار ئاپامنىڭ ناشتا قىلىۋېلىڭلار دېگىنىگە قارىماي «بىز ناشتا قىلىپ بولغان» دەپ ئېتىزغا كەتتى. ئاپام سېۋەتتىن بىرىگە نان ـ چاي ئېلىپ ئالدىراش ئېتىزغا ماڭدى. بىزمۇ سومكىلىرىمىزنى ئېسىشىپ مەكتەپكە ماڭدۇق.

ئۆزۈم دەرسخانىدا، خىيالىم تەكلىكتە ئىدى. بۈگۈن سائەت مەن بىلەن قېرىشىپ ئاستا ماڭغاندەك تۇيۇلاتتى.

مەكتەپتىن تارقاپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۆيگە كەلسەم ئاپام تاماققا تۇتۇش قىلغاچ، نانغا خېمىر يۇغۇرۇپ قويۇپتۇ.

— ئەجەب ۋاقىتىدا كەلدىڭ، ماڭ، تونۇر بېشىغا ئوتۇن ئېلىپ كەل.
— نان بار ئىدىغۇ، ئاپا؟
— قېتىپ كېتىپتۇ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا يۇمشاق نان قويای دېدىمغۇ، بالام، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈممۇ بوگۇن - ئەتىلەتىن ياقارمەن، دەپ تۇرغانىدىم.
— ماقۇل، ئاپا. ئوتۇننى ھازىرلا ئەكېلەي.
ئاكام ئابلىمىت كىچىك ئاتاملارنى باشلاپ ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۇلار يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغۇچە نانمۇ پىشتى. ئاپام ئامبار ئۆيدىن تازا قىزىرىپ پىشقان قىزىل سايۋا ئۈزۈمدىن ئىككى لېگەن چاپقىدى، ئاندىن تونۇردىن ھېلىلا سويۇلغان ئىسسىق ناننى ئوشتۇپ تۇرۇپ:
— قېنى ئۇكىلىرىم، تاماق پىشقۇچە چاي ئىچكەچ تۇرۇڭلار، مەن تېخى تەكلەرنى كەچكىچە ئاران كۆمۈپ بولىدۇ، دەپ لەڭمەنگە تەييارلىقنى كېيىنرەك قىپتىمەن. خېمىرمۇ تىنىپ قالدى، قېنى لەڭمەن پىشقۇچە قورسىقىڭلارنى ئازراقتىن ئەسترلىۋېلىپ تۇرۇڭلار. كۆكتاتلارنىمۇ توغراپ تەييار قىلىپ قويغانىدىم، — دېدى. ئاسىم ئاكام:
— «ئىسسىق نان تەنگە داۋا» دەپتىكەن، ئايلا، ئىسسىق نان، قىزىل ياقۇتتەك سايۋا ئۈزۈم بار يەردە لەڭمەننى كىم يەيدۇ، بولدى، مۇشۇلا كۇپايە.
— راست، تاماقنى كۆيدۇرۇپ تۇرىدىغان ئۈزۈم بىلەن نان ئەجەب تېتىدى، ئايلا.
— نان - چاي دېگەن بەرىبىر نان - چاي، تاماق دېگەن تاماق، — دېدى ئاپام كۆكتاتلارنى توغراۋېتىپ.
— «ئىسسىق نان بىلەن قىزىل سايۋا پادىشاھنىڭ تامىقى» دەيدىغان گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟
ئۇلار ئىسسىق نان بىلەن قىزىل سايۋا ئۈزۈمنىلا يەيمىز دەپ چىڭ تۇرۇشتى. ئاپام ئۇلارنىڭ تاماقتىمۇ بىزنى ئايىغانلىقىنى ئويلاپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

## ئون بەشىنچى باب

# تونۇر بېشىدىكى پاراڭ

ئېتىز ئىشلىرىنى ئاساسەن تۈگىتىۋالدۇق. ئادەتتە ئېتىز ئىشىنى مەن قىلمىسامۇ ھاردۇقۇم چىققاندەك، زىمىمەمدىكى ئېغىر يۈكنى بىرى ئېلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدىم. مەن بۇنداق يەڭگىل ھېس قىلغان يەردە ئاپام قانچىلىك يېنىكلەپ قالغاندۇ؟ بەلكىم ئاپام بىر يىللىق ھاردۇقى چىققاندەك بولۇپ، كېچىلىرى 1000 قويىنى يايلاققا قويۇۋەتكەن پادىچىنىڭ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتقاندۇ. ئاپامنىڭ شۇنداق خاتىرجەم ئۇخلىغانلىقىنى كۆرۈپ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قاتتىقراق يۆتىلىشكىمۇ پېتىنالمىدىم. كىتاب ـ دەپتەرلىرىمنىڭ ۋارىقىنىمۇ ئاۋايلاپ ئاچتىم.

ئاكام گارمۇشكىسىنى بىر ئوبدان چالىدىغان بولغاندا تاشلاپ قويغىنى نېمىسى؟ يا ماڭا ئۆگەتمەيدۇ، يا ئۆزى چالمايدۇ. ئاكام مۇشۇ كۈنلەردە بىرەر ئۇزۇم سودىگىرىدىن ئۈزۈمگە قانداق باھا قويۇشنى ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرەتتى. بەزىدە ئۈزۈم خالتىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىپ ئانچە ـ مۇنچە پارچە پۇلمۇ تاپاتتى. پۇل تاپقىنىغۇ ياخشى ئىش. بىراق، سودىگەرلەر شاراقلىتىپ پۇل سانىسا، ئاكامنىڭ قاراپ تۇرغىنىغىلا جىلە بولاتتىم. سودىگەرنىڭ قولىدىن پۇلى چۈشۈپ قالىدىغاندەك تىكىلىپ قاراپ تۇرغان تۇرقىنى ئاپامغا دېيىدىم، ئاپام:

— مەيلى، بالام. سىلەر ئىسىڭلارنى تېپىپلا ئۆزۈم ئېلىش، سىپتىشنى كۆردۈڭلار. ئاكاڭنىڭ شۇ ئىشلاردا كۆڭلى كۆتۈرۈلىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇنى بۇنىڭدىنمۇ تۇسسام ئۇنىڭغا بەكلا ئۇۋال بولىدۇ، — دېدى.

— سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن خەق نېمە دەپ قالىدۇ، ئاپا؟

— نېمە دېسە دېسۇن، ھېلىمۇ ئابابەكرى كۆپ جاپا تارتتى.

— ئابلىز قويۇلۇپ كېتىپ قېچىپ قۇتۇلدى. بالىسى ئۆزۈم ئالغانلارنىڭ كەينىدىن مالايلىقىنى قىلىۋاتىدۇ، دېمەمدۇ، ئاپا؟

— ئۇنداقمۇ دېمەس، سەن كۆڭلۈڭنى كىتاب ئوقۇپ ئاچىسەن، ئۇچۇ؟ شۇنداق ئىشلاردىن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدۇ.

— گارموشكا چالسا بولىدىغۇ؟

— ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندە نېمە خۇشياقىدۇ دەيسەن؟

شۇنىڭدىن كېيىن ئاكامنىڭ ئۇ ئىشلىرى بىلەن كارىم بولمىدى. ئىككى سىڭلىمنىڭ ئۆگىنىشگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، زېرىكسەم ئوقۇپ بولغان كىتابلىرىمنى قايتا ئوقۇپ يۈردۈم.

كەچ كۈزنىڭ سوغۇق ئاخشىمى كىشىلەر ئىشىكى ئالدىغا چىقىپ بىردەم ـ يېرىمدەم ئارام ئالغاچ پاراڭلىشىۋاتاتتى. ھەممىدىن بەكرەك سېلىم سالتاڭنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا پاراڭ قىزىيتتى. سېلىم سالتاڭ يېشى قىرىق بەشلەردىن ئاشقان، ئۆڭى سېرىق، ئارا بوي، ياپما قاپاق، ئىككى جاۋغىيى دائىم ئاقىرىپ تۇرىدىغان، كۆككۆز، كولگۇنچەك، كۆڭلى يۇمشاق، ئەممازە ئېچىدە گەپ ياتمايدىغان ئادىتى بولغاچ، باشقىلاردىن دائىم دەككە يەپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن سەھەردىن باشلاپ كەچكىچە ئادەمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئادەم يوق چاغلاردا ئۇ ئۆزىچىلا جىلە بولۇپ سېرىق ئىتىنى ئۇرۇپ، تىللاپ كېتەتتى. بىرەرسى كېلىپ نەسىھەت قىلىسىمۇ كار قىلمايتتى، بىراق بىرەرسى ئۇنىڭدىن بىر سىقىم گازىر

سىتىۋالدىمۇ بولدى، ھەممە ئاچچىقى يوقاپ پاراڭ سىلىشقا باشلاپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى. شۇڭا كىشىلەر، ئەگەر سىلىم سالتاڭ بىر كۈن سودا قىلمىسا، ئۇن كۈن كېسەل بولىدۇ، بىر كۈن گەپ قىلمايدىغان بولسا ئۆلۈپ قالىدۇ، دېيىشەتتى. مەن ئېسىمنى تاپسام ئۇنىڭ شۇ ئېغىزى بېسىقماي سۆزلەيدىكەندۇق. ئۇ مانا ھازىرمۇ كاسىلداپ سۆزلەۋاتاتتى...

كارىزدىن بىرەر كىم ئادەم ئىزدىمەكچى بولسا، سىلىم سالتاڭنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا بارسا ئىزدىمەكچى بولغان ئادىمىنى تاپالايتتى. بىزمۇ ئاكامنى ئىزدىمەكچى بولساق ئۇدۇل سىلىم سالتاڭنىڭ دۇكىنىغا باراتتۇق. مانا قاراڭغۇ چۈشكىلى نەۋاق. تاماقمۇ پىشىپ مۇزلاپ كەتتى. قورسىقىمۇ ئاچمىغانمىدۇ ئاكامنىڭ؟ سىلىم سالتاڭنىڭ دۇكىنى تەرەپكە قاراپ ئاكامنى ئۇنلۇك توۋلىدىم. ئاكام خېلىدىن كېيىن كەلدى. ئاپام قاپىقىنى ئاچماي تۇرۇپ:

— ئەتىدىن ـ كەچكىچە سىلىم سالتاڭنىڭ ئىشىكىدىن كېلەلمەيسەن، سىلىم سالتاڭغا بالا بولۇپ كېتەمسەن يا؟ — دېدى.

— تۇزۇك گەپ قىلساڭچۇ، ئاپا.

— ئەتىدىن ـ كەچكىچە شۇ يەردىن كېلەلمىسەڭ شۇنداق دېمەي نېمە دەيمەن ئەمدى. قارا، توڭلاپ تاتىرىپ كېتىپسەن. ھەرقاچان پۇتلىرىڭ توڭلاپ توڭ تېزەكتەك بولۇپ كەتكەندۇ. ماڭ، ئايىغىڭنى سېلىپ، ئىسسىق كاڭغا چىق.

— مانا، مانا، كاڭغا چىقساملا بولىدىغان گەپقۇ، تاماقنى ئەكېلە، ئىككى كىشىلىك يەي.

— «ياتار قورساق، كېتەر قورساق دەپتىكەن»، ياتىدىغان چاغدا جىق يېمە. كۈننىڭ ئالدىدا كىرگەن بولساڭ ئۇن كىشىلىك يېسەڭمۇ مەيلىتتى.

— خۇرشىدەملەر كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— سالامەتخانىنىڭ ئۆيىگە مۇزاكىرە قىلغىلى چىقىپ

كەتتى.

— ئوسمان يېتەكچىلىك قىلغاندىكىن بولمىدىمۇ؟

— مۇئەللىمى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپتۇدەك.

— خالىدەمچۇ؟

— خۇرشىدەمگە ھەمراھ بولۇپ ماڭدى. ئوسمان، سەن چىقىپ قاراپ باق، تۇردى ئاكىلارنىڭ ئىتىدىن قورقۇپ يولدىن ئۆتەلمەي تۇرامدۇ تېخى ئۇلار.

ئاپامنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگىمەيلا ئىككىسى پىخىلداپ كۈلگىنىچە بىللە يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ كەلدى.

— نېمە بولدى، سىلەرگە؟

— ئايلام تۇردى ئاكاملارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، تام تۈۋىدە ياتقان ئىتنىغا تاش ئاتقانىدى، ئىت قاۋاپ كەتتى، — دېدى خالىدەم.

— تۇۋا، شۇنداقمۇ قىلامسەن؟ چىشلىۋالسا قانداق قىلىسەن؟ مەنمۇ مىلىڭ تەستە قورقۇپ ئۆتىمەن، ئۇ يەردىن.

— يېنىغا بېرىپ كۆتىگە تەپسەڭمۇ جىم تۇرىدىغان لالما ئىت، ئۇ.

— بەربىر ئىتقۇ؟

— بۇنىڭدىن كېيىن كەچلىك مۇزاكىرىگە چىققاندا كەچ قالساڭلار، ئاكاڭلاردىن بىرى بېرىپ ئەكېلىۋالسۇن.

— ماقۇل ئاپا. سالامەتخانىنىڭ ئاكىسى چاقما كاۋىنى تونۇرغا كۆمۈپ پىشۇرۇپتىكەن، شۇنداق تېتىپ كەتتى. خالىدەمنىڭ ئاچپاقىلىق قىلىپ يەپ كېتىشلىرىنى نېمە دەي، كاۋىغا دوم چۈشتى. قاراپ قويغىنىمغا دىققەت قىلامدىغان، قوشۇق بىلەن غارتىلدىتىپ يېگىلى تۇرۇۋىدى، شۇنداق خىجىل بولۇپ كەتتىم.

— ئۆزۈڭچۇ؟ ئۆزۈڭمۇ ھېچنېمە كۆرمىگەندەك يەپ كەتتىڭغۇ؟

— ئاپا، قاچان نان ياقىسەن؟

— ئۆگۈنلۈككە ياقايمىكىن دەيمەن، بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟
— ماۋۇ ئىككى كاۋىچىنى كاۋىغا تويغۇزاي دەيمەنغۇ؟
— سەن ئۇنداق تاتلىق پىشۇرالامسەنمىكىن.
— يەنە بارمۇ، ئاكا، دىمىسەڭلارلا بولاتتىغۇ.

ئىككى سىڭلىم خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ كەتتى. مەنمۇ ئاكامنىڭ بۇ ئىلتىپاتىنىڭ زادى قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۈلۈپ قويدۇم.

ئەتىسى ھاۋا باشقىچىلا سوغۇق بولۇپ كەتتى. ھاۋانىڭ پەيلىدىن قارىغاندا، قار ياغىدىغاندەكلا تۇراتتى. مەكتەپتىن كېلىپلا تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولۇپ، ئەتىگە ئوتۇن، كۆمۈر تەييارلاپ قويدۇم. ئۇنداق قىلمىسام خۇرشىدەملەر بىر چېلەك كۆمۈر ئېلىپ كېلىپ بولغۇچە خاڭغا كىرىپ چىققاندەك بولۇپ كېتەتتى.

كېچىچە توختىماي شىۋىرغان چىقتى. ئاكام دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ گارموشكىنى «ھەيرانىڭمەن»گە چېلىۋىدى، شۇنداق مۇڭلۇق، شۇنداق يېقىملىق ئاڭلىنىپ كەتتى. مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

— ئاكا، ماڭىمۇ ئۆگىتىپ قويە بۇ ئاھاڭنى، — دېدىم.

— ئۇنى ئاڭلىساڭمۇ ئۆگىتىپ قوي، بۇنى ئاڭلىساڭمۇ ئۆگىتىپ قوي، دەيدىكەنسەن، ئۆگەتكەننى كۈندە بىرەر قېتىم چالمىساڭ ئۇنتۇپ قالىسەن، مەن ئۆگەتكەن ئاھاڭلارنى ئۆگىنىش قىلىپ چارچىغان چاغلىرىڭدا دەم ئالغانىنىڭ ئورنىدا مەشىق قىلىپ باقە، مەندىن ئېشىپ كېتىسەن.

— بولىدۇ، ئاۋۋال ماڭا «ھەيرانىڭمەن»نى ئۆگىتىپ قويە.

«راست، مەن نېمىشقا ئۇنداق ئويلىمىغان بولغىيتتىم. ئوقۇپ بولغان كىتابلارنى قايتا ئوقۇغاندىن كۆرە گارموشكا چېلىشنى مەشىق قىلسام ياخشى ئەمەسمۇ؟ خەپ، ئەتىدىن باشلاپ مەشىقنى باشلىمىسام».

سوغۇق كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيگىلى تۇردى. مەكتەپكە

ماڭغۇچە مەش ئالدىدا تازا ئىسسىنىۋالدىغان بولغاچقا، خېلى يەرگىچە توڭلىمايتتىم. ئەممازە، شامالغا قارشى يۆنىلىشكە قاراپ ماڭغاچقا يۈزۈم توڭلاپ كېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىردەم ـ بىردەم يۈزۈمنى ئىسسىق قولۇم بىلەن سىلاپ ماڭاتتىم. خۇرشىدەم بىلەن خالىدەم قانداق قىلىۋاتىدىغاندۇ؟

چۈشتىن كېيىن مەكتەپتىن كەلسەم ئاپام نانغا خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپتىكەن، مېنى كۆرۈپ:

— ئۆزۈم قانداق يېتىشەرمەن دەپ تۇراتتىم، ئەجەبمۇ ۋاقتىدا كەلدىڭ، ماڭ، تونۇرغا ئوت ياق، بالام، — دېدى.

— ناننى ئەتىگەندە ياقساڭ بولمامدۇ؟

— ئەتىگەندە ياقاي دېسەم، ئايسىخان ئايلاڭلار، پاختا تېرىشىپ بەرگەن بولسىلا دەپ قويغانىدى. ئۇلارغا «نان ياقماقچىدىم» دېسەم، ئىش خۇشياقماي يالغان ئېيتقاندەك بولۇپ قالغۇدەكمەن، شۇڭا كەچ قالسامۇ مەيلى دەپ تۇتۇش قىلدىم.

ئاپامغا تونۇرنى تېزرەك قىزىتىپ بېرىش ئۈچۈن دەرھال تۇتۇش قىلدىم. بىر هازادىن كېيىن خالىدەم يۈگۈرگىنىچە يېنىمغا كەلدى:

— ئاكا، تونۇرنى قىزىتىپ بولدۇڭمۇ؟ ئاپام مېنى سوراپ باق دېگەنىدى.

— قىزىمىدى، يەنە ئازراق ئوتۇن سالسام بولغۇدەك، سەن ماۋۇ ئوتۇننى تونۇرغا سېلىپ تۇر، مەن يەنە ئازراق ئوتۇن ئەكېلىۋالاي.

مەن يەنە بىر قۇچاق يانتاق ئېلىپ كەلدىم. خالىدەم تونۇرغا ئوت سېلىشنى كۆڭۈللۈك دەپ قولۇمدىن ئارىنى ئېلىپ تونۇرغا ئوتۇن سالدى. تونۇر قىزىپ ئاقىرىشقا باشلىغاندا خالىدەم ئاپامغا خەۋەر قىلغىلى كىرىپ كەتتى. ئاپام تونۇرنىڭ ئوبدان قىزىغانلىقىنى كۆرۈپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. مەن تەڭنىدىكى ئاپام راسلاپ قويغان نانلارنى كۆتۈرۈپ چىقتىم.

— خالىدەم، ماڭ، ئايخان ئاپاڭنى چاقىر، نان سېلىپ

بەرسۇن، بايا خېمىر يۇغۇرۇۋاتقاندا كىرىپتىكەن، نان يېقىشىپ بەرمەكچى ئىدى.

— مەنلا سېلىپ بېرەي، ئاپا.

— سەن قىلالامسەنمىكىن؟

— ئايخان ئاپام يوقكەن، ھېلى خەلچىخان ئاپاملارنىڭكىگە چىقىپ كېتىپتۇ.

— كېلە ئوسمان، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىل ـ ھە!

ئاخىر ناننى يېقىپ بولدۇق. خۇرشىدەم ئاكامنى ئىزدەپ يۈرۈپ تېپىپ كەلدى. ئۇ تونۇرنىڭ قىزىق پېتى تۇرغانلىقىنى، چوغنىڭمۇ ياخشىلىقىنى كۆرۈپ، ئاكامدىن تونۇرغا كاۋا كۆمۈپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، سەن ئاۋۋال بىر چىنە قارا ئۈزۈم ئاچىقە. خالىدەم سەن بېرىپ ئاپام يازدا ئېلىپ قويغان ھېلىقى زىرىقتىن بىر سىقىم يۇيۇپ كەل. ئوسمان، سەن كاۋىنىڭ ساپاق تەرىپىدىن خۇرشىدەمنىڭ قولى پاتقۇدەك تۆشۈك ئاچ!

— سېنىڭ بىر كاۋا پىشۇرمىقىڭ ئەجەب تەسكەن، ھەممىمىزنى ئىشقا بۇيرۇپ، — دېدىم مەن ئاكامنىڭ ئۆزى ھېچ ئىش قىلماستىن قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ.

— تەس بولسىمۇ مەيلى، ئاكامنىڭ بىڭسىنى كۆرۈپ باقايلى.

— ئۆزۈڭ قاراپ تۇرسەنغۇ؟ — دېدىم مەن ئاكامغا.

— مەن دېگەن ئۇستا، ئاشخانىلاردا ئۇستىسى شاگىرتلىرىنى ئىشقا بۇيرۇپ قويۇپ ئۆزى بىكار تۇرىدىكەن.

— سەن قاچان ئۇستا ئاشپەز بولۇۋالدىڭ؟

— مانا ئۈچ شاگىرتىم ئەتراپىمدا تۇرۇپسىلەرغۇ...

خالىدەم بىلەن خۇرشىدەم ئاكام بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىپ بولۇپ، يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— مېنىڭ تەييار بولدى.

— مېنىڭمۇ!

...

— خۇرشىدەم، سەن كاۋىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى، يىپلىرىنى ئوبدان ئېلىۋەت، بولمىسا كاۋا قىرتاق پىشىپ قالىدۇ.

— نېمە لاپ ئېتىپ يۈرسەن؟

— ھېلى بىلىپ قالىسەن، خالىدەم، ماڭ، ئاپامدىن بىر پارچە ياغلىقچىلىك داكا ئېلىپ چىق.

ئاكام كاۋىنىڭ ھېلىقى تۆشۈكىدىن ئىچىگە بىر چىنە قارا ئۈزۈم، بىر سىقىم زىرىق، ئون نەچچە تال كىچىك چىلان، بىر تال چاقماق قەنت، بىر چىمدىن تۇز، زىرە... قاتارلىقلارنى سېلىپ خالىدەم ئېلىپ چىققان داكا بىلەن كاۋىنى چىڭ چىگىپ لاينى كاۋىغا چاپلاپ تەكشىلەپ بولۇپ، تونۇردىكى چوغنى ئېچىپ ئوتتۇرىسىغا كۆمدى.

يۇلتۇزلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىپ ئاسمان يۇلتۇزلارغا تولۇشقا باشلىدى، كاۋا پىشاي دېمەيتتى. خۇرشىدەم، خالىدەم ئۈچىمىز پۇتلىرىمىزنى تونۇرغا ساڭگىلىتىپ، قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. ئاپام ھويلىدا نېمىنىدۇر بىرنېمىنى قىرىۋاتاتتى. تونۇردىن بەزى ـ بەزىدە «پىژ ـ پىژ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاكام «مەن كەلمىگۈچە كاۋىنى ئالماڭلار» دەپ قويغان بولغاچقا كاۋىنىڭ مەززىلىك ھىدى دىمىغىمىزغا ئۇرۇلسىمۇ ئاكامنىڭ كېلىشىنى كۈتتۇق.

— ئوسمان ئاكا، ئابابەكرى ئاكامنى مۇشۇ يەردە تۇرۇپلا چاقىرە، ئۇ ھەرقاچان سېلىم سالتاڭنىڭ دۇكىنىغا كەتتى، تونۇرغا كاۋا كۆمگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان بولمىسۇن يەنە.

مەن نەچچە قېتىم ئۈنلۈك چاقىردىم. ئاكام كەلمىگەچ بىز يەنە ئۆزىمىزنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتۇق.

— ئاتامنى بەك سېغىندىم، — دېدى خۇرشىدەم يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ.

— مەنمۇ سېغىندىم. ماڭا ئاتام ئەتە ـ ئۆگۈن كېلىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ.

— ماڭمۇ شۇنداق.

— مەن ئاتامنىڭ چىرايىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— رەسىمنى كۆرۈپ تۇرساڭ، قانداقسىگە ئۇنتۇپ قالغۇدەكسەن؟ — دېدى خۇرشىدەم خالىدەمگە خاپا بولۇپ.

— ماڭا گەپ قىلغانلىقىنى، مېنى ئوينىتالىقانلىقىنى، ئەركىلەتكىنىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ساقىلى بارمىدى ـ يوقمىدى؟

— تۈزۈك گەپ قىل، سىڭلىم، ئاتامنىڭ ساقىلى يوق، بۇرۇتى بار.

— ئابابەكرى ئاكام كەلدى!

مەن ئاكام كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئىتتىك كەينىمگە قارىسام كەينىمىزدە ئاپام تۇرۇپتۇ. ئاپام خالىدەمنىڭ بايامقى گەپلىرىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. ئاپامنىڭ بۇ مەيۈس هالىتىنى كۆرۈپ يۈرىكىم چوغقا كۆمۈلگەن كاۋىدەك «پىژ» قىلىپ قالدى.



# ئون ئالتىنچى باب

## ئوتلۇق تىلەك

### 1

مەن دۇنيادا «قويمىچى» دېگەن سۆزگە ھەممىدىن ئۈچ بولۇپ كەتتىم. ئاتام بۇ يەردىكى خەقنىڭ ئۇزۇملىرىنى ئالداپ ئېلىۋالغان بولسىغۇ مەيلى، ئۆزلىرى «ئۇزۇممىزنى بىر كوي بولسىمۇ قىممەت ئېلىپ ئوبدان پۇل قىلىپ بەر» دەپ ھويلىمىزغا ئەكېلىپ نېسىغا سېتىپ بەرگەن كىشىلەر، ئاتامنىڭ قويمىچىغا قويۇلۇپ كېتىپ، يات شەھەرلەردە تەمتىرەپ يۈرگىنىنى بىلمەي ئاتامغا « ئابلىز قويمىچى» دەپ لەقەم قويۇۋالدى. ئەمەلىيەتتە ئاتام مۇشۇ كىشىلەرگە ياخشى بولسۇن دەپ ئۇزۇم تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغانىدى. ئۇز ۋاقتىدا ئاپام ئاتامغا: «ھازىر خەقتە ئىنساپ قالمايۋاتىدۇ، ھېساباتقا دىققەت قىلىڭ، نەقلەشتۇرۇپ بولۇپ، ھۆججىتىنى يا يىرتىۋېتىڭ، يا كۆيدۈرۈۋېتىڭ، ھېلىمنىڭ ھۆججىتىمنى يوقىتىپ قويدۇم، دېگەن گېپىگە ئىشىنىپ پۇل بەردىڭىز. ئەتە ـ ئۆگۈن ھۆججىتىنى كۆتۈرۈپ كەلسە قانداق قىلىمىز؟... خەققە ئۇنداق ئاسان ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇزۇمنى ساتسىڭىزمۇ تېگى ـ تەكتىنى بىلىپ، ئامال بار ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا سېتىڭ... » دېگەنلىرىنى ئەمدى چۈشەندىم. بۇ دۇنيادا ئادەم ئۆزىگە پۇختا بولۇشى كېرەك ئىكەن.

ئۇز ۋاقتىدا بىزنىڭ ھويلىدىن كېتەلمەي بىز بىلەن ئوينايدىغان باللاردىن بىرمۇنچىسى ئەمدى بىز بىلەن ئويناس

بولۇپ قالغانىدى. مەن ئۇ چاغلاردا ئۇلارغا ئاسىم ئاكامنىڭ قاپاق تۈرۈپ، «ھاي» دېيىشلىرىگە قارىماي ئىپسىل ئۆزۈملەرنى يانچۇقلىرىغا قاچىلاپ بېرەتتىم... ئاپامغۇ «ئادەم دېگەن قىلغان ئىشىغا مىننەت قىلماسلىقى كېرەك» دەپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئاۋۇ غوپۇر پور بىلەن لېتىپ سوققىنى دەيمەن، يۇقۇملۇق كېسەللىمىز باردەك بىزدىن يىراق قاچىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۆيىدە چوقۇم بىز توغرۇلۇق يامان گەپ قىلغان گەپ، بولمىسا ئۇلار ئۇنداق قىلىدىغان باللار ئەمەس ئىدى. ئۇلار نېمە قىلسا قىلسۇن، ئاتامنى «قويمىچى» دېمىسە بولاتتى. ئاتام تېخى ئۆزىگە بۇ لەقەمنىڭ قويۇلغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۆزى يوق ئادەمگە سەۋەبسىزلا لەقەم قويۇش قىزىق ئىشتە بۇ. ئاتام ئاڭلىسا قانچىلىك خاپا بولۇپ كېتەر؟ ئاتامغۇ ئۆزىدىنلا گۇناھ ئىزدەيدىغان، نى ـ نى ئىشلارنى كۆلۈپلا ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان كەڭ قورساق ئادەم ئىدى.

دوستلىرىم ئەنۋەر، غالىبلار بىلەن راسا ئوينىدىم. مەن بۇنداق كۆڭۈللۈك ئويناپ باقمىغىلى خېلى كۈنلەر بولغانىكەن. ھەممىمىز ئوتتۇن تېرىپ كېلىپ ئىسسىنغاچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

— ئەنۋەر، سەن چوڭ بولغاندا نېمە بولاي دەيسەن؟

— مېنىڭغۇ دوختۇر بولغۇم بار، مۇشۇ ئوقۇشۇم بىلەن دوختۇر ئەمەس، ئاران دېھقان بولغۇدەكمەن.

— نەدە ئويۇن بولسا سەن شۇ يەردە. ئويۇندىن ئۆزۈڭنى سەل تارتقان بولساڭ كۆزلىگەن نىشانىڭغا يېتەتتىڭ.

— مەنچۇ، ھەربىي بولىمەن. تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرسەملا بولدى. ئىككى يىل ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ يۇرسەم يېشىم ئەسكەر يېشىغا توشىدۇ ـ دە، ھەربىيلىككە تىزىملىتىپ ھەربىي بولىمەن.

— نېمە كىچىك بالىدەك بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ كەتتۇق، باشقا گەپ قىلايلى، — دېدى ئەنۋەر چوڭلاردەك قىياپەتتە تۇرۇپ.



— هوي، چوڭ بولغان ئوخشىمامسەن؟ ئاتاڭغا دەپ قويايلى، تويۇڭنى قىلىپ قويسۇن!

ھەممىمىز كۈلۈپ كەتتۇق.

— ئوسمان، سېنىڭ ئۆگىنىشىڭ بىزنىڭكىدىن ياخشى، بۇرۇندىنلا قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى بولىمەن دەيتتىڭ، سەن ئارزۇيۇڭغا يېتىدىغان ئوخشايسەن. كېيىن بىز سەن لايىھىلىگەن ئۆيلەردە ئولتۇرىمىزمۇ تېخى.

— ياق، مەن ساقچى بولىمەن!

— نېمە؟ سەن شوپۇر بىلەن ساقچى بولمايمەن، ھەممىڭلار ساقچى، شوپۇر بولساڭلار مەن ئىنژېنېر بولىمەن دەپ يۈرەتتىڭغۇ؟

— مەن سودىنى قوغدايدىغان، سودا رىقابىتىنى قوللايدىغان ئادىل ساقچى بولىمەن..

ئاتام ھەققىدە ئۇلارغا بىر نېمە دېگۈم يوق ئىدى. ئاتامنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە لىققىدە بىر چامادان پۇل كۆتۈرۈپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

— ئوسمان، گارموشكا چېلىپ بېرە، ئاڭلىساق، ئاكاڭدىن گارموشكا چېلىشنى خېلى ئوبدانلا ئۆگىنىۋاپسەن، — دېدى ئەنۋەر خىياللىرىمنى بۇزۇپ.

كاللامغا قانداق قىلىپ بۇ ناخشا كېلىپ قالدىكىن، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا گارموشكا چېلىشقا باشلىدىم...

ئاتا دېگەن تاغ ئىكەن،
ئانا دېگەن باغ ئىكەن.
ئاتاسى يوق، ئاناسى يوق،
بۇ دۇنيادا خار ئىكەن.

...

ناخشىنىڭ مەزمۇنىدىنمىكىن كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ كۆز

چاناقلىرىمغا ياش تولدى. مېنىڭ ئاتام بار تۇرۇپ نېمىشقا كۆڭلۈم بۇنداق بۇزۇلىدۇ؟ بولدىلا، خۇشال پەدىلەرگە چالاي. مەن شۇلارنى ئويلاپ ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان «سېغىنىش» دېگەن ئاھاڭغا چالدىم.

بۇلبۇللار سايرىشار گۇلشەنلەر ئارا،
ھەر تاڭدا ئويغىنىپ سېنى ئەسلەيمەن.
...

گارموشكىنى چالغىنىمدا ئاتامنىڭ سېيماسى، ئاتام بىلەن بىللە ئۆتكەن خۇشال كۈنلەر كۆز ئالدىمغا كىنو لېنتىسىدەك بىر ـ بىرلەپ كېلىپ يۈرىكىمنى لەرزىگە سالاتتى.

## 2

كۈنلەرنىڭ ئاستا ئۆتۈشىدىن زېرىكتىم. تېززەك چوڭ بولسام بولاتتى. ئاتامنى قايتۇرۇپ كەلسەم، ئاپامنى ئېغىر ئەمگەكتىن ئازاد قىلسام، خەقلەرنىڭ ئاتامغا قويۇۋالغان «قويمىچى» دېگەن لەقىمىنى يوقاتسام بولاتتى.

تىرىشساڭ ئۇزارسەن دېگەندەك تىرىشىپ ئوقۇپ خېلى ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتىم. مەن تىرىشىپ ئوقۇغانسېرى ئۆزۈمگە ئىشىنىدىغان بولۇپ قالغاندىم. ئادەمدە ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئىشەنچ بولمىسىمۇ بولمايدىكەن. ئادەم ئۆزىگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ ئۆگىنىش قىلسا، دەرس مېڭىسىگىمۇ ئاسان چۈشىدىكەن. ئىشقىلىپ ھەرقايسى پەنلەردە ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا ماڭاتتىم. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ساۋاقدىشىم دىلمۇراتنىڭ ئاكىسىنىڭ ئالىي مەكتەپنىڭ تەييارلىقىدا ئوقۇغان «خەنزۇ تىلىدىن ئاساس» دېگەن كىتابىنىڭ 2 ـ قىسمىنى خەنزۇ تىلى ئاساسىمنى پۇختىلاش ئۈچۈن ئارىيەتكە ئېلىپ ئۆگىنىۋاتاتتىم.

شۇنداق تىرىشىپ ئۆگەنگەچكە خەنزۇ تىلى سەۋىيەم ساۋاقداشلىرىمنىڭكىدىن خېلى ئېشىپ كەتتى. گارموشكىنى چېلىشنىمۇ مەشىق قىلىپ خېلى كۆپ ناخشىلارغا چالالايدىغان بولدۇم.

بىزنى ساق ـ سالامەت قاتارغا قوشۇش ئاپامنىڭ خۇشاللىقى بولغاچ بىزنىڭ تاماق يېيىشىمىزگىچە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. مېنىڭ كەرەپشە... قاتارلىق كۆكتاتلارنى يېمەيدىغانلىقىمنى بوۋامدىن تارتىپ خالىدەمگىچە ھەممىسى ئەيىبلىشەتتى. ئاپامنىڭ نەسىھەتىدىن كېيىن كۆكتات تاللىمايدىغان بولدۇم... ئاپام مېنىڭ بۇ ئىشىمدىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

— مانا، ئوغۇل بالا دېگەن مۇنداق بولمامدۇ؟!

— قىز بالىلار تاماق تاللىسا بولامدۇ، ئاپا؟ — دېدى خۇرشىدەم.

— سەن جىنىنىڭ دېمەيدىغان گېپىڭ يوق. قىز بالا دېگەن تېخىمۇ تاماق تاللىماسلىقى، كۆكتات تاللىماسلىقى كېرەك.

— ئوسمان ئاكا، سەنمۇ ئاپامنى يالغۇزرسۇن، دەپ قەستەن سەي تاللاپتىكەنسەن ـ دە؟! ئاپامنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سېنىڭ ئۈچۈن ئاۋارە بولۇشلىرىنى ئويلاپ باقە؟

— شاھزادىلەردەك ئەتىۋار بولۇۋالاتتىڭ.

— ھەممىڭلار مېنىڭ يۈرەك پارىلىرىم، ئوغۇللىرىم شاھزادە، قىزلىرىم مەلىكە....

مەكتەپلەردە يېڭى يىللىق پائالىيەت قىلىش ئۈچۈن «ئۈزۈنغا يۈگۈرۈش» مۇسابىقىسى باشلىنىپ كەتتى. خۇرشىدەم يىللىقلار بويىچە 1 ـ بولۇپ 25 يۈەن مۇكاپات ئېلىپ كەلگەنىدى. ئاپام خۇشاللىقىدا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، خۇرشىدەمنىڭ ئىرادىسىگە ئاپىرىن ئېيتتى.

بۇ خەۋەرنى ئۇققان بوۋام بىلەن كىچىك ئاتاملار كىرىپ خۇرشىدەمنى ماختىشىپلا كەتتى.

— ئوقۇشنىمۇ ياخشى ئوقۇدۇڭ، قىزىم، مەكتەپ ساڭا 25 كوي مۇكاپات بەرگەن بولسا مەن ساڭا 50 كوي مۇكاپات بېرىمەن، مە، ئاله.

— مەنمۇ 30 كوي مۇكاپات بېرەي، ئاله، — ئابلىمىت كىچىك ئاتاممۇ خۇرشىدەمگە پۇل تەڭلىگەنىدى، خۇرشىدەم:

— بولدى، بولدى، ئادەمنى خىجىل قىلىپ... — دېگىنىچە ئاپامنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى.

— سەن ئالمىساڭ، مەن ئېلىۋالىمەن جۇمۇ؟ — دېدى خالىدەم خۇرشىدەمگە چاقچاق قىلىپ، ئۇنى پۇلنى ئېلىشقا زورلاپ.

— شۇنچە بالىنىڭ ئىچىدە يۈگۈرۈپ بىرىنچى بولماق ئاسانمۇ؟ بۇ خۇش خەۋەرنى سۇلايماننىئاخۇننىڭ قىزى زۆھرەگۈلدىن ئۇقتۇم، زۆھرەگۈل «قارىسام، خۇرشىدەم توشقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ، ھېچكىمنى يېتىشتۇرمىدى. مەن ھېرىپ كېتىپ يېرىم يولدا توختاپ قالدىم، خۇرشىدەم ئىككىنچى بولغان قىزدىنمۇ 200 مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ چىقىپتۇ» دەيدۇ.

— راست، مەنمۇ كۆردۇم. ئاچام بىرىنچى بولۇپ كېلىپمۇ بىردەم ئارام ئېلىۋېلىپلا يەنە ھېچنېمە بولمىغاندەك يۈرۈۋەردى. باشقىلار بولسا يۆتىلىپ، ماغار ھالى يوق بولۇپ كەتتى...

— بولدى، بولدى، سەن قالمىغان ئەمدى مېنى خىجىل قىلمىغان، — دېدى خۇرشىدەم خالىدەمگە ئالىيىپ.

خىجىللىقتىن ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن خۇرشىدەم ئاپامنىڭ دالىدىسىدىن چىقىپ بوۋام بىلەن كىچىك ئاتامغا رەھمەت ئېيتتى.

كەچتە مەن يەنە ئۆگىنىشىمنى قىلىپ بولۇپ، ئىككى سىڭلىمنىڭ دەرسلىرىنى ئالدىنئالا ئۆگىتىپ قويدۇم. ئاندىن گارموشكىنى چېلىپ مەشىق قىلدىم. خىيالىمدا ئاتام قول سومكىسىنى كۆتۈرگەنچە كەلمەكتە ئىدى. تاتلىق خىياللارغا چۆمۈۋاتقان شۇ ئەسنادا خۇرشىدەم خىيالىمنى بۆلدى.

— ئىدىشتىكى سۇ تۈگەپتۇ، ئاپام سېنى سۇ ئەكىرىپ بەرسۇن، دەيدۇ، مەن قولچىراغنى يېقىپ بېرەي، سۇ ئەكىلىپ بەر، ئاكا.

خۇشياقمىغان هالدا ئىككى چېلەك سۇ ئەكېلىپ ئۇھ، دەپ ئەمدى مۇزىكا چېلىشنى مەشىق قىلاي دەپ تۇرسام، خۇرشىدەم بىلەن خالىدەم يەنە كىرىپ كەلدى.

— ئاكا، زېرىكىپ كەتتۇق، چۆچەك ئېيتىپ بېرە؟

— ئاپام يالغۇز قالدىمۇ؟

— كىر يۇيۇۋاتىدۇ.

— مۇكاپات ئالغان پۇلۇڭنى نېمە قىلاي دەيسەن؟

— جىق بولسا، ئاپامغا خەلچەم ئاپامنىڭكىدىن قېلىشمىغۇدەك ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن بىلەزۈك ئېلىپ بېرەتتىم.

مەن ئۇلارغا «ئالتۇن كەش» دېگەن چۆچەكنى ئېيتىپ بېرىۋېدىم، چۆچەك تۈگىگۈچە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. مېنىڭ هېچ ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئاپامنىڭ ئالتۇن زىبۇزىننەتلىرىنى سېتىۋەتكىنىنى ئويلاپ، كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى. كۆزۈمنى يۇمۇپ گارموشكىنى ئېلىپ چېلىشقا باشلىدىم. كۆز ئالدىمغا چىرايلىق كىيىنىپ، گۈلدەك ياسانغان ئاپامغا ئالتۇن جابدۇقلارنى ئېسىپ قويغان تۇرقىمىز كەلدى. چىرايلىق بوينىغا ياراشقان ئۈچ قۇر ئالتۇن زەنجىرى، ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن هالقا، ئۈزۈكلەر ئاپامنى تېخىمۇ ياش كۆرسىتەتتى... كۆزۈمنى ئاچسام‌ﻼ بۇ كۆرۈنۈشلەر يوقاپ كېتەتتى. مەن ئوڭۇمدىمۇ مۇشۇنداق بولسىكەن، دەپ كۆزۈمنى ئاچماي گارموشكىنى چېلىۋەردىم. مېنىڭ بۇ يالقۇنلۇق تىلەكلىرىم بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. مۇزىكىنى چېلىۋېرىپ هېرىپ توختىدىم.

تاتلىق خىياللاردا قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. ئويغانسام تاڭ ئېتىپتۇ. مېنىڭ بۇ ئوتلۇق تىلەكلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پۇرسەت كېلەرمۇ؟

## ئون يەتتىنچى باب

# مېھماندارچىلىق

## 1

ئاكام بۇرۇنقىدەك تاماكا چېكىدىغان، ئۆيگە كەچ كىرىدىغان ئادەتلىرىنى تاشلىغان بولسىمۇ، ئاپام كۆڭۈلدە كېچىدە ھۇجرىمىزغا كىرىپ ئاكامنىڭ بار - يوقلۇقىغا، مەشتىكى ئوتنىڭ ئۆچكەن - ئۆچمىگەنلىكىگە قاراپ قويۇپ چىقىپ كېتەتتى. ئاكام ئاپامنىڭ بۇ ئىشىدىن خاپا بولۇپ غۇدۇرىسا، ئاپام: «بالىلىرىم، قىشنىڭ سوغۇقى بىر تەڭ، مەشنىڭ ئىسى بىر تەڭ، سىلەر ئۇنداق دېگەن بىلەن ئوتقا دىققەت قىلمايسىلەر. سىلەرنى چوڭ قىلغۇچە، تەڭگىدەك يېرىڭلارنى كۆيدۈرۈپ قويماي چوڭ قىلدىم، ھەر تۈرلۈك بالا - قازادىن ساقلانمىساق بولمايدۇ. بالا - قازا پۇت - قولىنى ساڭگىلىتىپ كەلمەيدۇ...» دەپ ئاكامنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلاپ قوياتتى.

تۇرۇپلا، ئاپام مەندىن ئانچە ئەنسىرىمەيدىغان ئوخشايدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئوخشىمامدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. توغرا، ئاپام نېمىشقا مېنىڭدىن ئەنسىرىمەيدۇ؟ مېنىڭ بىلەن ئانچە كارى بولمايدۇ؟ مېنى ياخشى كۆرمەمدۇ يا؟ ئۆزۈمچىلا قورسىقىم كۆيۈپ، كۆڭلۈم يېرىم بولدى. مەن بىرەر كۈن شۇنداق يوقاپ كەتسەم ئاپام مېنىمۇ، «ئوسمان قېنى؟ ئوسمان، ئوسمان...» دەپ چاقىرىپ ئۆيمۇ ئۆي يۈگۈرۈپ يۈرەمدىغانمىدۇ ياكى كېلىدىغۇ، دەپ ئىزدىمەسمۇ؟ قاچانلا بولسا

ئاپامنىڭ ئاغزىدىن «ئابابەكرى» دېگەن ئىسىم چۇشمەيدۇ. ئانا دېگەن «مەن سېنى ياخشى كۆرمەيمەن» دېمەيدۇ، گەپ ـ سۆزىدە، بالىلارغا قىلغان مۇئامىلىسىدە بىلىندۇرۇپ قويىدۇ. تاماق ۋاقتىدىمۇ ئاكامغا ئاۋۋال ئېلىپ بېرىدۇغۇ؟

مەن ئويلا ـ ئويلا بىر ئامال تاپتىم. بىر كۈن ساۋاقداشلىرىمنىڭكىگە بېرىپ ئۆيدىكىلەرگە دەپ قويۇپ كەلدىم دەپ قونۇپ قالاي. ئاپىلار قانداق قىلىدىكىن، ئىزدەمدۇ ـ ئىزدىمەمدۇ؟ يا بولمىسا، بىر قاپ سەرەڭگە، بىر نان، بىر قۇتا سۇ ئېلىپ جاڭگالغا كېتىپ كەچتە چىقىپ باقاي. ئىزىمنى ئىزلاپ بارامدىكىن؟! كەچ بولۇپ كېتىپ ھېچكىم ئالغىلى بارمىسا قانداق قىلارمەن؟ سەرەڭگە بولغاندىكىن يۇلغۇنلارنى سۇندۇرۇپ گۈلخان يېقىپ ئىسسىنىپ كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى يېنىپ كەلمەيمەنمۇ؟ مەنمۇ ئوغۇل بالا بولغاندىكىن بىر كېچە سىرتتا قونۇپ قالسام ھېچنېمە بولماسمەن، ئۇنچىۋالا قورقۇپمۇ كەتمەسمەن. قىشتا تالادا ياتسا سوغۇق، توڭلاپ قالماسلىقنىڭ ئامالىنى تاپاي. ئېسىمگە كەلدى. ھېلىقى «ئۈچ ئوۋچى» چۆچىكىدىكى ئوۋچىلار قىشتا ئوۋغا چىققاندا «ئوي كاڭ» دا ياتاتتىغۇ. ئوي كاڭنى ياسىماق قانچىلىك ئىشتى؟! بىر چوڭراق ئويمان يەرگە گۈلخان يېقىپ چوغنى قۇم بىلەن كۆمۈپ قىزىق توپىدا كۆيمىگۈدەك بولغاندا ئاندىن ياتسام بولمامدىمۇ؟ شۇنىمۇ قىلالمىسام مېنى قانداقمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دېگىلى بولسۇن؟ ! مېنى ئاپىلار ئىزدىمىسىمۇ مەيلى. ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن. چاققانراق تۇتۇش قىلاي. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال بىر پۇختا پىلان تۈزەي. پىلاننى تۈزۈپ بولۇپ ئاندىن يولغا چىقاي. بۇنىڭ ئۈچۈن ھاۋارايىغا ئوبدان دىققەت قىلىشىم كېرەك، رادىئودىن «ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات»نى ئوبدان ئاڭلىۋالاي، كەچتە ئايغا، يۇلتۇزغا قاراپ كۆزىتەي. ئەڭ ياخشىسى سۈتتەك ئايدىڭ كۈنلەرنى تاللاي. بوۋام ئادەم يالغۇز قالغاندا، ئاسماندىكى ئاي، يۇلتۇزلارمۇ ھەمراھ بولىدۇ، دېگەنىتىغۇ. ئاي، يۇلتۇزلارنى

ھەمراھ قىلىپ، بىر كېچىنى جاڭگالدا ئۆتكۈزۈپ باقاي. بىرەر ياۋا توشقان تۇتۇۋالسام ئۇنى سويىدىغانغا پىچاق كېرەك، قەلەمتىراشنى ئېلىۋالاي. ياۋا توشقان دېگەننىڭ مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە تازا سەمرىگەن ۋاقتى. زىخنى يۇلغۇندىن ياسىسام، تۇزغا نەگە بارارمەن؟ شورنى سەپسەم... ياق، يانچۇقۇمغا ئازراق تۇز سېلىۋالسام بولمىدىمۇ؟ تۇزسىز يېگەن نەرسە ئېغىزغا تېتامتى؟ ۋاي، ئېسىم قۇرۇسۇن. گارموشكىنى ئېلىۋالاي. ئادەمزاتسىز ئۇ جاڭگالنى تازا بىر جانلاندۇرۇۋېتىپ تاتلىق، راھەت ئۇخلىمايمەنمۇ؟ مېنىڭ چالغان مۇزىكامغا كېيىكلەر ئامراق بولۇپ يېنىمغا كېلەمدۇ تېخى، كېلىپ قالسا چوقۇم چۆچەكلەردىكىدەك دوست بولىمەن. تۈلكە كېلىپ قالسا قانداق قىلىمەن؟ تۇتۇۋېلىپ تېرىسىنى ساتمايمەنمۇ؟ ئۇ دېگەن بەك قۇۋ نەرسە، ماڭا تۇتۇق بەرمەيدۇ. ھەي بۆرە بولغان بولسا ياخشى بولاتتى. بۆرىنى شۇنداق كۆرگۈم بار ئىدى. ئۇنى كىشىلەر يىرتقۇچ دېيىشىدىكەن. ئەمما ئىسمائىل دادام، بۆرە دېگەن ئاجايىپ مەرد ھايۋان. چېقىلمىساڭ چېقىلمايدۇ، ئۇم - ئىناق ياشايدۇ، ئۇلاردىكى ساداقەتمەنلىكنى ئادەم چۈشىنىپ يەتمەيدۇ... دېگەنغۇ؟ ئۇلار ئاچ قالسا ماڭا ھۇجۇم قىلارمۇ؟ مېنىڭچە بۇ جاڭگالدا بۆرە يوق. بۆرىنىڭ خىيالىنى قىلماي ياخشىسى مېنى ئاپاملارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ياخشى پىلان تۈزەي. جاڭگالغا ماڭغۇچە بىرەر كىمگە شەپە بېرىپ قويۇپ ماڭغىنىم تۈزۈكمۇ - قانداق؟ راست، بىرەرسىگە شەپە بېرىپ قوياي. بولمىسا باشقا ياقلارنى ئىزدەپ يۈرمىسۇن؟ كىمنى تاللىسام بولار؟ ئاكامغا دەپ قويسام... بولمايدۇ، بولمايدۇ. خۇرشىدەمگە ... ئۇمۇ بولمايدۇ. غوپۇرچۇ؟ ئۇنىڭغا تازا ئىشىنىشكە بولمايدۇ. غالىب ئىشەنچلىك، توغرا، غالىبقا دەپ قويۇشۇم كېرەك. ئۇنىڭغا نېمە دېسەم بولار؟ دەيدىغان گەپنى ئويلىشىپ بولۇپ، يالغۇز يەردە نەچچە قېتىم مەشىق قىلىۋېلىپ چانمىغۇدەك گەپ قىلىدىغان بولغاندا دەي. شۇنداق قىلسام ئۇ گېپىمگە ئىشىنىدۇ ھەم مېنىڭ بۇ ھەرىكەت

پىلانىمىز چىقىپ قالمايدۇ. سومكامدىكى كىتاب ـ دەپتەرلەرنى ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى سالسامال ئىش پۈتىدۇ ئەمەسمۇ. ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ ھەرىكەت پىلانىم چىقىپ قالمىغۇدەك بولسۇن، ئاندىن ئىش باشلاي.

كۈنلەر ئەنە شۇنداق پىلان قۇرۇپ، غوزەك چۆلەش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. قولۇم غوزەك چۆلەشتىن توختاپ قالغان چېغى، خۇرشىدەمنىڭ بىر تال سامساق غوزەكنى ماڭا ئېتىشى بىلەن ئېسىمگە كەلدىم. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە، ئۇ مەندىن ئوسمان ئاكا، نېمە ئويلاۋاتىسەن، دېسە، پىلانىمنى ئاشكارىلاپ قويۇشۇمدا گەپ يوق ئىدى. مەن ئىشىمنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن خىيالىمنىمۇ داۋاملاشتۇردۇم.

— ئاپا، چۆچەك ئېيتىپ بېرە؟ — دېدى خالىدەم جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ئوسمان، سەن ئېيتىپ بېرە.

— ئۆزۈڭ ئېيتىپ بېرە، ئاپا، مەن سەن ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەرنىلا ئېيتىدىكەنمەن، يېڭى ـ يېڭى چۆچەكلەرنى ئېيتالمايمەن. سەن ئېيتقان چۆچەكلەرنى بىر ئاڭلىساقلا تۇتۇۋالىدىكەنمىز ...

— «بوز كۆرپەش بىلەن قارا چاچ ئايىم»نىڭ ئاخىرى قالغان، شۇنى ئېيتىپ بەر.

ئاپامنىڭ چۆچىكى تۈگىشىگە بىزنىڭ بۇ ئاخشاملىق چۆلەيدىغان غوزەك ۋەزىپىمىزمۇ تۈگىدى. مەن «يازلىق يىگىت» بولغاچقا، ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرۇپ، كىتاب كۆرۈش بىلەن مۇڭدىشىشنى ياخشى كۆرەتتىم.

— ئاپا، ئەتە قارلىغاچكارىزغا بېرىپ كېلەيلىچۇ؟

— زېرىكىپ قالدىڭلارمۇ؟

— زېرىكتۇق !

— بارساق بارايلى، ئۆتكەندە تاھىر ئاكاڭلار بىلەن ئاسىم ئاكاڭلار ئائىلىسى كەلگەندە، ئىش بار، دەپ بارمىغانىدۇق. ئەتە

ئابابەكرى پاختا ئالغىلى مېڭىپ كەتسىلا، بىزمۇ يولغا چىقايلى.
مەن ھېلىقى پىلانىمنى مۇشۇ مېھماندارچىلىقتا بارغاندا باشلاش ھەققىدە بىر قارارغا كېلىپ پىلانىمنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، پۇختىلىدىم.

2

سەيدىخان ئاپاملارنىڭ ھويلىسىدا ئويۇن ئويناۋاتقان خۇرشىدەملەرگە مەنمۇ قوشۇلۇپ ئوينىدىم. ئۇلارنى ئويۇنغا قىزىقتۇرۇپ، جاڭگالغا غىپپىدە تىكىۋەتمەكچى بولدۇم. بۇ ئەڭ ياخشى پۇرسەت ئىدى.

— كېلىڭلار، باشقا ئويۇن ئوينايلى !

— قانداق ئويۇن ئوينايمىز؟

— ئاراڭلاردا كىچىكلەر كۆپرەككەن، شۇڭا «مۇڭگۇز - مۇڭگۇز» ئوينايمىز.

— بولىدۇ، يېڭىلگەنلەر نېمە قىلىدۇ؟

— ئۆزۈڭلار دەڭلار.

نېمىشقا ئۆزۈمنىڭ پىلانىنى مۇشۇنىڭغا قوشۇۋەتمىدىم. ئىسىت، يېڭىلگەنلەر كارىزنىڭ ئايىغىدىكى مۇزلۇقتىن پاكىز مۇز ئېلىپ كېلىدۇ دېگەن بولسام، مەن يېڭىلىپ بېرىپ، مۇز ئەكېلەي، دەپلا جاڭگالغا كەتكەن بولسام...

— ئۇسسۇل ئويناپ بەرسۇن !

— باشلىدىم ئەمىسە، مۇڭگۇز - مۇڭگۇز، كالا مۇڭگۇزى !

— مۇڭگۇز !

— مۇڭگۇز - مۇڭگۇز، ئۆچكە مۇڭگۇزى !

— مۇڭگۇز !

...

مۇڭگۇز - مۇڭگۇز، ئات مۇڭگۇزى !

— مۇڭگۇز !

— بەختىگۈل يىغلىدى، ئاتىنىڭ مۈڭگۈزى بارما؟
باشقىلارنىڭ ناخشا ئېيتىپ چاۋاك چېلىشى بىلەن بەختىگۈل ئۇسسۇل ئويناپ بەردى. مەن ئەمدى ئويۇننى ئۆزگەرتتىم. ئويۇن شەكلى ئاۋۋالقىغا ئوخشايتتى.
— مېۋە - مېۋە، ئالما مېۋىسى !
— مېۋە - مېۋە، ئۆرۈك مېۋىسى !
— مېۋە - مېۋە، چۈلۈك مېۋىسى !
— ھە، ئەسمىتۇللا يىغلىدى. چۈلۈك دەرىخىنىڭ مېۋىسى بارما؟ سەن نېمە قىلىپ بېرىسەن؟
— تېپىشماق ئېيتىپ بېرىمەن، تېپىۋالغانلارغا تەزىم قىلىپ بېرىمەن، تاپالمىساڭلار «شەھەر بېرىسلەر».
— قېنى دەپ باقە؟
— باغلاق تۇرۇپ سەمرىيدۇ، ئۇ نېمە؟
— قوي !
— ياق !
— قانداق نەرسە ئۇ؟ ئىسمىنىڭ باش ھەرپىنى بولسىمۇ دەپ بەر!
— تاپالمىساڭلار شەھەر بېرىڭلار.
— شەھەر بەرسەك بەردۇق.
— ئەمىسە تۇرپان شەھىرىنى بەردۇق.
— بەك كىچىك، چوڭراق شەھەر بېرىڭلار.
— قارا ماۋۇنى، تۇرپاننى كىچىك كۆرۈۋاتامسەن؟ ئالە، شەرىڭنى، ئۈرۈمچىنى بەردۇق.
— مەن بىر كۈنى ئايروپىلانلىق كېتىۋاتسام ...
ئۇنىڭ قىزىق گەپلىرىدىن ھەممىمىز تېلىققۇچە كۈلدۇق. ئۇنىڭ بۇنداق قىزىقچىلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. ئۇنىڭ تېپىشمىقىنىڭ جاۋابى «قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا» ئىكەن. شۇنى تاپالماپتۇق.
مەن پىلانىمنى قايتا ئويلاپ چىقىشقا ئۈلگۈردۇم. سەرەڭگە

ۋە تۈزنىغۇ ئىلىنىۋالارمەن؟ قەلەمتىراش بىلەن نان، سۈنى ... بۇ يەردىن ئىلىنىۋالسام ... بولمىغۇدەك. ئۆيگە بېرىپ سومكامغا ھەممىنى تەخلەپ بولۇپ ماڭغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. قاراڭغۇ چۈشكۈچە يۇلغۇنلۇق جاڭگالغا بارالمايمەن ـ دە، كېچىدە ياتىدىغان ئوي كاڭ راسلىيالمايمەن. شۇ ئەسنادا تاھىر ئاكام تاماققا چاقىرىپ قالدى. ئوغرىلىق قىلىپ قويغاندەك چۆچۈپ كەتتىم. مەن جاڭگالغا بېرىپ بىر كېچە يوقاپ كېتىش پىلانىمنىڭ خېلى پۇختا بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ يەتكەنىدىم.

مەززىلىك ھەم يېيىشلىك تاماقتىن كېيىن تۈغقانلار كاڭنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئاسىم ئاكام كىرىپ كەلدى:

ـــ سېلىمخان ئايلا، سىلەرنى كەپتۇ، دەپ بىزمۇ ئازراق داستىخان راسلىغان، قېنى سەيدىخان ئايلا، سىلەرمۇ يۈرۈڭلار، ئابدۇرېھىم ئاكام قېنى؟

ـــ بولدى، ئۇكام، نېمە ئاۋارە بولۇپ يۈرىدىغانسىلەر.

بىز ئاسىم ئاكاملارنىڭكىدە ياۋا توشقان گۆشىدە ئەتكەن ياپما يېدۇق.

ـــ ئۈلۈشكۈن كېچىدە كارىزدىكى باللار توشقان تۇتقىلى بارايلى دەپ جاڭگالغا بارساق توشقان دېگەن شۇنداق تولىكەن. خالىق خەدەڭنىڭ قول تراكتورىنىڭ چىرىغىنى ئۈزۈن قاپلىق توك سىمغا ئۇلاپ چىراغنى ياندۇرساق سالساق توشقاننىڭ كۆزى ياقۇتتەك پارقىراپ كەتتى. ئارقىدىن بېرىپلا تۇتتۇق. مەنمۇ بەشنى ئەكەلگەنىدىم. مانا سىلەر يەۋاتىسىلەر، سىلەرنىڭ رىزقىڭلار باركەن بۇنىڭدا...

مەن توشقاننىڭ تولىلىقىنى ئاڭلاپ جانلىنىپ كەتتىم. چوقۇم مەنمۇ تۇتالايمەن، توشقان كاۋىپى يەيمەن. ئاسىم ئاكام بايا «ئابابەكرى توشقان گۆشىگە ئامراق» دەيدىغۇ؟ مەنمۇ توشقان گۆشىگە ئامراق. مېنى ئۇمۇ نەزىرىگە ئالمايدىكەن ـ ھە!

پىلانىمنى تېز پۈتتۈرمىسەم بولمىغۇدەك. قاراپ تۇرۇپ «ئابابەكرى توشقان گۆشىگە ئامراق» دېگەن گەپنى نەچچە قېتىم دېدى. ئۇنداق دېگۈچە «بالىلىرىڭ توشقان گۆشىگە ئامراق» دېسە بولماسمىدى...

تېلېۋىزوردا قايسىدۇر بىر كىنو قويۇلۇۋاتاتتى. ئاسىم ئاكام بىردىنلا ئاپامغا:

— قارا - قارا، ئايلا، تېلېۋىزوردىكى ئاۋۇ ئادەم ئابلىزكامنىڭ ھېلىقى ئىككى يىل شېرىك بولغان خام سېمىز شېرىكىگە ئەجەب ئوخشايدىكەن.

— راست، شۇنداق ئوخشايدىكەن.

— ئۇ گۈينىڭ چىرايىدىنلا بىر شۇملۇق چىقىپ تۇراتتى. ھېلىقى ئۈزۈم ئالغان ئەبلەخلەر بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، پۇلنى ھېسابىغا كىرگۈزۈۋېلىپ كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالغاندىمۇ يا؟

— شۇنداق بولسىغۇ ئۈزۈمنىڭ يېرىمى بولسىمۇ قايتىپ كەلسە، ئورنىمىزدىن تىك تۇرۇپ كېتەتتۇق.

— ئابلىزكامنىڭ مىڭ تەستە تاپقان پۇللىرى يوقا چىقىپ، ئوتتۇز نەچچە تۈمەن نېسى ئالغان ئۈزۈم پۇلىنىڭ ئارتىلىپ قېلىشىنى كىم ئويلىغان دەيسىلەر. مەن شۇ كىشىدىن گۇمانلىنىمەن. شۇنى بىر ئىزدەپ باقامدۇق يا؟

— سەن ئىچكىرىگە بېرىپ باقمىغان. ئاۋۋال ئاكاڭ كەلسۇن.

— سىلىمىخان، ئاسىممۇ توغرا دەيدۇ. ئىزدەپ باقسۇن. ئابلىز ئاخۇن كەلسە ھەممىمىزگە ياخشى. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ بالىلارمۇ چوڭ بولدى. يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىڭلارغا ياردەملىشىدۇ. ئاسىم ئۈزۈم ئېلىشقا خېلى پىشىپ قالغانىدى. ئابلىز ئاخۇن ئىچكىرىدە تۇرۇپ، ئۈزۈمنى سېتىپ بەرسىلا بولاتتى. خەق نە - نەلەردىن كېلىپ ئۈزۈم سودىسى قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇرېھىم ئاتام تاماكىسىنى چېكىۋېتىپ.

— ھەممىڭلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت. بالىلارنىڭ ئاتىسىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ نەدىن ئىزدەيمىز؟ ئاۋۋال ئۇنىڭ ئۇچۇرىنى ئالايلى، ئاندىن ئىزدەيلى دېيىشتۇق. بوستانكاربزدىكى تۇغقانلار ۋە ئەل ـ جامائەتمۇ شۇ قاراشتا.

— بوستانكاربزنىڭ جاڭگىلىدا يۈرسەك ئابلىز ئاخۇننىڭ ئۇچۇرىنى ئالالمايمىز. ئاۋۋال بالىلار ئىچكىرىگە بىر كىرىپ باقسۇن. ئادەم بارمىغان يەر بولمىغاندىكىن ئۇ يەر.

كۆزۈم تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئىدى، يالاق ئېغىز، كالا كۆز، چوققىسىدا چېچى قالمىغان، پاناق بۇرۇن، ئېڭىكىدە شور يەردىكى بۇغدايدەك نەچچە تال ساقىلى بار دوغىلاق ئادەم ماڭسىمۇ، تۇرسىمۇ، كۈلسىمۇ ماڭا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراۋاتقاندەك، «ئاتاڭنى مەن ئۇڭدا قويدۇم، قانداق قىلاتتىڭ» دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەن ئۇ چىققانلا كۆرۈنۈشكە سەپسېلىپ قاربدىم. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى راستىنىلا گۇمانلىقتەك ھېس قىلىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭ رەقىبىگە بولۇشۇپ، ئۇنى راسا ئۇرۇشىنى، ئورنىدىن تۇرالمىغۇدەك ئۇرۇشىنى تىلىدىم. ئۇھ، ئاخىر رەقىبى يەڭدى. ئۇنىڭ رەقىبى يەڭسە مەن يېڭىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم.

— سېلىمىخان ئايلا، شۇ ئادەمنىڭ ئابلىزكام ئىچكىرىگە كەتكەننىڭ ياقى ئۇزۇم ئالغىلى كەلگىنىنى كۆرمىدىم. خەقتىن سوراپ باقسام ئۇلارمۇ كۆرمەپتۇ. بۇنىڭدا بىر شۇملۇق باردەكلا تۇربدۇ، — دېدى ئاسىمكام چىنىلەرگە مىس چۆگۈندىن چاي قۇيۇۋېتىپ.

— بىزدە قۇرۇق گۇماندىن باشقا ھېچنېمە يوق. ئاكاڭلار ئازراق يىپ ئۇچىنى قالدۇرغان بولسىمۇ ئىزدەيتتۇق. مانا كېلەر، ئەنە كېلەر دەپمۇ ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۇچىنچى يىلىغىمۇ مانا ئاي ئاتلىدى...

— ئەمدى ئىزدىمىسەك بولمايدىغان يېرىگە كەلدى.

— ماقۇل، قېنى بىز ئۆيگە بارغاندا چوڭلار بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ باقايلى.

## ئون سەككىزىنچى باب

# قىساس ئوتى

### 1

قۇياش تاغلارغا باش قويۇشقا ئاز قالغاندا ئۆيگە قاراپ يولغا چىقتۇق. مېنىڭ خىيالىمدا ئاسىم ئاكامنىڭ بايا دېگەن گەپلىرى ھۆكۈم سۈرەتتى. خالىدەم قونۇپ قالمىغىنىمىزغا يول بويى دومسىيىپ ماڭدى.

— ھەممە تۇغقانلار قونۇپ قېلىڭلار، دېسە ئۇنىماي... — دەيتتى ئۇ تۇمشۇقىنى سوزۇپ، ئاپامغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ.

— «قىش ئوچىقى تار، قوپ ئۆيۈڭگە بار» دېگەن گەپ بار، بالام، — دېدى ئاپام ئىشەكنى قامچىلاپ.

قۇياشمۇ خالىدەمدەك يىغلامسىرىغاندەك ئاجىز نۇرلىرىنى كەڭ ئالەمگە سېپىپ، تۇمان ئىچىدىكى سۇس كۆرۈنۈۋاتقان تاغلار قوينىغا مۆكۈۋاتاتتى. بىز كەچنىڭ سوغۇق شامىلىغا قارشى ماڭغاچقا خۇرشىدەم بىلەن خالىدەم دۇگدىيىشىپ، ھارۋىغا سېلىپ قويغان يوتقان ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئۈستىگە ئاتامنىڭ يوغان جۇۋىسىنى يېپىپ چاڭگىدىكى قۇشقاچ بالىلىرىدەك چۇرقىرىشىپ كەتتى. ئىشەكمۇ ئۆيگە ئالدىرىغان چېغى، تېز يورغىلاپ ماڭماقتا ئىدى. ئاپامنىڭ چىرايىدا يا خۇشاللىق، يا قايغۇ ئىپادىلەنمەيتتى.

ئىككى سىڭلىممۇ چۇرقىرىشىپ بېسىقتى. مەن خىيالىمدا ئاتامنى ئالداپ قېچىپ كەتكەن ئادەمنىڭ چىرايىنى ھەرخىل

پەرەز قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇنىڭ گېلىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرماقتا ئىدىم. مەن غەرب تەرەپكە قارىدىم. قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى بارغانسېرى ئاجىزلاۋاتاتتى. شامالمۇ توختاپ ئەتراپ جىمجىت تۇسكە كىرىپ قالغانىدى. يىراقتىن بىزنىڭ كارىزنىڭ دەرەخلىرى كۆرۈندى. ئۆي - ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن چىققان ئىس مەھەللىنى بىر ئالغانىدى.

— ئابابەكرى مەشكە ئوت يېقىپ قويغانمىدۇ؟

— يېقىپ قويغاندۇ، ئۇنى ئۇنتۇپ قالماس.

— ئۆچكىلەرگە سۇ بەرگەنمىدۇ؟

— ئۇنىڭ كارى چاغلىق. مەن ئەكىرىپ بەرسەممۇ بولىدۇ. مەشتىكى ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويمىغان بولسىلا بولاتتىغۇ.

ئېشەك سوزۇپ - سوزۇپ ھاڭرىدى.

— قانداق ئىشتۇ بۇ، ئاپا، ھەر دائىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندىلا ئېشەك ھاڭراپ كېتىدىكەن.

— ئېشەكمۇ تۇيغۇن، چېچەن ھايۋان ئىكەن. ئۆزىنىڭ ئېغىلىغا كېلىپ قالغاندىكىن ئۆيىگە كەلگەن كىشىدەك خۇشال بولىدۇ - دە ! ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېشەك ھاڭرايدىغان چاغمۇ بولۇپ قالدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ئۆتكەندە سىلەرگە دېگەنغۇ، ئېشەك يەتتە قېتىم ھاڭرىد-سا تاڭ ئاتىدۇ دەپ. گۇگۇمدا خوراز چىللىسا يامانلىقتىن، ئېشەك ھاڭرىسا ياخشىلىقتىن بېشارەت.

— ئېشەك شۇنچىغا قارىغاندا سائەتكىلا ئوخشايدىكەن - دە.

— شۇنداق، ئېشەك شۇنداق قانائەتچان، ۋاپادار ھايۋان. ئۇنىڭ يەيدىغىنى ئوت - چۆپ، ئېغىر ئىشلەتكەندە ئازراق قوناق بېرىپ قويساڭ كۇنلەپ ئىشلىسىمۇ ھارمايدۇ.

— نېمىشقا ئەسكى كىشىلەرنى، ھاياسىزلارنى «ئېشەك» دەپ تىللايمىز، ئاپا؟

— ۋاي خۇدايىمەي، شۇنىڭغا دىققەت قىلىدىكەنمۇ، بالام. ئېشەك ھەققىدە نۇرغۇن ھېكايىلەر بار. مەن سىلەرگە كېيىنچە ئېيتىپ بېرىمەن.

پاراڭ بىلەن بىردەمدىلا كارىزغا كېلىپ قاپتۇق. ھارۋىنى ئۆيىنىڭ كەينىگە بۇرىغانىدىم، ئېشەك ئۆيىمىزگە بۇرۇلىدىغان دوقمۇشتىلا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ماڭدى. كەينى ئىشىككە كېلىپ ئىشىكنى چېكەي دەپ تۇرۇشۇمغا ئاكام چىقتى. خالىدەم جۇۋىنىڭ ئىچىدە تۈگۈلۈپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئاكام ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى. خۇرشىدەمنىڭ پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ كەتكەچكە ماڭالمايلا قالدى. ئۇمۇ ئىسسىق يوتقان ئىچىدە ياتقاچ ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

مەن ئېشەكنى ئېغىلغا ئەكىرىۋېتىپ، ئاكام يۇيۇپ قويغان سامانغا بىر چىنە كېپەكنى ئارىلاشتۇرۇپ ھەلەپ ئېتىپ ئوقۇرغا تۆككۈچە قولۇم مۇزلاپ ئارانلا ئۆيگە كىردىم.

— ئابابەكرى، ئۆچكىلەرنى سۇغاردىڭمۇ؟

— سۇغاردىم، ئاپا.

— يىغقان پاختاڭ قانداق بولدى؟

— بۈگۈن يىغقان پاختىنى پاختا زاۋۇتىغىلا ئۆتكۈزۈۋېتىپ كەلدىم. پايدىسىغا توخۇ كاۋىپى ئالغاچ كەلدىم.

— پۇلنى بۇزۇپ نېمە قىلاتتىڭ.

— بىزمۇ يەپ باقايلى، خەقلەرلا يەمدۇ. ئاتام يېنىمىزدا بار بولغان بولسا، توخۇ كاۋىپى دېگەننى ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم يېگەن بولاتتۇق.

ئاپام ئاتامنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن ئاكامغا ھېلى دېگەن گەپلىرىگە پۇشايمان قىلىدىمۇ ـ قانداق، ئارتۇق گەپ قىلمايلا ئاشخانىنى ئېلىپ كېلىپ توخۇ كاۋىپىنى پارچىلىدى.

— ئەتىگەندە نېمە يېسەك كەچلىكى شۇ، دەپتىكەن. بۈگۈن ئەتىگەندىلا ياخشى تاماقلار بىلەن مېھمان بولۇۋىدۇق، كەچتىمۇ

توخۇ كاۋىپى يېگىلىۋاتىمىز. ساڭمۇ ئاسىم ئاكاملار توشقان گۆشىدە ئېتىلگەن ياپما ئەۋەتتى.

ئاپام ئۆزىمۇ بەكلا ھېرىپ كەتكەن چېغى بۇگۇن ئاخشام غوزەك چۆلەيمىز، دەپ تۇرۇۋالمىدى. ھازىر مېھمان بولماقمۇ، مېھمان قىلماقمۇ تەس. ئۇستى ـ ئۇستىلەپ تاماق، ئۆي ـ ئۆيدە زورلاشلار، يېمەي دېسە ساھىبخانىنىڭ كۆڭلى، يەي دېسە يېگىلى قورساقنىڭ بوش يېرى يوق.

توخۇ كاۋىپىنى يەپ بولۇپلا ئاكام پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى. مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن ئاسىم ئاكام تەسۋىرلەپ بەرگەن ھېلىقى ئالدامچىنىڭ چىرايى نېرى كەتمەيۋاتاتتى. خىيالىمدا ئۇنى راسا ئۇرۇپ، يۈز ـ كۆزلىرىگە زەردە بىلەن مۇشتلاۋاتاتتىم. ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىم بارغانسېرى ئاشماقتا ئىدى.

ئۇنىڭ چىرايىدىنلا ئۇنىڭ يامان ئادەملىكى چىقىپ تۇرىدىكەن. ئاتام بۇنى بىلمىگەنمىدۇ؟ ئۇ كىشى قاچان بۇ ئۆيگە كەلگەن بولغىيتتى... ئاسىم ئاكام راستىنلا ئاتامنىڭ ئەڭ قابىل ياردەمچىسى ئىكەن جۇمۇ! ئۇنىڭ ئاتامنىڭ شېرىكلىرىنى، ئاساسلىق سودا قىلىدىغان ئادەملىرىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويۇشنى دەيمەن. ئۇ راستىنلا پىششىق ئىش قىلىدىكەن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇمۇ ئاپامغا ئوخشاش ئاتامغا ئۇزۇمنى ئىككىگە بۆلۈپ ئېلىپ مېڭىشنى ئېيتقانىكەن. ئاتام شۇ چاغدا نېمىشقىمۇ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان بولغىيتتى؟ ئىسىت، ئاتام شۇ چاغدا گەپكە كىرگەن بولسا، بۇ ئىش يوق بولاتتىكەن ئەمەسمۇ؟! ھېلىقى يالاق ئېغىز ئەجەب سەت، سۆرۈن چىراي نېمىكەن. ئۇنىڭ كۆزىنى بىر كىمنىڭ كۆزىگە ئوخشىتىپلا تۇرىمەنغۇ. كىمنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغان بولغىيتتى. ئويلاپ باقاي. ئىشقىلىپ ئۇنىڭدىن ئاتامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماي قويمايمەن. مۇشۇ تەۋەگە كېلىپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىسامال ئۇنىڭ بىر چىشلەم گۆشىنى ئۈزۈۋالىمەن. ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇۋالسامۇ ئازلىق قىلىدۇ.

## 2

سەھەردە ئاپام چىرايى سولغۇن ھالدا ناشتىلىق تەييارلاۋاتاتتى. خالىدەم ئورنىدىن تۇرماي، ئاناردەك قىزارغان ھالدا، كاڭدا پۇشۇلداپ ياتاتتى.

— خالىدەمگە يەنە نېمە بوپتۇ، ئاپا؟

— تۈنۈگۈن تاماق يەپ بولۇپ، كىيىمىنى سېلىۋېتىپ ئوينىغان چېغى، ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىپ قاپتۇ. كېچىچە قىزىپ چىقتى. يۆتىلىمۇ خېلى ئېغىر.

— تۈنۈگۈن شۇنچە دېسەم ئۇنىماي چاپىنىنى سېلىۋېتىپ يۈگۈرۈپ ئويناۋېتىپتىكەن، «چاپىنىڭنى كىيىۋال» دەپ شۇنچە تاپىلىغانىدىم.

— شۇ چاغدا مېنى چاقىرساڭ بولماسمىدى.

— دوختۇرغا ئېلىپ بارايلى، ئاپا، — دېدى ئاكام خالىدەمنىڭ يۆتىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ.

— سەن پاختىغا مېڭىۋەر، بوۋاڭلارنىڭ ھارۋىسىدا ئوسمان ئېلىپ بارسۇن، — دېدى ئاپام ئاكامنى تۈنجى قېتىم سودىغا ئالدىرىتىپ.

خالىدەمنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، نەپسى تېزلىشىۋاتاتتى. ئاپام ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئازراق ئۇماچ ئىچكۈزدى. سەھەردىلا ئىسسىق كاڭغا بېسىپ قويغان كۆرپە بىلەن يوتقاننى ھارۋىغا سېلىپ، خالىدەمنى يېپىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتامنىڭ چوڭ جۇۋىسىنى ئوراپ يېزىلىق دوختۇرخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. سەھەرنىڭ سوغۇق شامىلى يۈزۈمگە ھەرە چاققاندەك ئۇرۇلاتتى. پۈتۈمنى ساڭگىلىتىپ تۇرغاچقا پۈتۈم مۇزلاپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ چىشىمنى چىشلەپ ئىشەكنى دېۋىتىپ، خالىدەمگە پات - پات قاراپ ماڭماقتا ئىدىم.

— ئىشەككە ئىچ ئاغرىتىپ ئولتۇرماي، ئۇنى تۇختىماي

قامچىلا، تېز ماڭسۇن ! تېزرەك بول، بالام !

قېرىشقاندەك ئېشەك تېزەك پۇراپ ئاسمانغا قاراپ كۆشۈلدىغىلى تۇردى. ئاپام شۇنداق تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى. ئېشەكنى ئۇرساممۇ تېز ماڭمايۋاتاتتى...

«مەن ئالدىرايمەن ماڭغىلى، ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى» دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ، ئاپا، ئەمدى بىلدىم. شۇڭا گەپ ئاڭلىماسلارنى «ئېشەك قۇلاق» دەيدىكەن ـ دە،

— ئېشەكنىڭ ئېشەكلىكى خېلى بار، بالام. تېز بولايلى !

خالىدەمنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كىردىم. دوختۇر ئاپامنىڭ ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ خالىدەمنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ بولۇپ:

— چوڭ مەسىلە يوق، ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىپتۇ، نەچچە كۈن ئاسما ئوكۇل سالساق ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، باللاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەل بۇ. قېنى ئاۋۋال سىناق قىلىپ باقايلى، — دېدى.

ئۇھ، مەن خالىدەمنىڭ تىنىقىنىڭ تېزلىكىدىن ئۇنىڭ كېسىلىنى ئېغىرمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. دوختۇرنىڭ گېپىدىن كۆڭلۈم جايىغا چۈشتى.

خالىدەمنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ھېلىقى پىلانىمنى تاشلاپ قويمىغانىدىم. ئاكام سودىسى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇ پاختىنى بۇ تەۋەدىن ئەمەس، قوشنا يېزىدىن پاختا ئېلىۋالاتتى. پاختىنى ئالغاندىمۇ كىچىك ئاتامنىڭ نامىدا ئېلىۋاتاتتى. بولمىسا خەق تارتىۋالاتتى. كىچىك ئاتام بىللە ماڭالىسا ماڭدى، ماڭالمىسا بەزىدە ئوغلىنى قوشۇپ قوياتتى.

ئويلا ـ ئويلا پىلانىمغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزدۈم. ئاسىم ئاكام توشقاننى كېچىسى چىراغ يورۇقىدا تۇتقانلىقىنى ئېيتقانىدى. مەنمۇ ئۈچ تال باتارېيە چۈشىدىغان قولچىرىغىنى ئېلىۋالسام بولغۇدەك. ئۇنى قانداق ئالارمەن؟ ئىككى باتارېيىلىك قولچىراغنىڭ باھاسىدىن بىر ھەسسە قىممەت ئىكەن. ئاكامغا

بىر دەپ باقاي، ئېلىپ بېرەمدىكىن. ئۆيدە ئىككى باتارېيىلىكى بارغۇ دېسە نېمە دەيمەن. بۇ ئاكامغا شەپە بېرىپ قويغانلىق بولامدۇ... راست ئۇنىڭ يانچۇقىدىن پۇل ئېلىۋالاي. ياق، ياق، بۇ دېگەن ئوغرىلىق. مەن ئۇنداق ئىشنى قىلمايمەن. ياق، بىر قېتىم قىلاي، قىلمىسام پىلانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايمەن... مەن پىلان قۇرۇۋېتىپ تۇرۇپلا ئويلاپ قالدىم. نېمىشقا ئۇنداق قىلغۇدەكمەن. ئاۋۇ يالاق ئېغىز خۇمپەرنى يوقىتىدىغان، تۇمشۇقىنى قان يالىغان ئىتتەك قىلىۋېتىدىغان ئادەم جاڭگالدا قېچىپ يۈرسەم قانداق بولىدۇ؟ بولدىلا، بىر كېچە تۇرۇپ كېلىدىغانغا نېمە بولماقچىدى؟! ئەتىياز بولۇپ قالسىلا شامال، بوران چىقىپ ئاۋارە قىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى قىش پەسلى، مۇشۇ چاغ ئەڭ مۇۋاپىق. بۇمۇ بولمىغۇدەك. هاۋا سەل ئىسسىپ، باهار بىلەن قىشنىڭ ئوتتۇرىلىقىدا بولسۇن. ئۇ چاغقىچە پىلانىمنى تېخىمۇ پۇختىلىۋالىمەن.

مەن قازناق ئۆينىڭ چېتىدىكى ئويۇقتا بىر غوزەك سەرەڭگە، بىر تال قەلەمتىراش ۋە بۇرۇن ئاتام ئېلىپ بەرگەن باللار دۇربۇنىنى، زىرىكسەم گۈلخان ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇيدىغان كىتابتىن ئىككى پارچىنى گېزىتكە ئوراپ قويۇپ قويدۇم. ئەگەر ئاكام پاختا ئالغان يەردە قونۇپ قالسا، مەنمۇ يالغۇز يېتىپ بېقىپ ئۆزۈمنىڭ قورقىدىغان - قورقمايدىغانلىقىمنى سىناپ باقسام بولاتتى. ياق، ياخشىسى كەچتە ئېتىزغا ئۆزۈم يالغۇز بېرىپ كېلەي. قورقماسلىقنىڭ ئۆزى بىر سىناق. پىلانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دەپ جاڭگالغا بارغاندا يىغلاپ يۈرسەم بولماس. قىلغان ئىشىمغا ئىگە بولاي، كۆز يېشى قىلسام توخۇ يۈرەكلىك بولۇپ قالامدۇ! ئاپام ماڭا ئاكامغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنەمدۇ - كۆيۈنمەمدۇ شۇ چاغدا بىر گەپ بولسۇن.

خالىدەمنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىۋېتىپ دوختۇرلۇقتىنمۇ خېلى كۆپ ساۋاتقا ئىگە بولدۇم. قولنى پىچاق كېسىۋەتسە تېڭىۋالىدىغان پلاستىر، يارا ئېغىزىنى پاكىز تۇتۇش، جىددىي

كېسەل بولۇپ قالغاندا ئىشلىتىدىغان دورىلار... ئىشقىلىپ جىق ساۋاتقا ئېرىشتىم. توۋا، ئادەم دېگەنگە ئۆگىنىمەن دېسە ئۆگىنىدىغان نەرسە نېمىدېگەن كۆپ. ئاپامنىڭ چۆچەكلىرىدىكى ھېلىقى «كۆپ ئىشىكلىك شەھەر» نىڭ ئىشىكىدەك، بۇ تۇرمۇشمۇ شۇ كۆپ ئىشىكلىك شەھەرگىلا ئوخشايدىكەن. ھەر بىر ساھەنى بىلىمەن دېسە نەچچە ئىشىك ئېچىلىپ تۇرىدىكەن. مانا، ماڭا خالىدەمنى داۋالىتىمىز دەپلا دوختۇرلۇقنىڭ نەچچە ئىشىكى ئېچىلدى. پىلانىمنى ئورۇنىدىغۇچە يەنە قانچە ئىشىك ئېچىلار؟ قانچىلىكى ئېچىلسا ئېچىلسۇن، مەن ئۇ ئىشىكلەردىن كىرىپ، ئۆزۈمگە تونۇش بولمىغان ئۆيلەرگە كىرىپ، قورقماس ئىكەنلىكىمنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسام ھېساب ئەمەس. خالىدەم ئاخىر ساقايدى. دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، جىددىي داۋالاتمىغان بولساق كېسىلى خەتەرلىك باسقۇچقا ئۆتۈپ جىددىي خاراكتېرلىك ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى چوڭ ئىكەن. شۇنداق بولۇپ قالسا ھەر يىلى قىشتا ئۇنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ ئاۋارە قىلاتتىكەن. مەن بۇ ئىشكتىن كىرگىنىمدىن خۇشال بولدۇم. جاڭگالدا يۈرۈپ ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ قالسام قېرى ئۆچكىدەك يۆتىلىپ يۈرسەممۇ قاملاشماس. شۇڭا پۇختا تەييارلىق قىلىپ كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان بىر پىلان قۇراي. يېڭى – يېڭى ئىشىكلەرنىڭ ئېچىلىشىنى تىلىسەم بولغۇدەك. ھەر بىر ئىشىك ئېچىلسا بىر ئەقىل تاپىدىكەنمەن.

ئاكامنىڭ پاختا سودىسى پەرىزىمىزدىن نەچچە ھەسسە ياخشى بولدى. قىشلىق تەتىل توشۇپ مەكتەپكە ماڭدۇق. ئاپامنىڭ كۆندە چۆلىتىدىغان غوزىكىمۇ تۈگەي دېگەنىدى. مەن ئاكامنىڭ شاپائىتىدە، ھازىر ئانچە – مۇنچە پۇل خەجلەيدىغان بولغانىدىم. بۇرۇن ئاتام بار چاغلاردا، كۈندە پۇل خەجلەيتتىم. كىيىشىم يېڭى كىيىم، ئېسىللىقىنى بىر دېمەي. ئىشلەتكەن قەلەملىرىممۇ شۇنداق ئېسىل ئىدى، سىنىپىمىزدا مېنىڭكىگە ئوخشاش ئېسىل قەلىمى بارلار يوق ئىدى. مانا ئەمدى ئەڭ ئاددىي قەلەم ئىشلىتىپ

كېلىۋاتىمەن. ئاتام كەلسە بۇ كۈنلىرىمىزمۇ ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

مەكتەپتىن كېلىپلا ئۆچكىلەرگە ھەلەپ ياكى قوناق شېخى سېلىپ بېرىپ ئۆگىنىشىمنى قىلاتتىم. بۈگۈنمۇ ئادىتىم بويىچە ئۆچكىلەرنى سۇغۇرۇپ قوياي دەپ بىر چېلەك سۇنى كۆتۈرۈپ كىردىم، ھېلىقى ئاق ئۆچكە ماڭا قاراپ نېمىنىدۇر بىر نېمىنى كۆشەۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ سارغۇچ كۆزىگە، يوغان ئاغزىغا قاراپلا ھېلىقى يالاق ئېغىز يادىمغا كېلىپ قالدى. ئالدىمدىكى مېنى مەنسىتمەي يەم كۆشەۋاتقان چېقىر كۆز ئۆچكە بىردىنلا ھېلىقى يالاق ئېغىزغا ئوخشاپ كەتتى. ئوخشىسىمۇ ئۇنداق ئوخشىماس ماۋۇ ئەبلەخ! ئۆچكىنى تۇتۇۋېلىپ تازا ئۇردۇم.

— ئاتامنى ئالدىغانغا تويە، كىم بىلەن بىرلىشىپ ئاتامنى ئالدىدىڭ؟!

ئۆچكە قورققىنىدىن بۇلۇڭغا قاپسىلىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ توختىماي ئۇردۇم.

— يەنە كىملەرنى قاقشىتىشنى ئويلاۋاتىسەن؟ سېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! مانا ئاتامنىڭ پۇلىنى ئېلىۋېلىپ شۇ پۇللارغا ئېسىل تائام يېگەن ئاغزىڭغا! چوڭ شەھەرلەرنى كۆرگەن كۆزۈڭگە مانا! يەپ تويمىغان قورسىقىڭغا مانا! تېرەڭنى تەتۈر سويۇۋەتمەيدىغان بولسام!

— ئوسمان، نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— ماۋۇ ئەبلەخنىڭ ئەدىپىنى بېرىۋاتىمەن!

— بولدى، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويما يەنە؟

— ئۆلسۇن، ئۆلسە خۇشال بولىمەن بۇ دەيۈز! قارا ئۇنىڭ شۇملۇق يېغىپ تۇرۇۋاتقان كۆزلىرىگە! ئاغزىڭنى مىدىرلىتىپ مېنى تىللاۋاتامسەن، ئەبلەخ! مانا شۇ ئاغزىڭغا! مانا ماڭا ئالايغان كۆزۈڭگە!

— نېمە دەۋاتىسەن؟ ئادەمنى قورقۇتۇپ...

ئېسىمگە كەلسەم ئېغىل ئىشىكى يېنىدا ئاپامنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان ھالدا، بىردە ماڭا، بىردە ئۆچكىگە



قارىغىنىمچە تۇراتتى. دەرھال گېپىمنى ئۆزگەرتىۋالدىم. چىرايىمدىنمۇ يالغانلىقى چىقىپ قالمىغان چېغى ئاپام ئىشەندى.

— ئۆچكىلەرگە سۇ ئەكىرىپ بېرىپ قوناق شېخىنى تاشلاپ بېرەي دېيىشىمگە ئۆچكە كەينىمدىن گۇسسىدە بىرنى ئۇسۇۋىدى، تامغا يۆلىنىپ قالدىم.

ئاپام مېنىڭ تۇرقۇمغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى.

— قارىسام ئۆچكىنى تىللاپ ئۇرۇپ كېتىۋاتىسەن، ئۇسمانغا نېمە بولغاندۇ؟ جىن تەگدىمۇ نېمە دەپ يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتەي دېدى. ئۇھ، مانا جايىغا چۈشتى. سەن بىرنېمە بولۇپ قالما، بالام. سەن بىرنېمە بولۇپ قالساڭ مەن چىدىمايمەن. ساراڭ بولۇپ قالىمەن.

ئاپامنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ۋاللىدە يورۇپ، خېلىدىن بېرى كاللامنى قوچۇپ كەلگەن سوئالغا جاۋاب تاپقاندەك بولدۇم - دە، ئاپامنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقىنى سىناپ باقماقچى بولغان ھېلىقى پىلانىمدىن ۋاز كەچتىم.

ئۆچكىگە قارىساملا قەلبىمدە ھېلىقى ئەبلەخكە بولغان قىساس ئوتى تونۇردىكى ئوتتەك كۆچىيىپ، چىشلىرىم غۇچۇرلاپ كېتەتتى. پاتراق چوڭ بولۇشنى ئويلاپ كۆنلەرنىڭ تېز ئۆتۈشىنى تىلەيتتىم. تېزرەك چوڭ بولۇپ ئاتامنىڭ ئىنتىقامىنى چوقۇم ئېلىشنى ھەر ۋاقىت كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. ئاتا، مەن سېنىڭ ئىنتىقامىڭنى ئالماي قويمايمەن!

## ئون توققۇزىنچى باب

# ئېغىر كۈنلەر

### 1

قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقىنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ، مېھرى ئىللىق باھار كەلدى. قۇشلارنىڭ يېقىملىق كۈيى گۈزەللىك سىمفونىيىسىدەك يېقىملىق تۈيۇلاتتى. ئەتىيازنىڭ شوخ شامىلىمۇ تاغلارغا قېچىپ كەتتىمىكىن، بىزنىڭ لەگلەكلىرىمىزنىڭ ئۇچماس بولۇپ قالغىنىغا خېلى بولغاچقا، تۈشۈك توپ ئوينايدىغان بولۇۋالدۇق. قىشلىق ئۇيقۇدا ياتقان تەكلەر باراڭلارغا ئېلىندى. قىشچە يەر ئاستىدا قارىداپ كەتكەن يوپۇرماقسىز تەك شۇڭلىرى، ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغانغان قوزىدەك ئاجىز شامالدىمۇ تولغىناتتى. كەتمەن تېگىپ كەتكەن شۇڭلاردىن تەكنىڭ كۆز ياشلىرىدەك سۇزۇك سۇ تاماتتى. ھۆپپىدە ئېچىلغان ئۆرۈك چېچەكلىرى قىرو باسقاندەك كۆرسەتتەتتى. ئۆرۈك چېچىكىنىڭ ئەتراپىدا غۇژۇلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن ھەرە، كېپىنەك ـ پەرۋانىلەرنىڭ غىژىلدىشى خۇددى ئۇسسۇل ئەۋجىگە چىققان مەشرەپكىلا ئوخشايتتى.

تەكلەرنى يەنە قارىياغاچكارىزدىكى ئاپامنىڭ تۇغقانلىرى ۋە بىزنىڭ كارىزدىكى ئاتامنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمىدە ئىككى كۈندە ئېچىپ بولدۇق. ئاتامغا ئۇزۇمنى نېسىگە ساتقان كىشىلەرمۇ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىزنى ئانچە يەكلىمەس بولدى. خۇرشىدەم بىلەن خالىدەم ئىككىسى دوستلىرى بىلەن

تەكلىككە بىدە تەرگىلى بىرىپ كىچىك سىۋەتكە بىدە تىرىپ كىلەتتى. ئاپام چۆچۈرە ئىتىپ بىرىپلا قالماي بىدىدىن سەي قورۇپ بىرىدىغان بولسا ۋاھ، شۇنداق تەملىك ئىدى. مەن ھەممىدىن كۆپ يەيتتىم. ئاپام مىنىڭ بىدە قورۇمىسىنى كۆپ يىگىنىمگە خۇشال بولۇپ، ئىككى سىڭلىمنى كۈندە بىدە تەرگىلى ئەۋەتەتتى.

باراڭلارغا تەكشى تارتىلغان تەك شۇڭگىلىرى بىخلىنىپ يوپۇرماق چىقىرىپ، تەكلىكنى يەنە گۈزەللىككە تويۇندۇردى. قۇياشنىڭ نۇرىدا يىڭىدىن چىققان يوپۇرماقلار ئالتۇندەك چاقنىشاتتى. تەكلىككە كىرگەن كىشىنىڭ بۇرنىغا كۆكلەم ھىدى گۈپپىدە ئۇرۇلۇپ جانغا ھوزۇر بىغىشلايتتى. مەن تەكلىرىمىزنى بىر قۇر ئايلىنىپ ھەممە كىشىنىڭكىدىن ئوبدان، تەكشى تارتىلغانلىقىنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتتىم. ئادەتتە ئوخشىمىغان زىرائەتنى، قاملاشمىغان ئىشلارنى كۆرگەنلەر «تۇل خوتۇننىڭ ئىشى» دەپ يارىتمايدىكەن. ئاپام تۇل ئەمەس، ئاتام ھايات، ئەمما يىنىمىزدا يوق ... بۇنى ئويلاپ نىمە قىلاي، ئاپامنىڭ قەيسەرلىكىنى ئويلايچۇ.

ئەسلىدە ئاپامنىڭ قوللىرى سۇت بىلەن يۇغۇرغان توقاچ خېمىرىدەك سىلىق ۋە ئەۋرىشىم ئىدى. مانا ئەمدى ئىغىر ئەمگەكتە قوللىرى قۇرغاقلىشىپ، يىرىگدەپ، قارىداپ، كۆسەيدەك بولۇپ قالغانىدى. ئاپام شۇ قوللىرى بىلەن بىزگە ھايات يولىنى ئاچىدۇ، بەخت قوڭغۇرىقىنى چالىدۇ...

ئاتامنىڭ قايتىپ كىلىشىنى تولا كۈتۈپ كۆزىمىز تالدى.... ئاتامۇ بىزنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇۋاتقاندۇ ھەرقاچان... ئاتام ئۇن نەچچە يىلدىن بىرى تاپقان پۇلىنى ئەمەس، خەقتىن نىسى ئالغان ئۇزۇمنىڭ ئوتتۇز نەچچە تۈمەن پۇلىنى تىرىلدۇرۇۋالىمەن دەپ يۈرىدىغاندۇ. ناۋادا ئاتام خەت يىزىپ قالسا «ئاتا، پۇلنى بىراقلا تاپىمەن دىمەي ئىشىڭنى باشقىدىن باشلا، بىزمۇ ئىشقا ياراپ قالدۇق، تىز كەل، سەن ھەرگىز خەقنى ئالدايدىغان

‹قويمىچى›، ئەمەس... !» دەپ خەت يازغان بولاتتىم. ئاتام بۇرۇن شۇنداق ئىرادىلىك، غەيرەتلىك، قەيسەر ئادەم ئىدى. بۇ قېتىم، شۇنداقلا چۈشكۈنلەشكەنمىدۇ؟ ئاتامغا بىرەر پېشكەللىك بولغاندىمۇ يا؟ ئاغزىمغا تاش... نېمە دەپ بۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلىپ كەتتىم مەن.

ئورىدىكى شۇنچە ئاياپ ئىشلەتكەن كۆكتاتلار تۈگەي دەپ قالغانىدى. كۈندە ئاتەك بېدە يەپ قورساق تويغۇزغىلى بولاتتىمۇ؟ قانداق قىلساق بولار؟ ئاپامنىڭ قانداق ئامالى باردۇ؟ مۇشۇلارنى ئويلاپ ئاكامغا مەسلىھەت سالدىم.

— ئاكا، ئىشىك ئالدىدىكى ئىككى تۈپ تەكنى قومۇرۇۋې-تىپ، كۆدە تېرىپ قويايلى، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ئورىدىكى كۆكتاتلارمۇ تۈگەيلا دەپ قاپتۇ.

— ياڭيۇلار بىخلىنىپ كېتىپتۇ، يېگىلى بولمايدۇ. سەۋزىلەرنى شۇنچە كۆكلىسەكمۇ، يەنە يىلتىز تارتىپ كېتىپتۇ.

— كۆدىنى تېرىغاندىن تىكسەك ئاسانمىكىن؟

— كىمگە بويۇن قىسىپ بارىمىز، كۆدە ئۇرۇقىنى ئەكەلسەم ئاپام تېرىپ قويسۇن. ئەتىيازدا سۇلياۋ يېپىپ قويساق بۇ كۈنلەردە يەيمىز.

ئاپام كۈزدە چامغۇر كۆكلىرىنى پاكىزلاپ چۈنچىدىكى نەچچە چاققىغا ئۈزۈم ئاسقاندەك ئېسىپ قويغانىدى. شۇ چاغدا نېمە قىلىسەن، دەپ سورىسام، ئەتىيازدا يەيمىز، دېگەنىدى. مانا ئەمدى شۇ قۇرۇق كۆكلەرنى سۇغا چىلاپ يۇمشىتىپ قىيما قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنى قانداقمۇ يېگىلى بولسۇن؟ مەن يېمەيمەن. يا بىز قوي بولمىساق ئىشىپ قالغان نېمىنى قۇرۇتۇپ قويسا مەززە قىلىپ يەيدىغان.

— تاماق پىشتى، قېنى كېلىڭلار !

— ۋاي، كەينى سارغىيىپ پىشقان ھەپپەتكەنغۇ؟ نېمىدېگەن تەملىك.

— ئوسمان، كەلمەمسەن؟

— مەن نان بىلەن چاي ئىچىمەن.
— ھەپپەت① يېمەمسەن؟
— ياق.
— ئاۋۋال تېتىپ باق، «يەنە بارمۇ؟» دېسەڭ «يوق دەيمەن» جۇمۇ!

ئاپامنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بىرنى تېتىپ باقتىم. بۇنىڭ تەمىنىڭ بۇنداق تاتلىقلىقىنى، يېيىشلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. ئاپامنىڭ بايا دېگەن گېپى بويىچە، يەنە بارمۇ؟ دېگۈچىلىكى بار ئىكەن. ئاتام بار چاغدا بۇنداق تاماقنى نېمىشقا ئېتىپ بەرمىگەن بولغىيتتى. ئۇ چاغلاردا يەيدىغان، ئىچىدىغانلىرىمىز مول بولغاندىكىن، ئاپامنىڭ بۇنداق تاماقنى ئېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمىغان گەپتە. ئادەم نېمىگە كۆنمەيدۇ ـ ھە! مېنىڭ يەنە يېگۈم بار ئىدى. بۇنى پەملىگەن ئاپام مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەپ بەردى:

— بۇرۇن، ھەممە نەرسە نورمىلىق ئىدى. بىزنىڭ ئۆيدە نان يېتىشمەيتتى. ئاپام رەھمەتلىك كاۋىنى ئۇششاق توغراپ بىر تەڭنە خېمىرغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىككى تەڭنە قىلىدىغان، بۇنى كۆرۈپ سەيدىخان ئاپاڭلار جىلە بولۇپ، مەن كاۋا يېمەيمەن، كاۋا ئارىلاشتۇرغان نانىمۇ يېمەيمەن، دەپ جېدەل قىلاتتى. نان پىشقاندا تونۇردىن كاۋا نانىنىڭ مەززىلىك ھىدى ئەتراپنى بىر ئالسا، سەيدىخان ئايلام تونۇر بېشىدىن كېتەلمەي، يېرىم ناننى يەپ بولاتتى... ئاپام ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەرسە بىر ناننى يەپ بولاتتى... كاۋانان، قورۇق كۆك تامىقى دېگەنلەر شۇنداق جانغا ئەسقاتىدىغان، ئېغىر كۈنلەردە يەيدىغان تاماق ئىدى. ھازىر بىزنىڭ كۈنىمىز ئېغىر بولمىسىمۇ سىلەرنى سەيسىز قالمىسۇن

---

① ھەپپەت – قازانغا يېقىپ پىشۇرىلىدىغان، مانتىغا ئوخشايدىغان تاماق.

دېدىمغۇ. قېنى ئوسمان، تارتىنما، يەۋەر.

قورۇق كۆك ھەپپىتىنى راسا يەپ، گۇناھىمنى يۇيۇش ئۇچۇن قاچىلارنى يىغىشىمغا ھەممىسى كۆلۈشۈپ كەتتى.

— قورۇق كۆكتە ئېتىلگەن تاماقنى «يېمەيمەن» دېگىنىڭگە خىجىل بولۇپ قاچا - قۇچىلارنى يۇياي دەمسەن؟

— ئادەمنى تولا خىجىل قىلمىساڭچۇ؟

— ئوسمان ئاكا، ئاپام بېدىنىمۇ قورۇتۇپ ئېلىپ قويىمەن دەيدۇ، — دېدى خالىدەم.

— بولدى، قويلارغا تۆكۈپ بەرمەيمەن، سەن قالمىغان مېنى مەسخىرە قىلمىغان.

— سەنمۇ مېنى شۇنداق جىلە قىلىدىغانغۇ؟ ئەمدىغۇ كۆكتات تالالىمايدىغانسەن؟

— بولدى قىلىڭلار، يېگىلى بولىدىغانلىكى كۆكتاتلارنىڭ ھەممىسىنى يەيمەن، بولدىمۇ؟ ئەمدى، رازى بولغانسىلەر؟

ئاپام قولۇمدىن قاچا - قۇچىلارنى ئېلىپ يۇيۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۆيىمىزدىن خۇشاللىق كۈلكىسى خېلى ۋاقىتلارغىچە ياڭرىدى.

2

ئاپام ھەر يىلقى ھېساباتنى ماڭا قىلدۇراتتى. مەنمۇ ئۆينىڭ بىر يىللىق چىقىمى ۋە كۈندىلىك چىقىمىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىدىم. شۇڭا ئارتۇق پۇل جېدىلى قىلمايتتىم. ھېسابلاپ كۆرسەم ئۈچ يىلدا ئۆيدىكى مۇلۇكلەرنى قوشقاندا ئون تۈمەن قەرز قايتۇرۇپتىمىز. بوۋاملارمۇ ئاتامنىڭ قەرزى ھېسابىغا ھەر يىلى ئەڭ كەم دېگەندە 5000 كوي تۆلىشىپ بېرىپتۇ. مۇشۇ پېتى قەرزنى قايتۇرغىلى تۇرساق، ئون يىلدا ئاران تۈگىتەلەيدىكەنمىز. ئەگەر مەن مەكتەپتە ئوقۇماي ئانچە -

مۆنچە ئىش قىلغان بولسام.. بولدىلا ئوقۇمايدىغانىنىڭ گېپىنى قىلماي، مەن ئوقۇيمەن. ئاكامۇ ئوقەتنىڭ ئېپىنى تېپىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئوقىتى ئېقىپ راۋاج تاپسا، مېنى ئوقۇتىدۇ. مەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ سىڭىللىرىمنى ئوقۇتىمەن...

ئاتىسىز ئۆتكەن ئۈچ يىل بىزگە ئاجايىپ ئىرادە ۋە كۈچ ئاتا قىلىش بىلەن بىللە، بىر - بىرىمىزگە بولغان مېھرىمىزنىمۇ كۈچەيتتى، قېرىنداشلىقنىڭ نېمىلىكىنى تونۇتتى. ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ شەپقىتىنى يەتكۈزدى. ئاتام بار چاغدا ئاتامنىڭ قانچىلىك جاپا تارتقانلىقىنى بىلمەپتىكەنمەن، مانا ئەمدى ئاتامنىڭ بىزنى بېقىپ قاتارغا قوشقۇچە قانچىلىك جاپا تارتقانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. دۇنيادا ئاتا بولماقمۇ تەس ئىكەن. ئاتامنىڭ ئەجرى، ئاپامنىڭ مېھرى سىڭگەچكە بىز مۇشۇ كۈنگە ئۇلىشىپ كېتىۋاتىمىز... مەن ئاتام، ئاپامنىڭ مۇشۇ ئەجرى ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىم بىلەن تىرىشىپ ئوقۇشنى ئويلىدىم.

بوۋام بىزنى چوڭ بولۇپ قالدى دېمەي پات - پات ئەركىلىتىپ قوياتتى. بىزنىڭ ئىناق - ئىجىللىقىمىزدىن سۆيۈنەتتى. سىڭىللىرىمنىڭ پاكىز، قولىنىڭ ئەپلىكلىكىنى ئۇچرىغانلا ئادەمگە ماختاپ بېرەتتى.

خالىدەم تۇيۇقسىز بوۋامدىن:

— بوۋا، ئاتام ساڭا ئوخشامتى، مومامغىمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

بوۋام خالىدەمنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ، يىراقتىكى چوغدەك قىزىرىپ تۇرغان ئىدىقۇت تېغىغا، ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا كۆكۈچ كۆرۈنگەن تەڭرىتاغلىرىغا قاراپ بىر هازا تۇرغاندىن كېيىن:

— ئاتاڭنىڭ چىرايىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، قىزىم؟ — دەپ سورىدى.

— ئاتام بوۋامغا ئوخشايدۇ. ئاكام ئاتامغا ئوخشايدۇ، — دېدىم ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ئوسمان راست دەيدۇ، ئابلىز ماڭا ئوخشايتتى. ئابابەكرى ئاتاڭلارغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ. ئابابەكرىنىڭ خۇيى ئاتاڭلارغا ئوخشىمىسۇن. تۇتقان يولى ئوخشىمىسۇن. ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىشىنى مەن كەچۈرمەيمەن. كېلىپ باقسۇن، ئۇنىڭ پاچىقىنى چېقىۋەتمەيدىغان بولسام...

— ئاتامنى تىللىما، بوۋا، ئاتام چامادانداۋ لىق پۇل ئېلىپ كېلىدۇ. ماڭا چىرايلىق كىيىم، قونچاق، ئابابەكرى ئاكامغا قىپقىزىل ماشىنا ئالغاچ كېلىدۇ. ئاكام ئۇنى ھەيدەپ سېنى بازارغا ئېلىپ بارىدۇ... ئوسمان ئاكامغا موتسىكلىت ئېلىپ بېرىدۇ...

— دېگىنىڭ كەلسۇن، قىزىم.

...

بوۋام ئىككى سىڭلىمنىڭ تاتلىق خىياللىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى تىلەپ ئېغىزىنى مىدىرلىتىپ نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ دۇئا قىلدى.

— بوۋا، ئاپامنىڭ دېيىشىچە يەرلەرنى يېڭى ھۆددىگە بەرگەندە، ھەممە تەكىنىڭ ئۆزۈمى ئاۋۇ كىچىك ئاتامنىڭ كەپتەرخانىسىغا سىغىپتىكەن - ھە؟ — دېدىم مەن يەنە ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ئاران دەيسەنغۇ؟ شۇمۇ لىق توشمايتتى. قولىمىزغا تەك كېلىپ ئىككىنچى يىلى 297 كوي پۇل كېلىۋىدى، خۇشاللىقىمىزنى باسالمىغانىدۇق. ئۇ چاغدا سىلەر بىز بىلەن بىللە تۇراتتىڭلار.

— تەكلەرگە ياخشى ئىشلىمىگەنتىڭلارمۇ؟

— ئۇ يېرىمۇ بار. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم دەپ، ئاشلىق زىرائەتلىرىگە ئىشلەپ تەك بېقىش، كۆمۈش، ئېچىشلارغا ئانچە ئېتىبار بەرمەپتىكەنمىز.

— ئاتامغا ۋېلىسىپىت ئېلىپ بېرىپتىكەنسەن - ھە؟

— شۇنداق، «كەپتەر» ماركىلىق ۋېلىسىپىت ئېلىپ بەرگەنىدىم.

...

ئادەم دېگەنگە قىرىلىق يەتسە بىر يىلدىمۇ يېتىپ قالىدىكەن. بوۋامنىڭ ئالدىنقى يىللاردىكى تېتىكلىكى بۇ يىل يوق ئىدى، ئەتىيازدىن باشلاپ ئېتىزغا چىقالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، شۇنداقتىمۇ بىردەم بىكار تۇرماي ئىشلەيتتى. ئېغىلدىكى قويلارنى بورداپ تۈلۈمدەك سەمرىتىۋەتتى. قوي بورداش، دەپ يەيدىغاننى بېرىۋەرسە سەمرىمەيدىكەن ئەمەسمۇ. بوۋامدەك قوينىڭ «مىجەزى»نى بىلىپ باقسا، ئاندىن سەمرىيدىكەن. بوۋام بىزگىمۇ ھايۋانلارنى بېقىشنى ئېرىنمەي ئۆگىتەتتى.

بوۋامنىڭ قويلىرىنى كۆرۈپ ئۆز ۋاقتىدىكى بىزنىڭ قويلىرىمىز ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇ چاغلاردا كارىزنىڭ ئايىغىدىكى يەرلەر يانتاق، لوقاق، قومۇش بولۇق ئۆسىدىغان جاڭگال بولۇپ، مۇشۇ تەۋەدىكى كىشىلەرنىڭ قويلىرى ئوتلايدىغان «يايلاق» ئىدى. ھازىر ئۇ يەرلەر ئېچىلىپ مۇنبەت ئېتىزغا ئايلىنىپ «پاختا ئامبىرى »بولۇپ كەتتى. شۇ چاغلاردىكى كۆكۈللۈك ئەسلىمىلەر زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

شۇ ئەسلىمىلەرنى ئەسلەپ تۇرۇشۇمغا ئاغىنىلىرىمدىن غالىب بىلەن غوپۇر كىرىپ كەلدى.

— نېمە ئويلاۋاتىسەن؟ بىر نۇقتىغا قاراپلا قاپسەنغۇ؟ — دېدى غالىب كۆزۈمگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ.

— نېمىنى ئويلايتتىم، ھېلىقى قوي باقىلى چىقىدىغان چاغلارنى ئەسلەۋاتىمەن.

— يۈر، سۇغا چۆمۈلۈپ كېلىمىز.

بېشىمىزدىكى ئېغىر كۆڭلەرنى ئۇلارغا بىلىندۇرگۇم كەلمىسىمۇ چاندۇرۇپ قوياتتىم.

— ئاپام مېنى ئوتۇن تېرىپ كەل دېگەنتى، تاماق

ئەتكۆچىلىك ئوتۆن تېرىپ كېلەي، ئاندىن سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا باراي.

— يۆر، بىزمۆ ساڭا ئوتۆن تېرىشىپ بېرىمىز. پالتا بولسا ئېلىۋال، كۆتەك يارىمىزمۆ تېخى.

بۆ ئېغىر كۆنلەرنىڭ پاتراق ئۆتۆپ كېتىشىنى، ھېلىقى قوي باقىدىغان كۆڭۆللۆك چاغلارنىڭ قايتا كېلىشىنى سېغىنىپ، تاتلىق خىياللار ئىلكىدە دوستلىرىم بىلەن ئوتۆن تېرىشكە ماڭدىم.



## يىگىرمىنچى باب

# دالا تامىقى

ئىلگىرى بىزنىڭمۇ جىق قويلىرىمىز بار ئىدى. ئاكام ئىككىمىز قوي بېقىشنى تالىشاتتۇق. قوي بېقىش بىز دېمەتلىك باللارنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشىمىز ئىدى. چوڭ باللار دەرەخ سايىسىدە ئولتۇرۇپ ياشقا كىچىك باللارنى قوي بېقىشقا قوياتتى. بىزمۇ قويلارنى توسۇپ، ئوتلىتىپ ئۆز ئويۇنىمىز بىلەن بولاتتۇق. قوي باققىلى چىققاندا ھەممە باللار ئويۇن ئوينىغىلى چىقمىغاندەكلا، ھەممىمىزنىڭ ئاغزىدا ئويۇننىڭ گېپى ئىدى.

بىزنىڭ ئۆيدە كۆپرەك ئاكام قوي باققىلى چىقاتتى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يىغلاپ قالاتتىم. ئاتام «ئىككىڭلار بېرىڭلار» دېسە، ئاكام ئۇنىمايتتى. ئاكام ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىلى ئاتام مېنى قوي باققىلى چىقىشقا قويدى. شۇ چاغدا ئاتامدىن ئاجايىپ سۆيۈنۈپ كەتكەنىدىم. مەكتەپتىن كېلىپلا تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولۇپ قوي بېقىشقا تەخ بولۇپ تۇراتتىم. قوشنىمىزنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى سېيىتنىياز ئاكام قويلىرىنى ھەيدىسىلا مەنمۇ چۇخىيىمنى كىيىپ سودىنى ئېلىپ ئېغىلغا يۈگۈرەيتتىم. سېيىتنىياز ئاكامنىڭ سەركىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويغان مىس قوڭغۇراقنىڭ «جىرىڭ ـ جىرىڭ» قىلغان ئاۋازى ھەممىمىزگە تونۇش ئىدى. شۇ ئاۋاز ئاڭلانسىلا قويلىرىمىزمۇ ئېغىلدىن چىقىشقا ئالدىرىشاتتى.

قوي بېقىشنىڭ ھەممىدىن كۆڭۈللۈك چېغى ئورما ۋاقتى

ئىدى. يېڭى ئېچىلغان ئېڭىزدا قوي باقساق ئاسان سەمرىيتتى. چولپان بىلەن تەڭ قويلارنى ئاچىقىپ باقساق، كۈن چىقىپ ئاشۋاقتى بولغۇچىلىك قويلارنىڭ قورساقلىرى تويۇپ ناغرىدەك بولغاندا دەرەخ سايىسىدە پۇشۇلداپ كۆشىگەنچە يېتىشاتتى. بىزمۇ ياۋاش، ئاسان ساغقىلى بولىدىغان قوي، ئۆچكىلەردىن بىر نەچچىنى سېغىپ، ئۆزىمىز ياسىۋالغان ئوچاقتا چاي قاينىتىپ سۈتچاي ئېتىپ، ئەكەلگەن نانلىرىمىز بىلەن ناشتا قىلاتتۇق. ئېتىز بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ قۇرۇپ قالغان شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ، تەرمەچ تېرىپ بىردەمدە نەچچە قۇچاق ئوتۇن تەييارلىۋېتەتتۇق. چۆگۈننى دائىم لېتىپ ئېلىپ چىقاتتى. بىز يەيدىغان نان، چاي قۇيىدىغانغا قاچا ئېلىپ چىقاتتۇق. ئېلىۋالغان نەرسىلىرىمىز قۇم بولۇپ كەتسىمۇ يەنىلا شۇنداق تېتىپ كېتەتتى.

ئارىمىزدا لېتىپنىڭ ھەممە ئىشقا ئېپى بار ئىدى. ئۇ مەندىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى. ئەمما ئۇ ئاكام بىلەن ئەمەس، مەن بىلەن ياخشى ئۆتەتتى. شۇ كۈنىمۇ لېتىپنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندە ئەتكەن چاي، چۈشلۈكى پولۇ ئەتمەكچى بولدۇق. بىز بۇنىڭغا قىزىقىپ قوي باقىدىغان يەرگە چىرايلىق ئوچاق ياساپ ئوتۇننىمۇ دۆۋىلىۋەتتۇق. پىلاننىمۇ شۇنداق پۇختا قۇردۇق. ھەممىمىزگە ئەتە ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەرنى تەقسىملەپ قويلارنى يۇلتۇز چىققانغا قەدەر باقتۇق. قويلارمۇ راسا تويغان بولسا كېرەك ئالدىرىماي ماڭاتتى. ھەممىمىز شۇنداق خۇشال ئىدۇق. ئەكېلىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن، دەپ يول بويى بىر ـ بىرىمىزدىن ئەكېلىدىغان نەرسىلەرنى سوراپ ماڭدۇق. كىمنىڭ ئىسمى چىقسا، شۇ ئەكېلىدىغان نەرسىسىنى دەيتتى.

— ئادىل!

— قازان بىلەن ساپلىق.

— تۇرسۇن!

— ماي بىلەن تۇز.
— غالىب.
— ئىككى تۇڭ سۇ.
— ئوسمان !
— بەش چىنە گۇرۇچ.
— غوپۇر !
— بىر جىڭ گۆش !
...
شۇ كېچىسى خېلى ۋاقىتقىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. مەخسۇت سەۋزىنى قەلەمچە قىلىشنى، باشقىلار ئۆزلىرى ئەكېلىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالماس ـ هە؟ مەن شۇلارنى ئويلاپ ئۆزۈم ئاپىرىدىغان نەرسىلەرنى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ سومكامنى ئېچىپ، نەرسىلەرنى چىقىرىپ قايتا سېلىپ بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ چىقتىم. كىچىك پىيالىدە بەش پىيالە گۇرۇچ، بىر دانە پىيالە، قوشۇق، تەخسە، ھەممىسى تەل ئىكەن. تۇز ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالسا قانداقمۇ قىلارمىز؟ بولدىلا مەنمۇ ئىككى سىقىم تۇز ئېلىۋالاي. يەنە پىيازنى ئۇنتۇپ قالسا... ئۇنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. لېتىپ دېگەن ئەتراپلىق ئىش قىلىدىغان ئاداش. ئەڭ ياخشىسى ئىچىدىغانغا سۇمۇ ئېلىۋالاي. سۇ يېتىشمەي قالىدۇ ھەرقاچان. غالىب ئىككى تۇڭ سۇ ئېلىۋالىمەن، دېگەنىدى. ئىككى تۇڭ سۇ بىز ئون نەچچە بالىغا نېمە بولاتتى. گۇرۇچ يۇيىدىغان، قول يۇيىدىغان ئىشلار بار تېخى. ئېتىزدا سۇ بولمىسا، ھەي، ھەممىمىز ئىچىدىغان سۇنى ئۆزلىرىمىز ئالايلى دېمىگىنىمىزنى... مەن ئويلىغاننى باشقىلارمۇ ئويلايدىغاندۇ، ھەممىسىنىڭ بىردىن سۇدىنى بارغۇ؟ ئادەتتىمۇ ھەممىمىز سۇ ئېلىۋالاتتۇققۇ... «غالىب ئىككى تۇڭ سۇ ئېلىپ كېلىدۇ» دەپلا سۇدانلىرىنى ئالماي بارماس.. غوپۇر بىلەن ئەسئەت گۆشنى ئالالارمۇ؟...
قاچانلاردا ئويغىنىپ كەتتىم، بىلمەي قاپتىمەن. تاڭ

شامىلنىڭ يەلپۈشى بىلەن ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتى. بىزنىڭ كارىزنىڭ ياز كېچىسى مۇشۇنداق سالقىن ئىدى. مۇزدەك سالقىن شامال مۈرىنى قورۇيتتى. ئادىلنىڭ سەركىسى بوينىدىكى قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئارقىسىدىن ئۆتتى. مەن ئىشىك ئالدىدىكى مۇزدەك سۇدا يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇپ، جانغا راھەت كارىز سۈيىدىن ئىككى ئوچۇم ئىچىپ، سومكامنى بوينۇمغا ئېسىپ، خالتىنى كۆتۈرگىنىمچە يۈرۈپ كەتتىم. ئاپامنىڭ كەينىمدىن چىقىپ چاقىرغانلىرىغا قارىمىدىم. مېنى جۆيلۈپ كېتىۋاتىدۇ دەپ قالغان چېغى، بۈگۈن ئۆزىمىز تاماق ئېتىپ يەيمىز. تاماقىمىز چوقۇم ئوخشايدۇ، ئوخشىمىسىمۇ تويغۇچە يەپ ئوينايمىز دېگەن خىياللار مېنى ئېگىزلىقتا ئالدىرىتاتتى.

كارىزنىڭ ئايىغىدىكى ئوچۇقچىلىقتا چىققۇچە ئادىلغا يېتىشىۋالدىم. ئوچۇقچىلىقتا چىقساق تۇرسۇن قويلىرىنى بېقىۋېتىپتۇ.

— ھەي، كېچىچە ئۇخلىماپسەنمۇ نېمە سەن؟ — دېدىم تۇرسۇنغا قاراپ ۋارقىراپ.

— خۇشاللىقتا تۈزۈك ئۇخلىيالمىدىم. ئاتام بامداتقا ئەزان ئېيتقاندا، قويلارنى ھەيدەپ بۇ يەرگە كېلىپ سىلەرنى ساقلاپ تۇردۇم.

— ئالىدىغان نەرسىلەرنى ئالغانسەن؟

— ئالمايدىغانمۇ ئىش بولامدۇ. ئالىدىغانلارنى ئېلىپ بولۇپ، سۇدانغا ۋە ئىككى قۇتىغا لىق سۇ ئېلىۋالدىم.

— ئاپلا، مەن چاي ئېلىشنى ئۇنتۇپتىمەن، — دېدى ئادىل جىددىيلىشىپ.

— مە، ماۋۇنى ساڭا بېرەي.

— رەھمەت، قاراڭلار، باشقىلارمۇ كېلىۋاتىدۇ.

— ھەي، چاققان بولۇڭلار!

— ھوي، ئۇخلىمىغان ئوخشىمامسىلەر؟



— كۆڭۈللۈك ئىشلارنى ئويلاپ كۆزگە ئۇيقۇ كېلەتتىمۇ؟

قۇياش تىنچ كۆل سۈيىدەك كۆپكۆك ئاسماننى قىزىللىققا بوياپ قۇمتاغ بىلەن ئىدىقۇت تېغى تۇتاشقان جايدىن بوۋامدەك كۇلۇمسىرىگىنىچە چىقتى. جەنۇب تەرەپتىكى تاقىر تاغلارنىڭ ئۈستىدىكى بېلىق قورسىقى بۇلۇتلار ئۇپۇق قىزىللىقىدىن قىزىرىپ تېخىمۇ چىرايلىق تۈسكە كىردى. بىزنىڭ «ئەزا»لىرىمىزنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغانىدى. قويلار يېڭىلا ئېچىلغان ئېگىزدا ئوتلاۋاتاتتى. بىز كىمنىڭ قايسى قويى سۈتلۈك، قايسى ئۆچكىنى تۇتماق ئاسان شۇنى مۇزاكىرە قىلىپ يۈرۈپ، بەش چىنە سۈت سېغىپ كەلدۇق. لېتىپ ھەممىمىزگە دېگۈدەك سۈت چاينىڭ تۇزىنى تېتىتىپ باقتى. ئەتكەن چېيىمىز ھەممىمىزگە شۇنداق ياراپ كەتتى.

— ئۆمرۈمدە بۇنداق تاتلىق، ئوخشىغان سۈت چاي ئىچمىگەن مەن، — دېدى غالىب ھەييارلىق بىلەن.

— پولۇنىمۇ مۇشۇنداق ئوخشىتىۋەتسەڭ بىر ئۆمۈر ئېسىمىزدىن چىقمىغان بولاتتى.

— چوقۇم ئوخشىتىمەن.

— ئوخشىمىسىمۇ ئوخشىتىپ يەيمىز !

ئېرىقنىڭ يېنىدىكى كۆك قۇمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇپ، كۆڭۈللۈك ھالدا ناشتا قىلدۇق. ناشتا قىلىۋېتىپ قويلارنىڭ باشقا ياقلارغا كەتكەن - كەتمىگەنلىكىنى بىردەم - بىردەم كۆزىتىپ تۇردۇم. ئالتۇندەك سېرىق ئېگىزدا ئوتلاۋاتقان قويلار ئاق، قارا... گۈللەردەك كۆرۈنەتتى. قويلارنىڭ ئوتلىشىغا قاراپ ھەممىمىز خۇشال ئىدۇق. چۈنكى، قويلار يازدىن ئوبدان چىقىۋالسىلا كۈزدە بىرى پۈۋلەپ قويغاندەك ھۆپپىدە سەمرىيتتى. قويلار سەمرىدى دېگەنلىك بىزنىڭ خەجلەيدىغان پۇلىمىز بار بولدى دېگەنلىك ئىدى.

كىچىك بالىلاردىن نەچچىسىنى كېۋەزلىككە بۇيرۇپ قويۇپ، بىز تاماققا تۇتۇش قىلدۇق. ئۇلارنىڭ بارغۇسى يوق بولغاچقا،

دومسىيىشىپ ماڭدى.

— لېتىپ، قويلارمۇ تازا تويدى. ئۇلارنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىمۇ ھاجەتسىز، مۇشۇ يەردىلا بىردەم ـ بىردەم قاراپ، ئاۋۇ يەرگە ماڭغان قويلارنى توسۇپ قويسىلا بولمىدىمۇ؟ — دېدىم.

— بولىدۇ، ئەمىسە قاراپ تۇرايلى. شۇ ياققا قوي ماڭغان ھامان بېرىپ توسۇپ تۇرايلى، بولمىسا كېۋەز تۈلەيمىز دەپ يۈرمەيلى يەنە.

— ئادىل، ئوتنى ياخشى قالا، ياغ ئوبدان چۇچۇمىسە پولۇ ئوخشىمايدۇ. ئوت كۈچلۈك بولۇپ كەتسە پولۇ ئىس پۇراپ قالىدۇ.

— ۋاي ـ ۋۇي، سېنىمۇ «ئۇستا» دەپ قويساق شەرتىڭ جىقلاپ كېتىۋاتىدىغۇ ئەمدى...

— سەن قالىمىساڭ، مەن قالايمەن، چىدىماس. لېتىپ نېمە دېسە شۇنى قىلايلى!

— تۇرسۇن، سەن تۇزنى ئېلىپ تەييار قىلىپ تۇر. ياغ بەك قىزىپ كەتتى. گۆشنى سېلىپلا تۇز سالمىساق چاچراپ قولنى كۆيدۈرىدۇ.

قازانغا نەچچە پارچە گۆش چۈشۈشى بىلەن قازانغا «گۈپ» قىلىپ ئوت كەتتى. قورقىنىمىزدىن ۋارقىرىۋەتتۇق. لېتىپ قازاندىكى گۆشنى ئىلەشتۈرەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— تۇۋاقنى چاققان ئەكىلىڭلار! چاققان! قېنى تۇز! — دەپ ۋارقىرىدى.

تۇرسۇن قورقۇپ كېتىپ تۇزنى تۆكۈۋەتتى. جىددىيلەشكىنىمىزدىن تۇۋاقنى تاپالمىدۇق. ئەسلىدە تۇۋاقنى توپا بولۇپ كەتمىسۇن دەپ دەرەخنىڭ ئاچىمىقىغا قىسىپ قويغانىكەنمىز. لېتىپ ئالدىراش بىر نېمىلەرنى قىلىۋاتاتتى. مەن سومكامغا سېلىۋالغان تۇزنى دەرھال ئۇنىڭغا سۇندۇم. قازاندىكى ئوت ئۆچتى. لېتىپنىڭ قولىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىگە ياغ چاچراپ كەتكەنىدى. ئۇ پىياز

قورۇۋاتقاندا چىققان مەززىلىك پۇراق ھەممىمىزنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ ئىشتىيىمىزنى ئېچىۋەتتى.

— پولۇ تازا ئوخشايدىغان بولدى جۇمۇ، ئاغىنىلەر. قازاندىكى ماي مۇشۇنداق «گۇپپىدە» ئوت ئالسا تاماق ئوخشايدۇ.

— قورقمىدىڭمۇ؟

— ئوغۇل بالا دېگەن قورقامدۇ. بۇنداق ئىشنى نەچچە كۆرگەن مەن.

— مەنمۇ كۆرگەن، ئاپاممۇ سەن قىلغاندەك قىلغانىدى.

— بۇ يەردە تۇۋاق نەدە، قوشۇق نەدە... ھېچقايسىنىڭ بىلمىسەڭ.

— تۇۋاقنى كىم ئۇ يەرگە ئېلىپ قويغان بولغىيتتى.

— بولدى، ئۇنى سۈرۈشتۈرمەيلى. بولغۇلۇق بولدى. ئەمدى ئوتنى ئاستا قالاڭلار.

پولۇنىڭ سەۋزىسىمۇ قورۇلۇپ بولۇندى. لېتىپ ئاپىسىنىڭ پولۇ ئېتىش ئۇسۇلى بويىچە گۈرۈچنى يۇيۇپ تەييارلاۋېتىپ، گۈرۈچنى كەملىگەن چىنىدە سۇنى كەملەپ قازانغا قۇيدى. ئوچاقتىكى ئوتنى ئېلىۋېتىپ چوغلارنىلا قويۇپ قويدى.

سەھەردە تۇرۇپ كەتكەچكە بىر نەچچەيلەن مۈزدەك قۇم ئىرىقتا يېتىپ شىرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ھېچقايسىمىز سائەت ئېلىۋالمىغاچقا، پولۇنىڭ ئىس پۇراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بىردەم - بىردەم تۇۋاقنىڭ يېرىقىدىن چىققان ھورنى پۇراپ تۇردۇق.

— تاماق پىشتى!

ھەممىمىز قازاننىڭ ئەتراپىغا ئولاشتۇق. قىرىشقاندەك نەچچە قوي كېۋەزلىك تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. بۇنداق چاغدا كىمنى قوي توسۇشقا بۇيرۇسا ئۇنىمايتتى. بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ تۇراتتۇق، دىلمۇرات «مەن توسۇۋېتەي» دەپلا ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. باشقىلار ئولاش - چولاش تەخسە -

چىنىلىرىمىزنى لىتىپقا سۇنۇشتۇق.

— مەن ئۇستا ئاشپەز ئەمەس. ئاز - كۆپ بولۇپ قالسا رەنجىشمەيسىلەر جۇمۇ؟

— رەنجىمەيمىز !

— گۆشنى ئادىل بىلەن غوپۇر تەقسىملەيدۇ. «ماڭا ئاز، ئۇنىڭغا جىق بولۇپ قالدى» دەپ جېدەل چىقسا بولمايدۇ جۇمۇ؟

— بولىدۇ !

— ماڭا ئاز بولۇپ قالدى دېگۈچىلەر بولسا مەن ئۆزۈمنىڭ ئۈلۈشىنى بېرىمەن، — دېدى غالىب كەڭ قورساقلىق بىلەن.

— مەنمۇ بېرىمەن، — دېدى لىتىپ قولىدىكى ئىشنى توختاتماي.

— ئاۋۇ چاكاندىنىڭ يېنىغا كەلسەم بۇرنۇمغا پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى ئۇرۇلدى، — دىلمۇرات شۇنداق دېۋىدى، لىتىپ ساپلىقنى تۇتقىنىچە ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى.

— لىتىپ، بازارغا بېرىپ پولۇچىلىق قىلساڭمۇ بولغۇدەك جۇمۇ !

— ئۇنچىلىك ئەمەستۇ؟

— راستىنلا تەملىك ئېتىپسەن.

— ھەممىمىزنىڭ قولى تەگكەچكە تەملىك بولغان گەپ. قانداق تاماق ئەڭ تەملىك؟ ئۆزۈڭ ئەتكەن، دەپتىكەن. ئۆزىمىز ئەتكەن تاماق بولغاچقا تەملىك تېتىغان گەپ.

— ئەتىمۇ تاماق ئېتەيلى !

— كۈندە بولسا بولماس، بىر ھەپتىدە بىر قېتىم بولسۇن.

شۇ چاغدىكى كۆڭۈللۈك دالا تامىقىنى ئەسلىسەملا ئاغزىمغا سېرىق سۇ يىغىلىدۇ. ئاجايىپ كۆڭۈللۈك چاغلار ئىكەندۇق. مەن شۇ چاغدىكى قويلىرىمىزنىڭ رەڭگى، خۇي - پەيلىلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ ئۆچكىلەرگە سۇ بەرمىگىنىمنى ئويلاپ، دەرھال ئىككى چېلەك سۇ ئېلىپ، ئېغىلغا قاراپ ماڭدىم.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# ئىزدەش

ئاتامنىڭ دېرىكىنى ئىچكىرىگە ماڭغان سودىگەرلەردىن ھەر ۋاقىت سوراشتۇرۇپ تۇردۇق. بەزىلەر «گۇاڭجۇدا كۆردۇق»دېسە، بەزىلەر، «كۇنمىڭدا كۆردۇق» دەيتتى. تېخى بەزىلەر «خاربىندا كۆردۇق» دەيتتى. ئاتامنى قايسى شەھەردىن ئىزدەشنى بىلەلمەي بېشىمىز قېتىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قوشنا يېزىدىكى ئۆزۈم سودىگەرلىرى ئاتامنى شاڭخەيدە كۆرگەنلىكىنى، ھەتتا ئېنىق ئادرېسىغىچە بىلىدىغانلىقىنى دەپ بەردى. بوۋام بۇنى ئاڭلاپ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك جايىدا تۇرالمايلا قالدى. دېمىسىمۇ بوۋامنىڭ تېنى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېسەلچان بولۇپ قالغانىدى. بوۋام ھەممىمىزنى چاقىرىپ كېلىپ، كىچىك ئاتامغا جېكىلىدى:

— مەنمۇ قېرىدىم. قوغۇن پىشسا ساپىقىدا تۇرماس دېگەن گەپ بار، ئاكاڭنى تېپىپ كەل. كۆزۈمنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغىنىدا ئۇنى ئۆيدە كۆرەي. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان. بالىلارنىڭ گۈلدەك چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيت، بىزنى دېمىسىمۇ بالىلارنى ئويلىسۇن. ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كەتتى دېگەن قانداق گەپ، ھېلىمۇ سېلىمىخان چىدامىلىق، غەيرەتلىك ئىكەن، تاشتىن قاتتىق كۈنلەرگە چىدىماي بوپىسىنى قولتۇقلاپ كېتىدىغان ئاياللارمۇ تالاي، سېلىمىخان ئېغىرلىق قىلىپ بۇ ئۆينى كۆكلىتىپ كېتىۋاتىدۇ. ھازىر ئېتىز ئىشىنىڭمۇ ئالدىراش

ۋاقتى ئەمەس. تەكلەرنى ئېچىۋالدۇق. تېرىمغا خۇدايىم بار، ئەل ـ جامائەت، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بار... ئاپابەكرىنى ئېلىۋال. ئۇنىڭ خەۋىرىنى نەدىن، قەيەردىن ئىزدىشىمىزنى بىلەلمەيلا نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ تەۋەدىن «ئىچكىرىگە بېرىپتۇ» دېگەنلىكى ئادەمدىن ئۇنى سورىدۇق، مانا ئەمدى ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ئۇقتۇق. تېز بېرىپ، تېز كېلىڭلار...

بوۋامنىڭ «ئوسمانىنى ئېلىۋال» دېمىگىنىگە ئاچچىقىم كەلدى. ئاتامنى تېپىپ كەلگەچ شاڭخەينى كۆرۈۋالغان بولسام، ھەي ! ئىسىت. ساۋاقداشلىرىمغا، دوستلىرىمغا شاڭخەي ھەققىدە يېڭى ـ يېڭى ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەرمەسمىدىم. بوۋام مېنى ئوقۇشتىن قالامدىكىن دەپ «ئاپابەكرىنى ئېلىۋال» دېگەنلىكىنى بىلىپ تۇرسامۇ ئاكامنىڭ شاڭخەيگە بارىدىغانلىقىنى ئويلىسىاملا ئۇنىڭغا ھەسەت قىلغۇم كېلەتتى. مەن بارسام ياخشى بولاتتى. مەن دېگەن خەنزۇچىنى ئۇلاردىن ياخشى بىلىمەن ئەمەسمۇ؟ شاڭخەيدىغۇ شاڭخەي شېۋىسىدە سۆزلىمىسە گەپ ئۇقتۇرغىلى بولمايدۇ دەپ ئاڭلىدىم. شۇنداق بولسىمۇ مەقسىتىمىزنى ئۇقتۇراتتىم ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ئاتامنى ئىزدەپ كۆرگەن چۈشلىرىم، ئاتامنى ئىزدەپ سورگەن ئاجايىپ تاتلىق خىياللىرىم كۆپۈككە ئايلاندىمۇ ئەمدى؟ ياق، مەن بوۋام يالغۇز قالغاندا ئاستا «مەنمۇ باراي» دەپ باقاي. بوۋام، سېنىمۇ ئېلىۋالسۇن، دەمدۇ تېخى. شۇنداق بولغان بولسىدى، بېشىم كۆككە يېتەتتى.

ئاپام ئارىلىقنى يىراق دەپ نەچچە كۈن بۇرۇن نان يېقىپ قۇرۇتۇپ تەخلەش بىلەن بىللە، تالقان تارتىپ، گۆش قورۇپ بىر كوزىغا قاچىلاپ، ياڭاق، ئۆرۈك مېغىزىدىن ئىككى كىلوگرامدىن كۆپرەك تەييارلاپمۇ يەنە كۆڭلى خاتىرجەم بولمايۋاتاتتى.

مەن ئاتامنى ئىزدەپ بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن نېمىشقىدۇر ئاتامنىلا چۈشەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئاكامغا چۈشۈمنى دەپ بېرىپ باقتىم. ئاكام، ھە، دەپلا قويۇاتتى.. ئۇلارنىڭ

يول خېتى تونۇشتۇرۇشى پۈتمەيۋاتاتتى. خۇرشىدەم بىلەن خالىدەم ئىككىسى بايراملىق چۈشكەن رەڭلىك رەسىملىرىنى ئاتامغا تەييارلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ھەيران قالدىم. مەنمۇ رەسىمگە چۈشۈپ بېرەي دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، يېزىمىزدا رەڭلىك رەسىمگە چۈشسەك تۆت ـ بەش كۈندە چىقاتتى. ئاكاملار ئۈگۈنلۈككە ماڭماقچى، ھەي، ئىسىت! ئۇلارنىڭ رەسىمىنى بۇرۇنراق كۆرسەمچۇ؟ يا مېنىڭ ئەقلىمگە كەلمەپتۇ. مەن ئۆزۈمنى ئۇلاردىن چوڭ، ئۇلاردىن ئەقىللىق دەپ يۈرۈپتىمەن. ئۇلارنىڭ بۇ ئەقلىدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم.

ئاكاملار شاڭخەيگە كېتىۋىدى، ئۇنىڭ يوقلۇقى شۇنداق بىلىنىپ كەتتى. ئۇ بار چاغدا ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەپتىكەنمەن. بىرەر ئىشقا بۇيرۇسا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ، تاكاللىشىپ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپتىمەن. مېنى بوزەك كۆرۈپ، ئۇ ئىشقا، بۇ ئىشقا بۇيرۇۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەسلىدە ئۇ بولغاچقىلا ئۆيىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى جايىدا يۈرۈشەتتىكەن. مەن ئۇ قىلغان ئىشلارنىڭ يېرىمىنىمۇ قىلالمايدىكەنمەن. ئاكام كەتكەندىن كېيىن سىڭلىم ئۈچىمىز بىر يەرگە كېلىپ ئاكاملار ھەققىدە ھەر خىل قىياسلارنى قىلىشاتتۇق.

— ئابابەكرى ئاكاملار شاڭخەيگە بارغانمىدۇ؟

— شاڭخەي دېگەن يېزا بازىرى ئەمەس.

— ئۈچ كېچە كۈندۈزدىن ئوشۇق يول ماڭىدىغان گەپ.

— ئورۇندۇقتا ئۈچ ـ كېچە كۈندۈز ئولتۇرۇپ ماڭامدۇ؟

— ئورۇن سېلىپ قويمايدۇ ساڭا، ئولتۇرماي قانداق قىلىدۇ؟.

— ۋاي ـ ۋۈي، نېمىدېگەن جاپالىق؟

— ئاتاممۇ شۇنداق جاپالىق ئىشلەپ پۇل تاپقان، شۇڭا پۇللىرىنى قايتۇرۇۋالاي، دەپ تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ يۈرگەن گەپ.

— جاپا تارتماي ھالاۋەت نەدە؟

كۆڭلۈمدە ئاكاملار بۇ چاغقا ئالـلىقاچان شاڭخەيگە بېرىپ بولدى دەپ جەزملەشتۈردۈم. بىرىپ بىرەر كۈن قانغۇدەك ئۇخلىۋېلىپ ئىزدىسىمۇ 5 ـ كۈنى بولغاندىكىن ئاتامنى تاپقاندۇ. ئاكاملارمۇ قىزىقكەن، يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان نىياز ئاكامغا «تېلېفون قىلىمىز» دېگەندىكىن تېلېفون قىلىپ باقسا بولامدۇ. ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ. يا بۇ يەردىن تېلېفون ئۇراي دېسە، ئۇلارنىڭ تېلېفون نومۇرىنى بىلمىسە كىشى. خەت يازغان بولسىمۇ بۇ چاغقىچە قولغا تېگىدىغان چاغ بولدى. نىياز ئاكامنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ سوراپ باقاي...

مەكتەپتىن يېنىپ كېلىۋېتىپ زادى چىدىمىدىم. نىياز ئاكامنىڭ ئىشخانىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاران تاپتىم. گەپنى نەدىن باشلىشىمنى بىلەلمەي، تاپشۇرۇق ئىشلىمىگەن چاغلىرىمدىكىدەك تەمتىرەپ كەتتىم.

— ئاكاملاردىن تېلېفون كەلدىمۇ، نىياز ئاكا؟

— ياق، كەلسىلا سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن.

— كەتكىلى بەش كۈن بولدى. ئۇلاردىن خەۋەر بولمىغاچقا...

— تېلېفون كەلسىلا مەن سىلەرگە خەۋىرىنى بېرىمەن. ئوقۇشۇڭ قانداقراق؟

— يامان ئەمەس، نىياز ئاكا، مەن ماڭاي.

— ئولتۇرە، ئىشتىن چۈشىدىغانغىمۇ ئاز قالدى. تەڭ قايتايلى.

— مەن ماڭاي، ئاپامغا ئازراق بولسىمۇ ياردەملەشمىسەم بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، ياخشى ئوقۇ، سېنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشۇڭغا ئىشىنىمەن.

— خوش، ئەمىسە !

— توختاپ تۇرە، ماۋۇ ئىش قەغىزىنى ئېلىۋال. ھېساب ئىشلىگەندە، خەنزۇچە ئۆگەنگەندە ئىشلىتەرسەن. ئادەم تىرىشسىلا نى - نى ئىشلارنى قىلالايدۇ. ئادەم ئۆگەنگەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ. تىرىش، ئاتاڭنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلا! ئۈمىدۋار بول! سەن ئاتاڭغا ئىشەن. ئاتاڭغا ئىشەنسەڭلا دىققىتىڭ چېچىلىپ كەتمەيدۇ. بىز ساڭا ئىشىنىمىز، سەن چوقۇم ياراملىق ئادەم بولىسەن، تىرىشىپ ئوقۇ، ئۇكام!

دەرسلەر بارغانسېرى بىر - بىرىدىن قىيىنلىشىپ بارماقتا ئىدى. قانداق ئىشكىن، ئۆگىنىشتە سەللا بوشاشسام ئاتام قايتىپ كەلمەيدىغاندەك تۇيغۇدا بولاتتىم. قەلبىمدە تىرىشسام ئاتام قايتىپ كېلىدۇ، تىرىشمىسام ئاتام قايتىپ كەلمەيدۇ، دېگەن تۇيغۇ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەندى. دەسلەپتە ئۇنى مەن قۇرۇق خىيال دەپ ئويلىغاندىم. كېيىن كاللامدا، راست شۇنداق، دېگەن بىر سادا ھەر دائىم ياڭراپ تۇرىدىغان بولدى. شۇڭا سەللا بوشاشسام ئاتامنىڭ مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرىدىغان چىرايى كۆز ئالدىمغا كېلىپ تىرىشىپ كېتەتتىم. مەن قانچە ياخشى ئوقۇسام ئاتام شۇنچە تېز قايتىپ كېلىدىغاندەك تۇيغۇدىلا يۈرەتتىم.

خۇرشىدەم بىلەن خالىدەم ئۆزلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئاتامغا كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن تەقدىرنامىلىرىنى تامغا چاپلاپ قويغانىدى. سەھەر تۇرۇپ كەتسە بىر - بىرىنى چاقىرىشىپ تېكىست يادلايتتى، مەن بولسام يەنىلا ئېرىق بويىدىكى يوغان، يالغۇز جۇجەمنىڭ ئاستىدا مۇزاكىرە قىلاتتىم. ئاپام بىزنىڭ بۇنداق تىرىشچانلىقىمىزدىن پەخىرلىنەتتى، سۆيۈنەتتى. مېنىڭ كۆندە سەھەردىلا جۇجەم ئاستىدا ھېچ ئىش قىلماي ئۆگىنىش قىلىپ يۈرگىنىم كىشىلەرگە ھۇرۇنلۇقتەك تۇيغۇ بېرىشى مۇمكىن. ئاپاملار مېنىڭ ئىتىزدا ئىشلەپ، قوي بېقىپ يۈرۈشۈمدىن ئەمەس، بەلكى ياخشى ئوقۇپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن خۇشال بولاتتى.

ئاكاملار شاڭخەيگە كېتىپ ئونىنچى كۈنى نىياز ئاكامغا ئۈلاردىن تېلېفون كەلدى. نىياز ئاكامنىڭ چىرايىدىن، گېپىنىڭ ئۇرانىدىن ئاكاملارنىڭ ئاتامنى تاپالمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بىزنىڭ ئارزۇلىرىمىز كۆپۈككە ئايلانغانىدى. خالىدەمنىڭ ئېغىزى ئۈمچەيدى. خۇرشىدەمنىڭ چىرايلىق قوي كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ ئاقتى. ئاپام نىياز ئاكامنى ئۇزىتىپ قويۇپ كۆكتاتلىققا كىرىپ كەتتى. مەن ئاپامنىڭ ئۈياقىقا مېڭىشىدىن ئۇنىڭ كۆز يېشى قىلىدىغانلىقىنى پەملىدىم. ئاپام خەقلەر بىزنى ھاقارەتلىگەندىمۇ، ئاتامدىن خەت ـ خەۋەر كەلمەي تىتىلداپ يۈرگەن چاغلاردىمۇ، ئۆيىمىزنى يالىڭاچلاپ قويغاندىمۇ... نى ـ نى ھەسرەتلەرنى قۇمغا سىڭگەن سۇدەك سىڭدۈرۈۋەتكەن، بەلكىم بۇنچىلىك ئىشلارغا كۆڭلى بۇزۇلۇپ يۈرمەس.

نىياز ئاكامغا يەنە شاڭخەيدىن تېلېفون كەلدى. نىياز ئاكام بۇ قېتىم خەۋەرنى سىلىق ـ سىپايە قىلىپ دېدى:

— سېلىمىخان، ئابابەكرىلەردىن تېلىفون كەپتىكەن، ئۇلار ئابلىزنىڭ دېرىكىنى قىلىپ بارسا، ئۇ بىر كۈن بۇرۇن گۇاڭجۇغا كېتىپ قاپتۇدەك. شاڭخەينىڭ چوڭلۇقىنى بىز بۇ يەردە تۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلغان بىلەن چوڭلۇقىغا ئەقلىمىز يەتمەيدۇ. ئۇ يەردىن ئېنىق ئادرېسى يوق بىر ئادەمنى ئىزدەشنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. قارىغاندا ئابلىزنىڭ ئوقىتى يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ. بولمىسا كېلەتتى. ئۇ قولدىن چىقىرىپ قويغان شۇ نەچچە ئون تۈمەننى تىرىلدۇرىمەن دەپ يۈرگەن گەپ. ئۇنىڭ ئىرادىسىگە ھېچكىم قايىل بولمىسا، مانا مەن ئۇزۇن يىللىق دوستى، قوشنىسى قايىل... كىم بىلىدۇ دەيسىز، ئۇلار تېلېفون قىلىپ بولۇپ پويىزغا چىققاندا ئابلىز بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ بىللە كېلەمدۇ تېخى...

ئاكاملارنىڭ ئاتامنى تاپالماي ئۆيگە قاراپ يولغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلىمىز ھەقىقەتەن يېرىم بولدى. راستىنى ئېيتسام،

ئېچىمگە بىر قورقۇنچ كىرىۋالغانىدى. ئاپام ئۇيقۇسى كەلمىگەن كېچىسى كىر يۇيىدىغان ئادىتى بويىچە كىر يۇغىلى چىقىپ كەتتى، مەن ھۇجرامغا كىرىپ ئاتامنىڭ سۈرەتلىرىگە قاراپ ئاتام بىلەن خىيالىمدا مۇڭداشتىم...

شۇ چاغدا بوۋامنىڭ كۆڭلىنىڭ غەشلىكىنى بىز ئويلىمىغانىكەنمىز. كېيىن بوۋامنىڭ دېيىشىچە ئاتامنىڭ دېرىكى بولمىغاچقا «نەزىر»نى بېرىۋېتىشنىمۇ ئويلاپتىكەن.

مېنىڭ كاللامغىمۇ كوچىدىكى ھەر خىل شۇم خەۋەرلەر كىرىۋېلىپ بەزى كېچىلىرى چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتىم. كاللامدىكى بۇ قورقۇنچلۇق ئويلارنىڭ ئەكسىچە ئىش بولسا بولاتتى... ئاتام چوقۇم ھايات، ئاتامنىڭ چوقۇم ھاياتلىقىغا ئىشىنىمەن. مۇبادا ئاتام ئۆلۈپ كەتكەن بولسا چۈشۈمگە كىرمىگەن بولاتتى...

ئاكاملار شاڭخەيگە كەتكەندىن بۇيان كۈندە بىرەر قېتىم ئۆگزىگە چىقىپ كارىزنىڭ شەرق تەرىپىدىكى شېغىللىق يولغا قاراپ باقاتتىم.

غەملىرىم كۆپىيىشكە باشلىدى. ئاپامنىڭ كۈندىن - كۈنگە سولىشىۋاتقان چىرايىغا قاراپ، زىلۋا، ئەۋرىشىم بويى قېتىۋاتقاندەك، كۆزلىرىدىكى نۇر يوقاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلەتتىم - دە، بىر ئاماللارنى قىلىپ ئاپامنى كۆلدۈرۈشكە ئۇرۇناتتىم. ھەر بىر ھەرىكىتىمدىن ئاپامغا خۇشاللىق بېغىشلاشقا تىرىشاتتىم. ئاپامنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ئاپامنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىش كۆرەتتىم.

خۇرشىدەم بىلەن خالىدەم ئاتامنىڭ رەسىمىنى سومكىسىدىن ئايرىماي كۈندە دېگۈدەك قارايتتى.

— ئوسمان ئاكا، ئاتام خەقلەر دېگەندەك چەتكە چىقىپ كەتكەنمىدۇ؟

— چەتكە چىقىشنى سەن بازارغا بارغاندەك ئاسان ئىش

دەمسەن؟ ئاتام بىزنى تاشلاپ نېمە قىلىدۇ ئۇ يەردە؟ خەقنىڭ ئۆسەك گەپلىرىگە ئىشەنمەڭلار!

— ئەمىسە كەلمەيدىغۇ؟

— خەت بولسىمۇ يېزىپ قويمىدى، ئاتامغا ئۆچ بولدۇم.

— ئۇنداق دېمە !

— ئابابەكرى ئاكاملار بىزنى تۇيۇقسىز خۇشال قىلىۋېتەيلى دەپ قەستەن «تاپالمىدۇق» دەپ تېلېفون ئۇرۇپ قويۇپ ئاتام بىلەن بىللە كېلەرمۇيا؟

...

باھار، ياز پەسىللىرىدە قەرز سۈيلەيدىغانلار ئاساسەن يوق ئىدى. كۈزدە قولىمىزغا پۇل كېلىدىغان ۋاقىتتا كېلىپ، دېمەكچى بولغانلىرىنى مىڭبىر باھانە ـ سەۋەب كەلتۈرۈپ سورىشاتتى. بىزمۇ ئۇلارنىڭ كېلىشىدىكى مۇددىئاسىنى ئۆيگە كىرىشىگىلا بىلىۋالاتتۇق. ئۇلارغىمۇ نېمە ئامال. بوۋام بۇنداق چاغدا «دېھقان دېگەن كۆك مايسىغا قاراشلىق، پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغاندا كەلمەي قاچان كېلىدۇ...» دەپ، ئەڭ بولمىغاندا چىرايلىق گەپ بىلەن يولغا سالاتتى. باھارنىڭ سېرىقتال، يازنىڭ ئۇزۇكچىلىك چاغلىرىدا بىزنىڭكىگە كەلسىمۇ بىزدىن بىر پۇڭ ئالالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ ـ دە! يېقىن تۇغقانلار بىزنى يوقلاپ كېلىپ تۇرۇشى بىلەن قەرز ئىگىلىرىنىڭ ئايدا بىرەر نۆۋەت كېلىپ «پۇلىمىزنى بېرىڭلار» دېمىگەن بىلەن «بىزنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، ئاۋۋال بىزنى ئويلىشىپ قويارسىلەر...» دەپ كېلىشى ئۆيىمىزنىڭ بۇرۇنقى ئاۋاتلىقىنى ئەسلىتەتتى.

كۈندە بوۋاملارنىڭكىگە تېلېۋىزور كۆرگىلى چىققاندا «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» نى كۆرەتتىم. ئاتامنىڭ خەيىنداۋدا ئىكەن دېگەن خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خەۋەرلەردىن خەيىنداۋغا ئائىت خەۋەرلەر بولسىلا ئېرىنمەي سىنچىلاپ كۆرەتتىم. ئاتام شۇ خەۋەرلەردە، سودا قىلىپ چىقىپ

قالىدىغاندەكلا تۇيغۇدا بولاتتىم.

خەقلەرمۇ قىزىقكەن. بىزدىن تەپ تارتماستىن ئاتاڭلار سىلەرگە ئۆچ ئىكەن. شۇڭا، سىلەرنى نەچچە يىل تاشلىۋەتتى. سىلەرچۇ؟ ئاتاڭلارغا ئۆچمۇ؟... دەپ سورىشىدۇ. ئاتىسىغا ئۆچ ئادەم ئاتىسىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەمتى؟ ئاتىسىنىڭ يولىغا قاراپ، تەلمۈرەمتى؟ ئاتام بىزنى تاشلىۋەتمىدى، بىزگە بەخت ياراتقىلى كەتتى! بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنى ئويلاپ جىق پۇل تېپىپ بىزنى چەت ئەللەردە ئوقۇتىدىغانغا كەتتى! ئاتام تۈمەنلەپ پۇل تېپىپ ئېسىل ماشىنىدا كېلىدۇ! ئاتام چوقۇم كېلىدۇ! قايتىپ كېلىپ بۇرۇنقىدىنمۇ چوڭ سودىگەر بولىدۇ! كارىزنىڭ ئايىغىدىكى بوش يەرگە زاۋۇت قۇرىدۇ! بىز تېخىمۇ باي بولىمىز!



## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# مىش - مىش پاراڭلار

ئاكام بىلەن كىچىك ئاتامنىڭ شاڭخەيدىن كەلگىنىگە بىر ئاي بولا - بولمايلا كوچىدا ئاتام توغرۇلۇق ھەر خىل مىش - مىش پاراڭلار تارقىلىپ كەتكەنىدى. سېلىم سالتاڭنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدى بۇنداق گەپلەرنىڭ ئۇۋىسى ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ جەمەتىمىزدىن بىرەرىنى كۆرۈپ قالسىلا ئاتام توغرىسىدىكى پاراڭلارنى توختىتىۋالاتتى. كېيىن دارىتمىلاپ دەۋىرىدىغان بولدى. مانا ئەمدى ئوچۇق - ئاشكارىلا يۈزىمىزدىن يۈزىمىزگە دەيدىغان بولۇۋېلىشتى. ھەرقايسى يۇرتلاردىن ئىچكىرىگە سودىغا كەتكەنلەر چىقىپ تۇراتتى. بىز سودىگەرلەردىن ئاتامنىڭ دېرىكىنى قىلىشقا بارساق، بۇ خەق ئىچكىرىدىن كەلگەنلەردىن، ئاتامنىڭ نەدە، قانداق كۈن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، قايسى ئۆيدە كىم بىلەن نېمە ئىش قىلغانلىقىنى سوراپ يۈرەمدىكىن تاڭ، ئاتامنىڭ كىچىككىنە ئىشلىرىنىمۇ كۆپتۈرۈپ يۇرت ئەھلىگە ياياتتى. ئاپاممۇ ئاڭلىغان بولسا كېرەك، بىز تۆتىمىزنى چاقىرىپ نەسىھەت قىلدى:

— باللىرىم، خەقنىڭ ئېغىزىنى يىپتا يۆمەپ تىكىپ قويغىلى، تۇۋاقلاپ قويغىلى بولمايدۇ. نېمە دېگۈسى كەلسە دەۋېرىدۇ. پالانچى ئاتامنى ئۇ دېدى، پۇستانچى ئاتامنى ئۇنداق دېدى، مۇنداق دېدى، دەپ ئۇرۇشۇپ يۈرمەڭلار، بولۇپمۇ ئابابەكرى سەن دىققەت قىل، خەق بىلەن ئۇرۇشۇپ بېشىمغا بالا تېرىما.

— ئاتامنى ھاقارەتلىسىچۇ؟ قاراپ تۇرىمەنمۇ؟ — دېدى

ئاكام سەل نارازى بولۇپ.

— ھېلى دېدىمغۇ، بالام، نېمە دېسە دېسۇن، كارىڭلار بولمىسۇن. نەچچە يىلدىنمۇ ئۇ خەق شۇنداق دەپ كەلگەن. دېگۈسى كەلسە دەۋەرسۇن، ئۆزىنىڭ ئېغىزى.

— سەن ئۇنداق دېگەن بىلەن...

— مېنىڭ دېگىنىم ھېساب. شۇنداق قىلىڭلار. خەق بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالمايلى.

— «قويمىچى»دېسىغۇ مەيلى، بىراق باشقا بىر نېمە دەيدىغان بولسا ئوتتۇز ئىككى تال چىشىنى تۆكۈۋېتىمەن !

— كۈچۈم يەتمىسە بىر چىشلەم گۆشىنى بولسىمۇ چىشلەپ ئۈزۈۋالىمەن!— دېدىم مەنمۇ ئاچچىقىمدا.

— ئوسمان، سەن نېمە بولدۇڭ ئەمدى؟

— ئاپا، سەنمۇ سېلىم سالتاڭنىڭ دۈكىنىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرۇپ باقە، خەقلەرنىڭ شۇ سېسىق گەپلىرىگە چىدىيالامسەنمىكىن؟

— بالىلىرىم، مەن باياتىن تامغا گەپ قىلىمىدىم. كۆڭۈلنىڭ تىنچلىقى ھەممىدىن ئەۋزەل. ئۇرۇشماڭلار، تىللىغىنى يەل. نەچچە يىلنىڭ ياقى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان گەپلەرغۇ ئۇ. چىدايلى، چىدىغانغا چىقارغان، دەپتىكەن.

— بۇرۇنقى گەپلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئاپا !

— نېمىسى ئوخشىمايدۇ؟ ھەممىسى ئوخشاش، چىدايلى...

ئاپامغا نارازى بولۇپ باققان بولساقمۇ ئاپامنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئارتۇق گەپ قىلمىدۇق. بوۋام ئۆسەك گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئاچچىقى كېلىپ ئاتامنى بىر نېمە دېگەنلەرنىڭ ئاتىلىرىغا خاپا بولغاندىن كېيىن، بىزدىن سەل ئەيمىنىپ بىز بار يەردە ئاتام توغرۇلۇق ئارتۇق گەپ قىلماس بولدى.

ئاتامنىڭ خەۋىرىنى ئىلگىرىكىدەكلا ئاندا ـ ساندا ئۇقۇپ تۇراتتۇق. بىر كۈنى باغىرلىق بىر سودىگەر ئالايىتەن بىزنىڭ

ئۆيگە چىقىپ ئاتامنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزدى.

— ئابلىزنى مەن سەنيادا كۆردۈم. ئۇنىڭ ئۇقىتى تازا ئاقمىغاندەك قىلىدۇ. ئۆزۈمنى ئىككىگە بۆلۈپ ساتقانىكەن. بىرنى ھېلىقى سىلەر بىلىدىغان شېرىكى قويۇۋېتىپ چەتكە چىقىپ كېتىپتۇدەك. ئازراق يېرىمىنى سېتىۋالغان ئادەم ئىدارىسىنىڭ پۇلىنى قوشۇپ قىماردا ئۇتتۇرۇۋېتىپ يوقاپ كېتىپتۇ. ئابلىز ماڭا «باللارغا كۆپ پۇل ئەۋەتەلمەيمەن. بۇ 2000 كوينى ئالغاچ كەت» دەپ بېرىپ قويدى. مانا ئامانەت. ئۇنى ئىزدەپ بارماڭلار، ئۇ بۇگۈنى سەنيادا، ئەتىسى خەيكۇدا، ئۆگۈنى كۇنمىڭدا بولىدۇ. ماڭار چاغدا بىر ئاز خەتىرى بار سودىغا چېتىلىپ قالدىم، مېنى باللار ئىزدىمىسۇن، دېگەنىدى. مەن پۇللىرىمنى قايتۇرۇۋالساملا ئۆيگە كېتىمەن، دېگەن گەپنى نەچچە قېتىم دېدى. شياڭگاڭلارغىمۇ چىقىپتۇدەك...

— باشقا گەپ قىلمىدىمۇ؟

— جىق گەپ قىلىشمىدۇق. ئۇنىڭ نەچچە شېرىكى ئالدىرىتىپ ئېلىپ كەتتى.

— ئاتام يامان ئادەملەرنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمىگەندۇ - ھە؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەستەك كۆردۈم.

— باللارنى ياخشى ئوقۇتسۇن، دەپ جىق تاپىلاپ كەتتى.

— قارىسىلا، تامنىڭ يېرىمى بىزنىڭ تەقدىرنامىمىز بىلەن توشتى، ئاتام بىلەن كۆرۈشۈپ قالسىڭىز ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، — خۇرشىدەم بىلەن خالىدەم ئۆزلىرىنىڭ مۇكاپاتلىرىنى بەس - بەستە كۆرسىتىشتى.

— ياخشى، ياخشى! مەن ئەمدى كۆرۈشۈپ قالسام ئۇنىڭغا دەپ قويىمەن.

— ئادرېسىنى راستتىنلا دېمىدىمۇ؟

— ياق، مەن باللارغا، كارىزدىكى خەقلەرگە يۈز

كىلەلمەيمەن. يوقاتقان پۇلۇمنى قايتۇرۇۋالمىغۇچە يۇرتقا چىقمايمەن، دەيدۇ.
— پوق يەپتۇ، پوق! — ئاپام ئاغزىدىن بۇنداق گەپلەرنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.
— ئۇنداق دېمىسىلە، ئاچا. قارىغاندا ئۇنىڭمۇ بىر تىل قىسىنچىلىقى بار ئوخشايدۇ.
— نېمە قىسىنچىلىقى بولماقچىتتى. كىمنىڭ قەرزى يوق. يېنىپ كېلىپ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتقان بولسىمۇ بۇ چاغقا ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كېتەتتى، — دېدى مومام لېچكى بىلەن كۆز يېشىنى ئېرتىۋېتىپ.
— مەنمۇ نەسىھەت قىلغانىدىم. قولىمىزدىكى مالنى ئۆتكۈزۈۋېتىپلا كېتىمەن. مەنمۇ يۇرتنى سېغىندىم، باللارنى سېغىندىم، دەپ ھەسرەت چەكتى.
— قارا، بۇ دەيۈزنىڭ دېگەن گەپلىرىنى، سېغىنىپتىمىش...!
بوۋامنىڭ ئالدىمىزغا جىندەكلا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىدىن ھەممىمىز چۆچۈپ كەتتۇق. بوۋام تېرەككارىزغا نەزىرگە كەتكەنىدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كەلگەنىدى.
— ئۇكام، ئابلىز زادى نەدە ئىكەن؟
— ئۇنى سەنيادا كۆرگەنىدىم.
— نەدە ئۇ سەنيا ـ پەنيا دېگەن يېرىڭ، ئۇكام؟
— ئۆزلەگە دەپ بەرسەم دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى قىش بولمايدىغان يەر. تۆت ئەتراپى دېڭىز، خەينەنداۋ ئارىلىنىڭ ئەڭ نېرىسى.
— نېمە قىلىۋېتىپتۇ ئۇ، جاھاننىڭ ئۇ چېتىدە؟
— مەنمۇ ئېنىق ئۇقمىدىم. نەچچە شېرىكى ئالدىرىتىپ ئېلىپ كەتتى.
— ئۇكام، ئۇنى بىر خۇرجۇنغا سېلىپ بولسىمۇ ئالغاچ

كېلىدىغان گەپ ئىكەندۇق.

— ئۇ...

— بولدى، بولدى، مەنمۇ دەپ قويدۇم. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان دەپتىكەن. بالىلىرى گۇلدەك چوڭ بولۇۋاتىدۇ. سىلىمىخانىنىڭ غەيرىتى بىلەن بۇ ئۆي بۇرۇنقىدەك ئىللىق، بالىلارغا ئاتىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرمەي كېلىۋاتىدۇ. ئەمدى كۆرسىڭىز بىزگە جىمىمدە خەۋەر قىلىۋېتىڭ. مۇشۇنىڭدا قوشنىمىز نىياز ئاخۇننىڭ ئىشخانىسىنىڭ تېلېفون نومۇرى بار. شۇنىڭغا «ۋەي، ۋەي» قىلىپ قويسىڭىزلا ئابلىمىت ئايروپىلانلىق بولسىمۇ بېرىپ ئېلىپ كېلىدۇ...

— ماقۇل، مەن ئابلىزنى كۆرسەملا ئۇنىڭغا سىلەرنىڭ سالىمىڭلارنى يەتكۈزۈپ ئۇنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن.

ئۇ كىشى شۇنداق دەپلا ئۆيدىن ئالدىراش چىقىپ كەتتى. ئاتامنىڭ دېرىكىنى ئاڭلىغان ئەڭ يېقىنقى، ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەردىن خۇشال بولساق، ئاتامنىڭ كەلمىگىنىگە قايغۇردۇق. ھەر نېمە بولسا زۇۋاندارلارنىڭ «ئابلىز ئۆلۈپ كېتىپتۇدەك» دېگەن گېپىنى بۇ ئۇچۇر ئۇچۇرۇپ كەتتى. يەنە شۇنداق گەپنى دەپ باقسۇنچۇ...

مەن ئۆگىنىشىمنى يەنە داۋاملاشتۇرىۋەردىم. تىرىشساڭ ئۇزارسەن دېگەندەك، ھەممە بالىلار دېگۈدەك ئۈچ بولغان گېئومېتىرىيە، ئالگېبرالارنى چۈشىنىپ ئەڭ ئالدىدا ماڭدىم. ئالگېبرا مۇئەللىمىمىز مېنى پات ـ پات ماختاپ قوياتتى. باشقا ساۋاقداشلار كۆنۈكمىنى ئىشلىيەلمىسە مېنى ئىشلىتەتتى. مېنىڭ توغرا ئىشلىگەنلىكىمنى كۆرۈپ، ساۋاقداشلىرىمغا: «دەرسنى ئوبدان ئۆتەلمىدىممىكىن دېسەم ئوسمان، روشەنگۈل، ئارسلانلار شۇنداق ئوبدان بىلىپ ماڭىدۇ... ئۇنداق قىلماڭلار، كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ھاسان مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئەجەب

ئاڭلىماپتىكەنمىز، دەپ پۇشايماندا قالىسىلەر، كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئۆگىنىڭلار، مېنىمۇ، ئۆزۈڭلارنىمۇ قىينىماڭلار...» دەيتتى.

ھەرقايسى دەرسلەردە ئۆگىنىشىم ياخشى بولغاچقا مەكتەپكە تونۇلۇپ قالغانىدىم. ئالگېبرادىن ناھىيىلىك مۇسابىقىگە تاللىنىپ، ئىككى مۇئەللىم بىر نەچچە ھەپتە تەكرار قىلىپ بېرىۋىدى، ناھىيە بويىچە ئىككىنچى بولۇپ مۇكاپاتلاندىم. بۇۋام «ئوسمان، ناھىيە بويىچە نەتىجىگە ئېرىشكەن بولساڭ قوتاندىن تاللاپ تۇرۇپ بىر قويىنى تۇتۇۋال» دەپ قوي بىلەن مۇكاپاتلىۋىدى، ئۆزۈم ئوبدان بىلىدىغان قارا ساغلىقنى تۇتۇۋالدىم.

قوي، ئۆچكە بېقىپ سەمرىتىپ ئاپامنى خۇشال قىلاي دەپ بىردەم بىكار بولسىلا قويلىرىمغا ھەمراھ بولاتتىم. بىر كۈنى قويلارغا سۇ ئەكىرىپ بېرىپ چىقىشىمغا ھېلىقى باغىرلىق سودىگەر ئۆيىمىزگە يەنە كەلدى.

— مەن بۇ قېتىم يەنە ئىچكىرىگە بارىدىغان بولۇپ قالدىم. مېنىڭمۇ ئون تونىندەك ئۆزۈمىمنىڭ پۇلى چىقمايۋاتىدۇ. ئابلىز ئۇچراپ قالسا دەيدىغان قانداق گەپلىرىڭلار، خېتىڭلار بار، ئالغاچ كېتەي. ئالدىنئالا دەپ قوياي. خالتا ئالالمايمەن.

— پۇل تېپىلىدۇ، يېنىپ كەلسۇن، ئۇكام، ئاتاڭ ئېغىر كېسەلكەن، تېزدىن ئۆيۈڭگە بار، دەپ قويۇڭ.

— خالىدەم «ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ ئوقۇۋېتىپتۇ، دەپ قويسىلا.

— بولىدۇ، قىزىم.

— قەرزىنىڭ يېرىمىنى تۆلەپ بوپتۇ، دەپمۇ قويسىلا.

— ماقۇل مەن دەپ قويىمەن.

— بۇ يەردە ئۇ توغرۇلۇق ھەر خىل گەپلەر باشقىدىنلا ئاۋۇپ قالدى. ھېچ بولمىسا بىر كۆرۈنۈپ قويۇپ كەتسۇن. بىزمۇ

خاتىرجەم بولايلى...

ئۇ كىشى بىزنىڭ ئۇلۇغ تىلەكلىرىمىزنى ئېلىپ كەتتى. خىيالىمدا ئۇ كىشى بىلەن ئاتام بىللە كېلىدىغاندەكلا، چۈشلىرىمدە ئاتامنىڭ بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىدا كاۋاپچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەپ قاپتىمەن. يېنىدا مەن دېمەتلىك ئىككى بالا زىخقا گۆش ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتقۇدەك. يېنىغا مەن بارسام كۈلۈپمۇ قويماي تۇرغۇدەك. ئاتام مېنى تونۇمىدى دەپ ئارقامغىمۇ قارىماي يۈگۈرۈپ ماڭغۇدەكمەن...

ھېلىقى كىشى كېلىپ كەتكەندىن كېيىن يەنە مىش - مىش گەپلەر تارقالدى، ھەتتا ئابلىز بىر تونۇشىدىن سېلىمخانغا بىر چامادان پۇل ئەۋەتىپ بېرىپتۇ، سېلىمخان ئۇ پۇللارنى يوشۇرۇپ قويۇپ ھېچكىمنىڭ پۇلىنى بەرمەيۋېتىپتۇ... دېگەندەك گەپلەر ئېقىپ يۈرەتتى. ئۇنچىلىك پۇل بولسا ئاپام باشقىلارنىڭ قەرزىنى بەرمەي يوشۇرۇپ نېمە قىلىدۇ؟

ئاكامنىڭ جىمغۇرلىشىپ قالغانلىقىنى چۈشىنەتتىم. بەلكىم ئاتامغا جىلە بولۇپ، شۇنداق بولۇپ قالغاندۇ... سېلىم سالتاڭنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالساق بىزنى قەستەن گەپكە تۇتىدىغانلارمۇ بار ئىدى. بىر كۈنى ئېتىزغا كېتىۋاتسام، سېلىم سالتاڭ:

— ھە، ئوسمان، باغىرلىق رىشىت قاق دېگەن سودىگەر قانچە تۈمەننى ئەكېلىپ بەردى؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئۇ كىشى پۇل ئەكەلمىدى، ئىچكىرىگە ماڭىدىكەن، ئاتامنى كۆرسە يەتكۈزۈپ قويىدىغان گېپىمىزنىڭ بار - يوقلۇقىنى سوراپ كەپتىكەن.

— ئۇنچىلىك دەپ كەتمە، ھېچكىمگە دەپ قويمايمىز، ھېلىقى بىر چامادان پۇل قانچىلىك چىقتى؟ ھەممىسى ماي پۇراپ تۇرغان قىپقىزىل يۈز كويلۇق پۇلدۇر ھەرقاچان. ئادەمنىڭ كۆزى شۇنچىلىك پۇلنى كۆرسىمۇ كۆڭلى توق تۇرىدۇ. ئاپاڭ يوق چاغدا

بىزگىمۇ بىر كۆرسىتىپ قوي.

— دېدىمغۇ، ئاتام پۇل ئەۋەتكىنى يوق، دەپ.

ئاپامنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ خەق بىلەن تاكاللىشىپمۇ يۈرمىدۇق. بەزىلەر كوچا پاراڭلىرىغا ئىشىنىپ قېلىپ ھۆججىتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، پۇلىنى بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىپ كۆكەرمىلىك قىلىسىمۇ ئۇندىمىدۇق.

— سىلەر نېمىلا دېگەن بىلەن، ئاڭلىساق ئاتاڭلار ئاخىر جىق پۇل ئەۋەتىپتۇدەك. گەپ دېگەن تام تۆشۈكىدىن چىقمايدۇ. ئۇنى كۆرگەنلەر باركەن، «باللىرى دوستلىرىغا كۆرسىتىپتۇ» دەپمۇ ئاڭلىدۇق، بالا دېگەن يالغان گەپ قىلمايدۇ، بىزنىڭ قەيىنچىلىقىمىزنى ئويلاپ بولسىمۇ ئاۋۋال بىزنىڭكىنى بېرىۋەتكەن بولساڭلار...

— خەقنىڭ دېگەن گېپى راست بولسۇن، ئېغىزىدىن پال چىقسۇن، بالىلارنىڭ ئاتىسى پۇل ئەۋەتكەن بولسا، قەرزنى قايتۇرماي، يوكىنىمغا بېسىۋېلىپ نېمە قىلاي؟! مانا قارىسىلا، مەنمۇ ھەممە ھېساباتنى قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن. پۇل كەلسىلا پۈتۈن قەرزنى شۇ سائەتنىڭ ئىچىدە قايتۇرۇپ بېرىمەن...

ئەمدى خەقلەر ئاتام توغرۇلۇق سەت گەپلەرنىمۇ ئۇدۇللا دەيدىغان بولۇشقاندى. ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايلا ئۆز ئىشىم بىلەن بەند بولىۋەردىم.

— ئوسمان، ئاڭلىساق ئاتاڭ شاڭخەيدە توي قىلىۋاپتۇدەك، راستىمىكەن؟

— بىلمەيمەن.

— سىلەر بىلمىسەڭلار قانداق بولىدۇ. ئاپاڭنى تاشلىۋېتىپتۇ ـ دە!

— ئۇ تەتەينى 18 ياشتا دەيدىغۇ؟

— ماڭاۋە، قېرى تەتەي دەيدۇ ئۇنى. پۇتى پېتىر مانتىدەك بارمىش.

— يېڭى زاماندا پۈتنى بوغىدىغانلار يوق.
— ئىشقىلىپ ئۇ تەتەي بايمىش، كاتتا ئىمارىتىدىنىلا نەچچىسى بارمىش دەپ ئاڭلىدۇق.
— ئابلىز ئۇنىڭ پۇلىنى خەجلەپ، بەگدەك ياشايدىكەن دەڭلا، بەگدەك، ئۆتمۈشتە قاسىم بايمۇ ئۇنىڭدەك ياشىمىغان بولغىيتتى.
— سەن ئابلىزنى كۆرگەندەكلا پاراڭ قىلىسەنغۇ؟
— خەقتىن ئاڭلىدىم. ئابلىز ئۇ تەتەيدىن «ئاجرىشىپ كېتىمەن» دېسە، نېمە قىلساڭ قىل، مېنى تاشلاپ كەتمە دەپ يالۋۇرۇپتۇدەك.
— ئىشىڭلارنى قىلىڭلار، ئابلىز ئۇنداق ۋىجدانسىزلاردىن ئەمەس.
— ئوسمان، ئاڭلىساق ئوقۇشۇڭ ياخشى ئىكەن، يەنىمۇ تىرىش، ياخشى ئوقۇپ شائخەيدىكى داشۆگە ئۆت. تەتەي ئاپاڭ ياخشى كۆتىدۇ.
— نېمە ئۇنداق قالايمىقان گەپ قىلىسىلەر، نومۇس قىلىشنى بىلمەمسىلەر؟ ! — دېدىم ئاچچىقلىنىپ.
— نېمە خاپا بولىسەن؟ ئۇ تەتەينىڭ چىرايلىق قىزى بولسا ساڭا بېرەمدۇ تېخى...
— نومۇس قىلساڭلارچۇ؟ كىچىك بالىغىمۇ شۇنداق گەپ قىلامسىلەر؟ نومۇس، نومۇس! سىلەرمۇ ئادەم بولۇپ قاپسىلەر. سىلەرنىڭمۇ بالاڭلار بار. بالىلىق بولىسىلەر، سەممىمىي بولايلى جامائەت، بىر كارىزنىڭ سۈيىنى ئىچكەن خەقلەرنىڭ دەيدىغان گەپلىرى ئەمەس ئۇ... — دېدى ئارىدىن بىرەيلەن ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ.
بىكار تەلەپ، ساۋاتسىز كىشىلەرنىڭ ئاتام توغرىسىدا دېيىشكەن بۇ زەھەرلىك گەپلىرىنى ئاڭلىغانسېرى شۇنچە جىلە بولاتتىم. لېكىن شۇ ھامان يەنە ئاپامنىڭ نەسىھىتىنى ئويلاپ ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ سوغۇق قانلىق بىلەن ئىش كۆرەتتىم.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# بوۋامنىڭ خۇشاللىقى

### 1

كوچا پاراڭلىرىنى ئاڭلىغان بوۋامنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ جىم تۇرالمايلا قالدى. بىزنى كەمسىتكەنلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەمدى ئاتامنى ۋە بىزنى ھاقارەتلىسە ساقچىغا ئېيتىپ تاناۋىنى تارتقۇزىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بوۋامنىڭ سۆزلىرى ئۇ قولاق كەستىلەرنىڭ قۇلىقىدا بىرەر ھەپتە تۇرۇپلا يەنە ئۆز سەنىمىگە دەسسەشكە باشلىدى. مەن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، تىللىشىپ تەڭ تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە ئارتۇق بىر نەرسە دېيەلمەيتتىم. خۇرشىدەم كىچىك بولغاچقا ئاغزىغا كەلگەننى دەپ تىللايتتى. خۇرشىدەمنىڭ باشقىلارنى تىللاشلىرىنى كۆرۈپ ئۇنى تازا ئازازۇل قىز بولۇپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەپمۇ قالاتتىم. ئاپامغا ئۇنىڭ ئىشلىرىنى دېگەنىدىم، ئاپام ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى. خۇرشىدەممۇ ئاپامغا «ھە، ماقۇل» دەپ قويۇپ بىزنى كەمسىتكەنلەرنى تىللاپ ئۆچىمىزنى ئېلىپ، ئىچىمىزنى بوشىتىپ بېرەتتى.

سېلىم سالتاڭنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ جاھاننى ئالقىنىدا چۆرگىلىتىدىغان بۇ نوچىلارنىڭ ئېتىزدىن چىقىدىغان ھوسۇلىمۇ تايىنلىق ئىدى. تاپقان ـ تەرگىنى يىلغا يەتمەيتتى. 3 ـ ئاي بولدىمۇ سېلىم سالتاڭنىڭ تۇقۇم دەپتىرىگە نېسىگە ئۇن، ماي... تۇرمۇشقا كېرەكلىك ھەممە نېمىنى ئېلىشاتتى. كۈزدە

سېلىم سالتاڭنىڭ يانچۇقى پۇلغا لىق تولاتتى. سېلىم سالتاڭ قۇۋۇ ئادەم بولغاچقا، ئەتراپىدىكى بۇ كىشىلەرنىڭ دېپىنى چېلىپ ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىغا قوشۇلۇپ ئانچە - مۇنچە ئىلتىپاتىنى كۆرسىتىپمۇ قوياتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ «ئاتامان»ى ھېسابلىشاتتى. سېلىم سالتاڭ ئېتىزدا تۈزۈك ئىشلىمەي يانچۇقىنى پۇلغا توشقۇزاتتى، ئەتراپىدىكىلەر بولسا ئۇنىڭ مالىيىدەك، يىل بويى ئىشلەپمۇ بېشىغا تاپسا، پۇتىغا يوق، سېلىم سالتاڭنىڭ ئالدىغا يالۋۇرۇپ كېلىشەتتى. سېلىم سالتاڭ غادايغىنىچە ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ تۇلۇم چاشقاندەك يۈرەتتى.

يېقىندا ئاتام توغرۇلۇق يەنە مىش - مىش گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى. ئاپام بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغانمىدۇ دەپ ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالسام ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىلاتتى. بۇنداق قۇلاققا خۇشياقمايدىغان گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن ئاڭلىمىغىنى ياخشى. ئاپام ئاڭلىمىغان بىلەن بوۋام ئاڭلاپ قالغاندى. بوۋام كۈن بويى غەمكىن، خامۇش يۈرەتتى. كىچىك ئاتام ئاتامنىڭ گېپى چىقسا ئانچە كارى بولمايدىغان بولدى. دېمەك ئۇمۇ ئاتامدىن نارازى ئىدى.

مەن كەچتە ئىچىم سىقىلىپ ئىشىك ئالدىغا چىقتىم. ئەتراپ قاراڭغۇ بولغاچقا يىراقتىكى ئادەمنى تونۇغىلى بولمايتتى. شۇ تاپتا سېلىم سالتاڭنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدى قىزىپ كەتكەندى. ئۇلارنىڭ يەنە ھە دەپ ئاتامنىڭ گېپىنى قىلىشقانلىقى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، ئابلىز قويمىچى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپتۇدەك.

— ۋاھ، چەت ئەللىكنى قويغۇدەكتە.

— سايكارىزدىن ھەرەمگە بارغانلار ئۇنى كۆرۈپتۇدەك. شۇ يەردە دۇكان ئېچىپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقۇدەك..

— ئۇ يەردىمۇ ئۈزۈم سودىسى قىلىۋاتقۇدەكمۇ؟

— كۆنلۈك سودىسى قىلىۋاتقۇدەك.
— قانداق قىلىپ چەتكە چىقىپ كەتكەندۇ ئۇ؟
— ئاڭلىساق ئۇ قانۇنسىز سودىغا كىرىشىپ، نەچچە قېتىم ساقچىغا تۇتۇلۇپ قېلىپ تۈرمىگىمۇ كىرىپتۇدەك. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالغاندا بىر گۇرۇھنىڭ كاتتىۋېشىنى قوتۇلدۇرۇپتىكەن، ئۇ ئابلىزغا شاپائەت قىلىپ شياڭگاڭغا ئېلىپ چىقىپ ئۇ يەردىن نۇرغۇن پۇل بىلەن ھەرەمگە يولغا سېلىپ قويۇپتۇدەك.
— قارا، بۇ قويمىچىنى، بىزنىڭ پۇللىرىمىزغا ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇۋالغىنىنى !
— ھەرەمگە بارغۇچە بالىلىرىنى باقسىچۇ؟
— خوتۇنىغا ئىگە بولسىچۇ دېگىنە؟
— ئاستا گەپ قىل، چاقچاق قىلىدىغان گەپ ئەمەس جۇمۇ! كۆزۈڭ كۆرسىمۇ پاكىت بىلەن تۇتمىساڭ بېشىڭغا چىقىسەن، يا خەقنىڭ بېشىغا چىقىسەن !
— ھە راست، ئۇ جەھەتتىكى گەپكە دىققەت قىل.
— ھەرەمدىمۇ ئۈيلىنىپ بالىلىق بوپتۇ دەيدۇ.
— ئاللا، ئاللا، ئۇ نەگە بارسا شۇ يەردە بالىلىق بولسا، جاھاننى قويمىچى قاپلاپ كەتمىسىدى.

...

ئاتام شۇنداقمۇ قىلارمۇ؟ پۇلنى بىرلا يولدا تاپمەن دەپ قانۇنسىز سودا قىلغان بولسا... ياق، ياق، ئاتام ئۇنداق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس. چەت ئەلگە چىقىپ كەتسىمۇ بىزنى ئۇنتۇپ كەتمەيدۇ. ئاتا دېگەن بالىغا چىدىمايدۇ. ئاتام ئۇنداق ۋىجدانسىزلاردىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە بالىلىق بولۇپتۇ، بۇ يەردە بالىلىق بولۇپتۇ، دېگەنلىرى يالغان ! ئۇلار ئاتام ئۇستىدىن شۇنداق ئۆسەك گەپلەرنى تېپىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغانلار، ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي ! ئاكام، سىڭىللىرىمنىمۇ ئىشەندۇرمەيمەن! مەن ئۇلارنىڭ بۇ تېتىقسىز گەپلىرىدىن

يىرگىنىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

ھەر قېتىم دىلىم ئازار يېگەندە، ئىچ ـ پۇشۇقۇمنى چىقىرىش ئۈچۈن ئاغىنىلىرىمنىڭ قېشىغا باراتتىم. ئاغىنىلىرىمدىن غالىب بىلەن ئادىل ۋە غوپۇرلار مەن تەرەپتە تۇرۇپ كۆڭلۈمنى ياسايتتى. ئۇلارنىڭمۇ مەندەك ئەلاچى بولۇشىغا ياردەم قىلىشنى ئويلاپ، كەچلەردە بىللە ئۆگىنىش قىلغاندا ئۇلارغا بىلگەنلىرىمنى ئېرىنمەي ئۆگىتەتتىم. بىز بىر يەرگە كەلسەكلا ھېلىقى دالا تامىقى ئېتىپ يېگەن كۆڭۈللۈك چاغلارنى ئەسلىشەتتۇق.

ئاغىنىلىرىم بىلەن بۇرۇنقى ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقاندا، ئادىل تۇيۇقسىز ئاتامنى سوراپ قالدى.

— ئوسمان، ئابلىز ئاتام زادى نەدىكەن؟

— بىزمۇ بىلمىدۇق، بەزىلەر شىياڭگاڭدا دەيدۇ، بەزىلەر ھەرەمدە دەيدۇ.

— ئابلىز ئاتامنىڭ جىق پۇل تېپىپ كېلىشىگە ئىشىنىمىز، خەقنىڭ تۇتامى يوق گەپلىرىگە قۇلاق سالما، ئاداش.

رىشىت قاساپ چىڭخەيگە قوي ئالغىلى بىر قېتىم بېرىپ قويۇپ، يەر شارىنى ئايلىنىپ چىققاندەك بولۇپ كەتتى. كىم بىلىدۇ ئۇنىڭ قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلىرىنى. ئاتاڭ بىلەن ئەزەلدىن چىقىشالماي كەلگەن نېمە ئۇ. شۇنداق گەپ تېپىپ يۈرگىنىنىڭ جازاسىنى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى تارتىدۇ.

— شۇنى دەيمەن. ئابلىز ئاتامنىڭ پېيىدىلا يۈرگەندەك، ئابلىز ئۇنداقكەن، ئابلىز مۇنداقكەن، دەپ كېتىشلىرىنى. ئۇنىڭ گۇپپاڭچىسى سېلىم سالتاڭ بىلەن توختى پاڭنى دەيمەن، ئۇلارمۇ ئابلىز ئاتام بىلەن كۆرۈشكەندەك بولۇپ كەتكىنىنى... — دېدى غالىبمۇ گەپ قىستۇرۇپ.

دوستلىرىم كۆڭلۈمنى ياسىشىپ تۇراتتى. بازاردىن نەرسە سېتىۋالىدىغاندا ئامال بار ماڭا پۇل خەجلەتمەيتتى. ئۇلار تۇرمۇشنىڭ ئاچچىقىنى مەن بىلەن تەڭ تارتىشقا تەييار ئىدى. ئۆيىمىزدە ھەرقانداق ئىش بولسا، جاندىللىق بىلەن ياردەملىشىپ

بىرەتتى. كىچىك چاغدا ئاغىنىدارچىلىقنىڭ قەدرىنى ئانچە بىلمىگەنىكەنمەن. مانا ئەمدى يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ دوستلۇقنىڭ قەدرىنى چۈشىنىۋاتاتتىم. بۇرۇن ئۇلار ماڭا يـاردەم قىلسا، مېنى نامرات كۆرۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ھەتتا ماڭا بەرگەن چوكا مۇزلىرىنى شۇنداق يېگۇم بولسىمۇ يېمىگەنىكەنمەن...

دوستلىرىمنىڭ مېنى ئىزدەپ كىرىپ مەن بىلەن بىللە ئۆگىنىش قىلىشلىرىنى، مەن بىلەن بىللە ئويناشلىرىنى ئاپام ئانچە خالاپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەن ئاپامنىڭ بۇ مىجەزىنى ياقتۇرمايتتىم. ئىلگىرى ئاغىنىلىرىمىز كىرسە چوڭ ئادەمنى كۈتكەندەك كۈتەتتى. ئەمدى نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغاندۇ دەپ ئويلاپ، ئاپامدىن سورىدىم:

— ئاپا، ساڭا بىر گەپنى دېسەم خاپا بولامسەن؟

— قېنى سورا، بالام.

— نېمىشقا دوستلىرىم كىرسە بۇرۇنقىدەك قىزغىن بولمايسەن؟

— مېنىڭ ئۇلارنى بۇرۇنقىدەك مېھمان قىلغۇم بار، بىراق، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ گەپ تېپىشىدىن قورقىمەن، — دېدى ئاپام بېشىمنى سىلاپ.

— ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۇنداق گەپ تېپىپمۇ يۈرمەس.

— بىرنېمە دەپ بولمايدۇ، بالام، ئادەم دېگەننى چۈشەنمەك تەس...

## 2

مەن غالىبلارنىڭكىگە كىتىپ باراتتىم، سىلىم سالتاڭنىڭ دۇكىنى ئالدىدا ئولتۇرغانلار يەنە مېنى توسۇۋېلىپ گەپكە تۇتتى.

— ئوسمان، ئاتاڭ ئامېرىكا دوللىرى ئەۋەتتىمۇ؟

— ھەرەمدىن شاڭخەيگە كېلىۋاپتۇدەك.
— تەتىيى تۇغۇپتىكەن، قىزكەن دەيدىغۇ؟

ئۇلارنىڭ تېتىقسىز گەپلىرىگە ئېرەنمىۇ قىلماي كېتىپ باراتتىم، شۇ ئەسنادا ئىسرا‌پىل ئىمام كېلىپ قالدى.

— ئادەم بولمايدىغان پاسىقلار! مۇشتتەك بالىغا قىلغان گېپىڭلارنى قاراڭلار. ئىنساپ بارمۇ سىلەردە؟ بىر كارىزنىڭ سۇيىنى ئىچىپ، نۇرغۇن يىل شۇ ئابلىزئاخۇننىڭ كوچىدە يانچۇقلار پۇلغا تولۇۋىدى، ئەمدى مەيدەڭلەرگە تەپكىلى تۇردىمۇ؟ ئۇنداق قىلماڭلار! ئاۋۇ كارىزدىكى سۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى قىلماڭلار. ئىمان - ئېتىقادلىق ئادەملەر بىر - بىرىنى ئۇنداق كەمسىتمەيدۇ. ئادەم ئادەمنى كەمسىتسە ئۆزىگە يانىدۇ. بىرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، يەنە بىرى سايىۋەن بولىدۇ، بىرى يىقىلسا، يەنە بىرى يۆلەيدۇ...

ئىسرا‌پىل ئىمامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ھەممىسى نېمىلەرنىدۇر غۇدۇراشقىنىچە ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل بولۇشتى، مەنمۇ يولۇمغا راۋان بولدۇم.

تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىدىغىنىمغىمۇ بارغانسېرى ئاز قېلىۋاتاتتى. كۈنلەر بىر - بىرىدىن تېز ئۆتمەكتە ئىدى. مەن قانچە تىرىشسام ئاپام شۇنچە خۇشال بولاتتى. تاڭ يورۇشىغا مېنى چاقىرىپ قويسا ئېرىق بويىغا چىقىپ جانغا ھۇزۇر مۇزدەك سۇدا يۇز - كۆزۈمنى يۇيۇۋېتىپ قېرى جوجەمگە يۆلەنگىنىمچە ئالگېبرا، فىزىكا، خىمىيىلەرنىڭ ھەر خىل ئاكسىئوما، تېئورېمىلىرىنى يادلايتتىم. خەنزۇ تىلىدىن سۆز، جۈملە ۋە تېكىستلەرنى قايتا يادلاپ پىششىقلايتتىم. بۇنى ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈپ كېلىۋاتقان ئىسرا‌پىل ئىمام قاتارلىق مەھەللە ئاقساقاللىرى تۇرسۇن ئاكامنىڭ تويىدا مېنى راسا ماختاپ كېتىپتۇمىش.

— ... قېرىنداشلار، بۈگۈن تۇرسۇنجاننىڭ تويىدا ياشلارغا بىر نەچچە ئېغىز نەسىھەت قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ... ھەممىمىز مۇشۇ كارىزنىڭ سۇيىنى ئىچىپ كېلىۋاتىمىز. مانا بىر

مەسچىتتە ناماز ئوقۇپ، كۈندە سالاملىشىپ كۆرۈشۈپ كېلىۋاتىمىز. باللارغا گەپ قىلايلى. باللار تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ كارىزدا بۇرۇندىن ئوغرى - بۇلاڭچى، ۋاپاسىز ئادەم چىققان ئەمەس. ئۇلارغا نەسىھەت قىلمىساق، ئەدەپ - ئەخلاق ھەققىدە تەربىيە بەرمىسەك بولمىدى، ھۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسىمۇ ئەدەپلىك، مەدەنىيەتلىك پۇقرا بولۇش. باللار تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، باللار بۇزۇلسا، مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلار بۇلغانغان سۇ ئىچكەندەك كۆڭلىمىز غەش بولىمىز... باللار ھەر خىل ناشايان قىلىقلارنى ئۆگەنگىلى تۇرۇپتۇ. باللارنى شەيتان ئازدۇرۇۋاتىدۇ. ئابلىز ئاخۇننىڭ ئوغلى ئوسماننى ئېيتساق، كۈندە كىتاب ئوقۇيدۇ، كىتاب ئوقۇغان ئادەم يامان ئىشلاردىن خالىي بولىدۇ... ئۇ باللىنىڭ مۇشۇنداق تىرىشقىنىغا نەچچە يىل بولدى. مەن كۈندە كۆرۈپ تۇرىمەن. باشقا باللار سەللا بىكار بولسا سېلىماخۇننىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا نەچچە تال ساقىغا قاراپ تۇرغىنى تۇرغان. بەندە بىلىم ئالمىقى زۆرۈر. تۈنۈگۈن توختاخۇننىڭ قويىنى ئابدۇل مۇجاڭ قىرقىپ بېرىۋاتىدۇ. توختاخۇننىڭ يىگىت بولغان ئىككى ئوغلى قىرقالمىغۇدەك... باللار مۇشۇنداق ئاددىي ئىشلارنىمۇ قىلالماي كېتىۋەرسە ئەتە - ئۆگۈن كەتمەن تۇتالماس، ئىشقا يارىماس بولىدۇ... ھازىر دېگەن نېمىنىلا ئۆگەنسە ئۆگىنەلەيدىغان چېغى... ئوسماننىڭ تىرىشچانلىقىنى باللار ئۆگەنسۇن. بۇ باللىنىڭ ئۆگەنگىنى مېۋە بەرسۇن...

بوۋام مەكتەپتىن كېلىشىمگە مېنى ماختاپ، قولۇمغا پۇل تۇتقۇزۇپ قويغاندىن سىرت، سىڭىللىرىمغا مېنىڭدىن ئۆگىنىشكە، مەن بىلەن بەسلىشىشكە ئۈندىدى. چۈنكى، بوۋام ئىسراپىل ئىمامنى بۇ تەۋەدىكى ئەڭ بىلىملىك دانا ئادەم، دەپ بىلەتتى.

ئىمتىھان يېقىنلاشقانسېرى نېمىشقىدۇر ھېچكىم بىلەن كۆرۈشكۈم كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىدىغان ئىمتىھانمۇ قىستاپ كېلىۋاتاتتى. يالغۇزلۇقتا ئادەم

ئورغۇن خىياللارنى قىلىپ باقىدىكەن. قۇرۇق خىيالغا بەند بولۇپ سائەتلەپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىتلىرىم بارغانسېرى كۆپەيگىلى تۇردى. بارغانسېرى نەچچە ئادەمنىڭ ئالدىدا تەمتىرەيدىغان، ھودۇقىدىغان بولۇپمۇ قالغاندىم. ئۆزۈمنى شۇنچە ئەركىن تۇتاي دەپمۇ تۇتالمايۋاتاتتىم. بىرەر سوئالغا جاۋاب بېرەلمىسەملا ئۆزۈمنى يارىماس ئادەمدەك ھېس قىلىپ ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغا تۇتاتتى.

ئۆيدە ئولتۇرۇپ، بوۋامنىڭ «جېنىم بالام، تىرىشىپ ئوقۇ، سەن تىرىشىپ ئوقۇساڭ ھەممىمىز خۇشال بولىمىز. مەھەللىدىكى ئاقساقاللار سېنى ماختىسا نەچچە ياش ياشىرىپ قالغاندەك روھلىنىپ كېتىمەن... ھېلىمۇ بىزگە ئاپاڭدەك ئىشچان، ۋاپادار، كۆيۈمچان كېلىننى بېرىپتىكەن. ئاپاڭدەك قەيسەر، چىدامىلىق ئايال دۇنيادا بىر بولسا ئاپاڭ، ئىككى بولسا ئىككىدىن بىرى ئاپاڭ. ئاپاڭنىڭ سىلەرگە قىلغان شەپقىتىدىن، ماڭا قىلغان ھۆرمىتىدىن بىر ئۆمۈر رازى... ئاتاڭنىڭ ھايات ياكى ھايات ئەمەسلىكىگە بىر نېمە دېيەلمەيمىز. مېنىڭچە جاھاننىڭ بىر بۇرجىكىدە كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈۋاتقاندۇ...» دېگەنلىرىنى ئويلاپ كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. تىرىشىپ ئوقۇسام، بوۋامنىڭ، ئاپامنىڭ خۇشال بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە بەل باغلىدىم. مەن ئۆگەنسەم ئۆزۈم ئۈچۈن ئۆگىنىدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپمۇ بوۋامنىڭ، ئاپامنىڭ خۇشاللىقىنى كۆزلەپ تىرىشىۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى. مېنىڭ تىرىشىپ ئوقۇشۇمدىن بوۋام، ئاپاملار خۇشال بولىدىغان ئىش بولسا ئەڭ ئاخىرقى پەللىگىچە تىرىشىپ ئوقۇيمەن. ئۇنداق پەرىشتە سۈپەت كىشىلىرىم مەدەت بېرىۋاتسا مەن نېمىشقا تىرىشماي؟.. بوۋامنىڭ ئېيتقانلىرى راست، ئاپام دۇنيادىكى ئەڭ مېھرىبان ۋە ئىشچان ئايال. «پەرىشتە» دېگەن گەپ چىقسا ياكى چۆچەكلەردە «پەرىشتە» توغرۇلۇق بايانلار چىقسىلا ئاپامنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. ئاپام پەرىشتىمۇ ـ نېمە؟ راست، مېنىڭ ئاپام دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ كۆيۈمچان ۋە ئەڭ چىدامىلىق پەرىشتە !

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# ئاپامنىڭ چىش ئاغرىقى

### 1

ئاپامنىڭ چىش ئاغرىقى يەنە باشلاندى. ئاپامنىڭ چىش ئاغرىقى باشلانسىلا مومام بىزنىڭكىدە بولاتتى. موماموۇ ئاپامدەكلا مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان ئىدى. ئاپامنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي خاتىمخان ئاپامنى چاقىرىپ ئىككىسى نان يېقىپ، كىر - قاتلىرىمىزنى يۇيۇپ بەردى. مومامنىڭ نېنىغا ھەممىدىن مەن بەك ئامراق ئىدىم. ئادەتتە مومام نان ياقسا چوڭ ھەم قېلىن ياقاتتى. كىملا نان ياقسا تونۇرغا ئوت قالاش ۋەزىپىسىنى مەن ئۈستۈمگە ئالاتتىم. مومام ھەر قېتىم نان ياقسا بىر - ئىككى زىرە توقىچى ياقاتتى. مانا يەنە زىرە توقىچى يېقىۋاتىدۇ. زىرە توقىچى پىشتىمۇ بولدى، تونۇردىن سويۇپلا پەشتامىغا ئوراپ مەيدىسىگە يېقىپ يېتىۋالسا ھاردۇقى چىقاتتى. ئۆزى بىرنى مەيدىسىگە يېقىپ، يەنە بىرنى ئاپامغا بېرەتتى.

ئاپامنىڭ چىشى ئاغرىپ كەتكەندە، پۇل جىق كېتىدۇ دەپ دوختۇرخانىغا بارغىلى ئۇنىمايتتى، مانا بۇگۈنمۇ چىشىنىڭ ئاغرىقى ھالىنى قويمىغاندا بوۋامنىڭ دەۋىتى بىلەن دوختۇرغا بارماقچى بولدى، ئاپامنى دوختۇرخانىغا تېزرەك ئاپىرىش ئۈچۈن ھارۋىنى قوشتۇم - دە، چاپتۇردۇم. ئاپام يولدا پات - پات يانچۇقىنى تۇتۇپ قويۇپ ئۇيغا پاتاتتى. مەن بۇ ھالنى كۆرۈپ ئاتامنىڭ ئۆيدە بار چاغلىرىنى ئەسلىدىم. ئاتام يېنىمىزدىكى

چاغدا ئاپام قانداق ئىدى؟ «دوختۇرغا خەجلىگەن پۇل دېگەن جانغا خەجلىگەن پۇل» دەپ ئارىمىزدا بىرەرىمىز ئازراقلا ساقسىز بولۇپ قالساق، قانچىلىك پۇل كېتىشىدىن قەتئىينەزەر داۋالىتاتتى. سىرتقىتال پەسىللەردە قولۇم ـ قوشنىلاردىن دوختۇرغا بارىمەن دەپ كىرگەنلەرگە قانچە دېسە ئاشۇرۇپ قەرزمۇ بېرىپ تۇراتتىغۇ؟... ئاپامنىڭ يانچۇقىدىن چىقارماي ئازغىنە پۇلنى ساناۋاتقان قوللىرى ئۆز ۋاقتىدا تۇمەن ـ تۇمەن پۇلنى سانىغانىدىغۇ؟ ئاپامنىڭ شۇ پۇللارنى سانىغاندا تىترىمىگەن قوللىرى ئەمدى نېمىشقا تىترەيدۇ؟ ئاتام بار چاغدىكى ھەممە نېمىمىز تەل، بەختىيار شۇ كۈنلىرىمىز يەنە كېلەرمۇ؟

خىيال قىلىپ، دوختۇرخانىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىمىزنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. ئاپامنى يۆلەشتۇرۇپ ھارۋىدىن چۈشۈرۈپ چىش دوختۇرىنىڭ يېنىغا كىردۇق. ئاپامنىڭ قىينىلىپ كەتكىنىگە چىدىماي سىرتقا چىقىپ كەتتىم. بىر ھازادىن كېيىن، ئاپام ئېڭىكىنى تۇتقىنىچە دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن چىقتى.

— ئاپا، بەك ئاغرىپ كېتىۋاتامدۇ؟ — سورىدىم مەن ئاپامنىڭ بىئارام بولۇپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ.

— ياق، بالام، ئاغرىمىدى، بۇنچىلىك ئاغرىق دېگەن نېمە ئىدى، يۈر، بالام، ئۆيگە تېز قايتىپ كېتەيلى، — دېدى ئاپام ھارۋىغا چىقىشقا تەمشىلىپ. ئاپام ھارۋىغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن ھارۋىنى ئۆيگە قاراپ چاپتۇردۇم...

ئادەم يوق يەرگە بېرىپ ئۇنۇمىنىڭ بارىچە ۋارقىرىغۇم، كىملەرنىدۇر تىللاپ، ئۇرۇپ پۇخادىن چىققۇم كېلەتتى. كۆك ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان قۇشلارغا قاراپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئۇچۇپ باققۇم، ئۇلارنىڭ قاناتلىرىنى سىلىغۇم كېلىپ كېتەتتى. شۇڭىمىكىن، سەللا بىكار بولسام جوجەملىككە چىقىپ جوجەمگە يۆلىنىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم.

بۈگۈنمۇ ئاتامنى خىيال قىلىپ ئولتۇرسام غالىب بىلەن

ئادىل كەلدى.

— نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسەن؟ — سورىدى ئادىل.

— ھەرقاچان قايسى تېخنىكومغا بارسام بولاركىن، دېگەننى ئويلاۋاتقاندۇ، — دېدى غالىب.

— مەن تېخنىكومدا ئوقۇمايمەن. تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىمەن.

— ئېيتە ئەمىسە، نېمىنى خىيال قىلىۋاتقانتىڭ؟

— ئاتامنى.

— ئاتاڭ چوقۇم كېلىدۇ. كەلگەندىمۇ ھەممە خەقنى ھەيران قالدۇرۇپ مۇشۇ كارىزنى سېتىۋالغۇدەك پۇل تېپىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا ھەسەتخورلار يۈرىكىنى ئۆزلىرى پىچىقىدا تىلىشىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئابلىز ئاتامنى «قويمىچى» دېگەن گويلارنىڭ كۆتىگە تېپىمىز... — دېدى ئادىل كۆڭلۈمنى ياساپ.

— يۈرە، سۇغا چۆمۈلۈپ كېلەيلى!

— بولىدۇ، مەن نان ئېلىپ چىقىۋالاي.

— مانا مەندە بار. تويمىساڭ غالىبنىڭكىنى تەڭ يەيمىز.

— ئاپاڭنىڭ چىش ئاغرىقى ساقايدىمۇ؟

— دوختۇر ئاغرىق چىشنى يۇلۇۋېتىمىز، دەيدۇ.

— چوڭلار «چىش ئاغرىقىغا ئادەم ئۆلمەيدۇ، ئۆلۈپ تىرىلىدۇ» دەيدىكەن.

— چىشنى يۇيۇپ تۇرغاننىڭ پايدىسىنى بىلىپ تۇرساقمۇ يۇيۇشقا كۆنمەيدىكەنمىزغۇ تاڭ.

— مەن يۇيۇپ باقسام ئۆيدىكىلەر چىش پاستىسىنى سېسىقكەن، بىز بار يەردە يۇما، يۇماقچى بولساڭ، نېرى بار، دەيدۇ.

— بۇرۇن كىشىلەر نېمە ئىشلىتىدىغان بولغىيتتى؟

— مىسۋاك ئىشلىتىدىكەندۇق. ھازىرمۇ ياشقا چوڭلار ئىشلىتىدىكەن. چوچۇكبۇيا يىلتىزىدىن ياسالغىنى شۇنداق ئوبدانمىش، ئۇ چىشنى پاكىز لاپلا قالماي، ئېغىز پۇراشنىڭ



ئالدىنىمۇ ئالغۇدەك.

— ئەمىسە ئاۋۇ ئوتتۇرا تەكنىڭ چېتىدىكى بۇيلۇقتىن كولاپ ئەكىلىپ بىزمۇ شۇنى ئىشلىتىپ كۆرەيلى.

— بولدىلا، ئىسسىقتا تەرلەپ تۇرغاندا، ئاۋۇال سۇغا چۆمۈلدىغاننىڭ گېپىنى قىلايلى.

دوستلىرىمنىڭ ئاپىلىرىمۇ بىزنىڭكىگە كىرىپ ئاپام بىلەن ئەھۋاللىشىپ تۇراتتى. باللارنىڭ ئىناق دوستلاردىن بولۇشى چوڭلارنىڭمۇ ئىناقلىقىنى، دوستلۇقىنى كۈچەيتىدىكەن.

ئاپام دورىنىڭ كۈچىدىنمىكىن ئازراق بولسىمۇ ئۇخلىدى. سەھەردىلا مومام كىرىپ، ئاپامنىڭ دەردىنى، ئاغرىقىنى پەسەيتىدىغان گەپلەرنى قىلىپ، بىزگە ناشتىلىق تەييارلاپ بولۇپ، ئاتامنى بىرمۇنچە تىللاپ ئاپامغا نەسىھەت قىلدى.

— قورساق ئاغرىقى يەمدىن، چىش ئاغرىقى غەمدىن، دەپتىكەن، تولا غەم قىلماڭ. غېمىمىزنى قىلىدىغان خۇدايىم بار، ئەل ـ جامائەت بار.

— خەپ، ئابلىز دېگەن دەيۈز كېلىپ باقسۇن... قۇلىقىنى يۇلۇپ، قولىغا تۇتقۇزۇپ دەيدىغاننىڭ ھەممىنى دەپ ئالدىڭىزدا تۇۋا قىلدۇرمىسام...

— ئۇنداقتا، ئاتام سەت بولۇپ قالامدۇ؟ — دېدى خالىدەم چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— سەت؟ سەت بولۇشنى بىلەمدىكەن ئۇ؟ «سەتلىشىپ» بولدى. ئۇنىڭدىن ئۆتەر سەت يوق... گۈلدەك باللارنى، باھاردەك ئىللىق ئائىلىنى تۇتماي نەمۇ نە يۇرگەنگە تويسۇن. ئۆز ۋاقتىدا سىلىمىخاننىڭ گېپىگە كىرگەن بولسا بۇ كۈنگە قالىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇۋىدى، مانا تارتىۋاتىدۇ جازاسىنى...

— ئاتامنىڭمۇ ئويلىغىنى بار بولغىيدى، — دېدى خۇرشىدەم چوڭلاردەكلا.

— نېمىنى ئويلايدۇ؟ ئويلىغان بولسا ئۇنداق بولماس ئىدى.

يەتتە ئۆلچەپ بىر كەسكەن بولسا، بۇ ئىش يوقتى... يېنىپ كەلسە بولمامدۇ؟ بۇ جاھاندا قەرزدار دېگەن يالغۇز ئابلىزلا بولمىغاندىكىن. بۇ تەۋەدىكى خەق ئەترەت ۋاقتىدا ھەممىسى ئەترەتكە قەرز ئىدى، مانا سىياسەت ياخشىلىنىپ قەرزدىن قۇتۇلدۇق. بولمىسا بىر ئۆمۈر قەرزدار بولۇپ ئۆتەتتۇق. بۇ كارىزدا قەرزى يوق ئادەم يوقتى، شۇ چاغلاردا...

بوۋام ئاتامنى ئاغزىدا تىللىغان بىلەن يەنىلا كۆڭلىدە ئاتامغا ئىچ ئاغرىتاتتى.

## 2

ئاپام مومامنىڭ زورلىشى بىلەن دوختۇرخانىغا يەنە بىر نەچچە قېتىم بېرىپ كۆرۈندى. ئاپام ئىككىمىزنىڭ يولى بىر بولغاچ بىللە ماڭدۇق. يېزا بازىرىغا كەلگەندە، ئاپام يېزىلىق دوختۇرخانىغا كىرىپ كەتتى. مەن مەكتەپكە ماڭدىم. دەرسخانىدا ئولتۇرساممۇ خىيالىم ئاپامدا ئىدى. ھېلىمۇ ئاپامنىڭ شۇ نەچچە تاللا چىشى قالغانىدى. ئۇنىمۇ يۇلۇۋەتسە قانداق قىلار؟ تەتىلدە ئىشلەپ پۇل تېپىپ ئاپامغا ئالتۇن چىش سالدۇرۇپ قويالمىساممۇ، كۈمۈش چىش بولسىمۇ سالدۇرۇپ قويىمەن... ئاپام بىزنى دەپ ئۈچىنچى بىرەر قۇر يېڭى كىيىم كىيمىگىلىمۇ خېلى بولغانىدى.

مەكتەپتىن كەلسەم ئاپام ئىشىكنى تۇتۇپ كارىۋاتتا يېتىپتۇ. موما بىلەن خاسىيەت ئاپام تاماق ئېتىۋېتىپتۇ. ئاپامنىڭ كۆزلىرىمۇ ئولتۇرۇشۇپ، نەچچە ياش قېرىپ قالغاندەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. تورۇپلا نەدىن كەلگەن يىغىكىن مېنى يىغلاتتى. ئۆيگە سومكامنى ئەكىرىپ قويۇپ ئايرىم ئۆيگە كىرىپ يىغلىۋالدىم. يەرنىڭ تېگىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى تۇيىدىغان ئاپام مېنىڭ يىغلىغىنىمنى بىلىۋالدى.

موما ئاپامغا باچكا شورپىسىغا يارما سېلىپ بېرىپ سوۋۇغاندا ئىچكۈزدى. گۆشىنى ئۇششاق تىتىۋەتكەن بولسىمۇ

خالىدەمگە ئىلغاپ بېرىۋاتاتتى، مومام دەرھال:

— سېلىمىخان، گۆشىنىمۇ يەڭ، قۇۋۋەت بولىدۇ. بالىلارغىمۇ گۆش بار. ئۆزىڭىزنى ئاياڭ، — دېدى.

— ئاپامنىڭ ئۇدۇل چىشىنى يۇلۇۋەتسە ئەجەب بولۇپ قالىدىكەن، — دېدى خالىدەم ئاپامنىڭ گەپ قىلغاندا «س، ش» تاۋۇشلىرىنى باشقىچە تەلەپپۇز قىلىۋاتقانلىقىغا قىزىقسىنىپ قاراپ.

— شۇنى دەيمەن، تۆت ياشلىق بالىدەك بولۇپ قالىدىكەن.

— قېنى شۇ تۆت - بەش ياش چاغلارغا قايتۇرغىلى بولسا ئىدى.

— شۇنى دەيمەن، مەن بەش ياشقا قايتىپ قالسام ...

— ئاپام مومايغا ئوخشاپ قاپتۇ.

— ھېلىمۇ ئوخشىمىدى. ئاپاڭلار تارتقان دەردنى كىملا تارتسا موماي بولۇپ قالىدۇ. تولا زاڭلىق قىلماڭلار.

— غەم قىلما، ئاپا، ئالتۇندىن چىش سالدۇرالمىسام، كۈمۈشتىن بولسىمۇ سالدۇرۇپ قويىمەن، — دېدىم كۆڭلۈمدىكىنى ئوچۇقلا ئېيتىپ.

— رەھمەت، بالام، ئىنساپىڭغا رەھمەت. سېنىڭ ياخشى ئوقۇشۇڭنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن ئالتۇن چىش سېلىپ قويغاندەك مەدەت. ئابابەكرىنى ئوقۇتالمىدىم. ئۇنى ئوقۇتالمىغاننىڭ دەردنى بىر ئۆمۈر تارتىدىغان ئوخشايمەن. ئادەم ئوقۇمىسا بولمايدۇ. ئاتاڭلارنىڭ ئۈمىدى ھەممىڭلارنى ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتۇش ئىدى. كېلىپ «ئابابەكرىنى نېمىشقا ئوقۇتمىدىڭ؟» دېسە نېمىمۇ دەرمەن... — ئاپامنىڭ كۆزلىرىگە ياش كېلىشىگە، مومام دەرھال:

— ئابلىزنىڭ ئۇنداق دېيىشكە نېمە ھەققى بار؟ سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ئۇ بولغان بولسا، بۇ بالىلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئوقۇتالمىغان بولاتتى، — دېدى.

— ئاپا، مەن ئوقۇيالمىسامىمۇ ياخشى ئادەم بولسامالا

بولىدىغۇ؟ مەن ئەمدى سودا قىلىمەن. سودا قىلغاندىمۇ ئۈزۈم سودىسى قىلىمەن. ئۈزۈمنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ ساتقاچ ئاتامنى ئىزدەيمەن، — دېدى ئاكام ئاپامنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىش ئۈچۈن.

— قوي ئۇ گېپىڭنى. شۇ ئۈزۈم سودىسىدا سورۇلۇپ كەتكەن خەق بىز. ئاتاڭنىڭ تارتقان زىيىنى، دەردى جەددى - جەمەتىمىزگە يېتىپ ئاشىدۇ، بالام. باشقا ئوقەت قىلىمەن دېسەڭ مەيلى، لېكىن، ئۈزۈم سودىسى قىلىمەن، دېمە. ئۈزۈم سودىسىنى ئاڭلىساممۇ يۈرىكىم ئاغرىيدۇ مېنىڭ.

— ئۇنىڭدىن باشقا نېمە سودىسى بار دەيسەن؟ تۇغۇلۇپ كۆرگىنىمىز ئۈزۈم سودىسى تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈزۈمنىڭ دەرىجىسىنى ئايرىشنى ئۆگەنگەنىدىم. بۇ كارىزغا كەلگەن ئۈزۈم سودىگەرلىرىنىڭ قويغان باھاسىغا، ئۈزۈملەرنى ئىلغىشىغا قاراپ تۇرۇپ كۆزۈم خېلى پىشىپ قالدى.

— ۋاي بالام، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ساڭا كىم نېسىغا ئۈزۈم بېرىدۇ؟ ھېلىمۇ شۇ نېسىنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىمىز، ئاپاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا !

— بىرەر ئىش قىلمىسام بولمايدۇ، قەرزلەرنى ...

— نېمىلا دېسەڭ دە، بالام، ئۈزۈم سودىسى قىلىمەن دېمىگىن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاكام خېلىغىچە ئۇ توغرۇلۇق گەپ قىلمىدى. ئاپامنىڭ 17 تاللا چىشى قالغانىدى. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ چىشىمنى يۇلۇپ بەرگىلى بولسا بېرەتتىم، دەپ ئويلايتتىم. مەن بۇ ئويلىرىمنى ئاكامغا دېگەنىدىم، ئۇمۇ مەن ئويلىغاندەك ئويدا ئىكەن.

— قان بەرگەندەك، چىشنىمۇ بەرگىلى بولغىلى بولسا ئىدى، ئاپامغا چىشىمنى بېرەتتىم، — دېدىم ئاكامغا. ئاكامۇ:

— مەنمۇ بېرەتتىم، — دېدى مەيۇس ھالدا.

## 3

موماممنىڭ «قورساق ئاغرىقى يەمدىن، چىش ئاغرىقى غەمدىن» دېگەن گېپىنى پات ـ پات ئويلاپ قالاتتىم. راست، چىش ئاغرىسا، چىشىڭنى قۇرت يەپتۇ، دەيدىغۇ؟ تۇرسۇن مۇئەللىم، غەم ـ ئەندىشە، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئادەمنىڭ زېھنىنى، ئەقلىنى، تېنىنى خۇددى قۇرتتەك غاجايدۇ، دېگەنىدىغۇ؟ ئاپامنىڭ غەم ـ ئەندىشە، ھەسرەتلىرى ئازمۇ؟ شۇ ھەسرەتلەر قۇرت بولۇپ چىشىنى غاجاپتۇ ـ دە! ئاپامنىڭ چېچىمۇ تەكشىلا ئاقىرىپ چارۋاش بولۇپ قاپتۇ... مەن نېمىشقا قۇرۇق خىيالغا بېرىلىپ قالىدىغاندىمەن؟ نېمىشقا؟ ياق، بۇ قۇرۇق خىيال ئەمەس. خىيال قىلىشنىڭ ئۆزى تەپەككۇر يۇرگۈزگەنلىك، كاللا قاتۇرۇپ ئىش قىلىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى... ئويلىغانسېرى خىياللىرىم كۆپىيىپ، چوڭقۇرلىشاتتى...

مەن چۇشلۇك تاماقنى يەپ بولۇپلا بىردەم ئۇخلىۋالاي دەپ ياتقانىدىم، بىر چاغدا خالىدەمنىڭ دوستلىرى كىرىپ چۇرقىرىشىپ ئۇخلىغىلى قويمىدى. ئۇلار قىزلار ئويۇنى ئويناۋاتاتتى. يېڭىلىپ قالغانلار يا ناخشا ئېيتاتتى، يا ئۇسسۇل ئويناپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئۇنلۇك ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ھەجەرخان چىنىچەيىنەك،
ئوتتۇرىسى كۆمۈرچەك.
سۇ قۇيسام تېشىپ كەتتى،
ئەرجەن ياقىلاپ قېچىپ كەتتى.
ئەرجەننىڭ نېمىسى بار؟
يېڭى ئۆسكەن بېدىسى بار.
بېدە ـ بېدە ئۆستى،

ئۆيگە مېھمان چۈشتى،
مېھمان بىلەن كارىم يوق،
تونۇردىكى نان چۈشتى.

ئۇلار يەنە چۈرقىرىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇلىرىنى دېيىشىۋاتاتتى.

— رەناگۈل، چوڭ بولسىڭىز نېمە بولىسىز؟

— مەن چوڭ بولسام ئوقۇتقۇچى بولىمەن. ئايگۈل مۇئەللىمدەك ياسانچۇق، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆچ مۇئەللىم ئەمەس، سانىيە مۇئەللىمدەك ئىللىق، مۇلايىم، ھەممە بالىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان مۇئەللىم بولىمەن. ئۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مېنى «رەنا مۇئەللىم» دەپ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دەپ بېرىپ ئاچىسىدەك كۆرىدۇ. مەنمۇ ئۇلارغا ئۆز ئاچىسىدەك كۆيۈنىمەن.

— سېنىڭ يارامىلىق ئوقۇتقۇچى بولۇشۇڭدا گەپ يوق. چوقۇم بولالايسەن.

— مەن ساقچى بولىمەن.

— قىزلارنىڭ ساقچى بولغىنىنى مەن كۆرمىدىم.

— كىنولاردا ئايال ساقچىلار باركەنغۇ؟

— ئۇ دېگەن كىنو.

— كىنونىڭمۇ ھەممىسىلا يالغان ئەمەستۇ؟

— شۇنى دەيمەن. ئايال ساقچىلار بولمىسا بولمايدۇ. ئايال جىنايەتچىلەرگە ئەرلەر قارىسا بولمايدۇ ـ دە.

— ئىشقىلىپ ساقچى بولغىنىم بولغان. مىجىت تەخەيدەك ئەدەپسىز، قىزلارغا ھاياسىزلىق قىلىدىغان لۈكچەكلەرنى جازالايمەن.

— مەن چىش دوختۇرى بولىمەن. ئاپامنىڭكىدەك چىشى ئاغرىيدىغان ئانىلارنىڭ چىشىنى ھەقسىز داۋالايمەن.

— ئانىلارنىڭلا چىشىنى داۋالىسىڭىز بولماس؟

— ئەلۋەتتە، ھەممە ئادەمنىڭكىنى داۋالايمەن.

— چاققانراق چىش دوختۇرى بولۇڭە، قاراڭ، چىشىمنىڭ نەچچىسىنى قۇرت يەپ بولاي دېدى. چىشىم ئاغرىپ كېتىدىغان بولسا، چىدىماي كېچىچە يىغلاپ چىقىمەن. چىش ئاغرىقىنىڭ دەردىنى تارتمىغۇچە بىلمەيدۇ كىشى.

مەن خالىدەمنىڭ چىش دوختۇرى بولۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئاپامنىڭ چىشىنىڭ ئاغرىقىغا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتىم. خۇرشىدەم بىلەن خالىدەمنى كىچىك، ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى بىلمەيدۇ، ئاپامنىڭ دەردىنى چۈشەنمەيدۇ، دەپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئۇلارنىڭ ئويۇنى يەنە داۋاملاشماقتا ئىدى.

— خالىدەم دوختۇر، ئاپامنىڭ چىشى ئاغرىپ قالدى، داۋالاپ قويارسىزمۇ؟

— ماقۇل، قېنى ئاغزىلىرىنى ئاچسىلا.

— قايسى چىش؟

— ھە، ئۇنىڭ يېنىدىكىسى، ۋايجان، ئاغرىپ كەتتى.

— سەل چىدىسىلا، مەن دورىلاپ قويىمەن. مانا ئاز قالدى.

— ۋايجان!

— قارىسىلا مانا، چىشلىرى مۇشۇنچىلىك قاپتىكەندۇق، يۇلۇۋەتتىم، — خالىدەمنىڭ گەپلىرى ئالدىنقى قېتىم ئاپامنىڭ چىشىنى داۋالىغان دوختۇرنىڭ گەپلىرى ئىدى. دېمەك، ئاپامنىڭ چىش ئاغرىقى خالىدەمنىڭ غايىسىنى تىكلەپتۇ، ئاپام ئۇقسا قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر؟



يىگىرمە بەشىنچى باب

# چارچاش

## 1

مەكتەپتىن تاراپ ئۆيگە قايتىدىغاندا، دائىم ماڭىدىغان چوڭ يولدىن ماڭماي، چىغىر يول ئارقىلىق مېڭىپ بېقىش خىيالىغا كەلدىم. كۆز ئالدىمدا كۆيۈك توپىلىق چىغىر يول سوزۇلۇپ ياتاتتى. قۇياش ئاپتىپىنى ئايىماي سەپكەن كەڭ دالا، چىغىر يول بويىدىكى يۇلغۇن، كۆك يانتاقلارنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ سولاشقان بولۇپ، سەھەردىكى كۈيچى قۇشلارنىڭ كۈيلىرىدىن ئەسەرمۇ يوق، ئەتراپ شۇنداق جىمجىت ئىدى، بېشىمدىن تەر تۇختىماي ئاقاتتى. پىشانە ـ چېكىلىرىمدىن ئاققان ئاچچىق تەر كۆزۈمگە كىرىپ ئېچىشتۇرۇۋەتسىمۇ چىشىمنى چىشلەپ ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋەردىم. بوتۇلكىغا ئېلىۋالغان سۇ ئىسسىپ كەتكەچكە ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرالمىدى. ئۇمۇ تۈگەپ كېتىپ تامىقىم قۇرۇپ ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. نېمىشقىمۇ چوڭ يول بىلەن ماڭمىغاندىمەن؟ يېقىن يولدىن ماڭىمەن دەپ، بۇ قۇملۇق يولدا يېتىپ قالسام مېنى ئىزدەپ كېلىدىغان ئادەم بارمىدۇ؟ مەن شۇ چاغدىلا يالغۇزلۇقنىڭ نەقەدەر ۋەھىمىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆتكەندە بىر كېچە جاڭگالغا قېچىپ كېتىمەن، مەن جاڭگالدا بەگدەك ياشاپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ قايتىپ كېلىمەن، دېگىنىمگە تويدۇم. كۈندۈزدە ئادەم يوق بۇنچىلىك ۋەھىمىلىك بولۇۋاتسا، كېچىدە قانچىلىك بولۇپ كېتەر؟ بېشىم

قايماقتا، چېكەم زىڭىلداپ ئاغرىماقتا، پۇتلىرىم كالۋالىشىپ، قۇلىقىمنىڭ غوڭۇلدىشى كۈچەيمەكتە ئىدى. تەرىمنى سۈرتۈشكە ماغدۇرۇم يەتمەيدىغاندەك، قولۇمنى كۆتۈرۈشمۇ خۇشياقمايتتى. يەنە 20 مىنۇت ماڭسام سايقۇدۇققا يېتىپ بېرىۋالاتتىم. ئالدىمدا يول ئاز قالغان بولسىمۇ ماڭا بۇ يول ئۇزۇن بىلىنمەكتە ئىدى. قۇدۇققا قىزىل كىيىملىك بىر ئايال سۇغا چىقتى. چېلەكتىن تۆكۈلگەن سۇ قۇياش نۇرىدا يالت ـ يۇلت چاقنىۋىدى، كۆزۈمگە ئاجايىپ سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كەتتى. سۇنى كۆرۈپ ئاغزىمغا ئازراق سېرىق سۇ كەلدى. گېلىمنى نەمدىۋېتىپ يولۇمنى يەنە داۋام قىلدىم. بېشىم قېيىپ، قۇلىقىم غوڭۇلداپ زادىلا مادارىم قالمىدى. ئولتۇرساملا ئورنۇمدىن تۇرالمايدىغاندەكلا بىلىنەتتى.

ئاتام ئۆزى يالغۇز تونۇش ئادەملەر يوق يات شەھەرلەردە قانداق ياشاۋاتىدىغاندۇ؟ شۇنىڭغا قارىغاندا ئاتامنىڭ جېنى تۆمۈر ئىكەن. مەن ئازراق يولنى بېسىپ بولغۇچە مادارىمدىن كەتكىنىمنى قارىمامدىغان. ئاتام نەچچە كۈنلەپ يول يۈرىدۇ... مەنمۇ ئاتا بولۇپ قالسام ئاتامدەك بولالارمەنمۇ؟

ئالدىمغا قارىدىم، يىراقتا ئالۋۇن ۋىلىلداپ گاھى كەڭ كەتكەن سۈزۈك دەريادەك، گاھى سايە تاشلاپ تۇرغان بۈككىدە دەرەخلىكتەك يېنىمدىلا پەيدا بولۇپ كۆرۈنەتتى. مەن ئالدىمغا قاراي، ساي تەرەپكە قارىماي. ئالۋۇن مېنى ئالداۋاتىدۇ. ئادەم ئاغرىپ قالغاندا ئۇمۇ بارغانچە يېقىنلاپ كېلەمدۇ ـ نېمە؟ بۇرۇن بۇنداق ئىسسىق كۈنلەردە شۇنداق يىراقتا كۆرۈنەتتى. بېشىم قېيىپ يىقىلىپ قالاي دېگەندە يېنىمدىلا مېنى ئالداۋاتاتتى. ئالدىمغا قاراي. سۇ ئالدىمدا، ئەنە قۇدۇقنىڭ سۈيىنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ... خىيالىي تۇيغۇ مېنى ئالداۋاتاتتى.

ئاخىر قۇدۇق بېشىغا كەلدىم. سۇ پومپىسىدىن شارقىراپ سۇ چۈشكەن جاي يوغان ئورەك بولۇپ، ئەتراپىدا ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەنىدى. سۇدىن قانغۇدەك ئىچىپ ئېرىق بويىدىكى

جىگدە دەرىخنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ ھاردۇقۇمنى چىقىرىپ، تەرىمنى قۇرۇتتۇم. ئاندىن قۇدۇق بېشىدا باش يۇيۇشقا بولمىسىمۇ بېشىمنى يۇيۇپ تازا راھەتلەندىم. ئۇھ، يازنىڭ مۇشۇنداق مۇزدەك سۈيىدە راھەتلەنسە، يازنىڭ ئىسسىقىنىمۇ ئۇنتۇيدۇ كىشى. مەن يەنە سۇ ئىچىۋېلىپ مىڭ تەسلىكتە ئۆيگە يېتىپ كەلدىم.

مەڭزلىرىم ياغلىق توقاچتەك قىزىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئاپام چىرايىمغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ، بالام؟

— بېشىم سەل ئاغرىۋاتىدۇ، بىردەمدىلا ئۇششۇپ قالىمەن.

— قارا سېنى، بەدىنىڭ قىزىپ قاپتۇ. ماڭ، تاماقنى جىق يە. يازدا تاماقنى جىق يېمىسە ئادەمگە ئاسانلا ئىسسىق ئۆتۈپ قالىدۇ.

— مەن ھازىر ئۆيدە، سايە يەردە بولغاچقا ھېچ ئىش بولماس، ئاپا، تاماق يېگۈم يوق.

— يېگۈڭ بولمىسىمۇ زورلاپ يېگىن. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈننىڭ ئىسسىقى ئادەم ئۆيدە بولسىمۇ قورسىقى ئاچلا قالسا بوزەك قىلىدۇ.

تاماقنى زورلاپ ئازراق يەپلا ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئاپامنىڭ چاقىرىشى بىلەن ئويغاندىم، قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن. كۆزۈمنى ئاچتىمىيۇ، بېشىمنى كۆتۈرەلمىدىم. بىرى بېشىمغا يوغان تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر، پۈتۈن بەدىنىم ئوتتەك ئىسسىق ئىدى. بېشىم قېيىپ، بېشىمنى سەللا كۆتۈرسەم ھۆ بولۇپ ياندۇرۇپ ئاۋارە بولۇپ كېتىۋاتاتتىم. بىر يۇتۇم قايناق سۇ ئىچسەممۇ يېنىپ كېتەتتى.

— ۋاي، جېنىم بالام، جىگىرىم بالام، نېمە بولغانسەن؟ خالىدەم، تېز بول، ماڭ، موماڭنى چاقىرىپ چىق!

مەن ئاپام مېنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

ئاپام مېنىمۇ جېنىمدەك ئەزىز كۆرىدىكەن ئەمەسمۇ؟ بايىلا مېنى «جېنىم بالام، جىگىرىم بالام» دەپ ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇپ كەتتى... ئاپامنىڭ كۆيۈنۈشلىرىنى كۆرۈپ جاڭگالغا قېچىپ كېتىشنى ئويلىغانلىرىمغا مىڭ پۇشايمان قىلىپ كەتتىم.

ئاپام ھېلى كۆكچېچەك دەملەپ ئىچكۈزسە، ھېلى لۆڭگىنى مۇزدەك سۇغا چىلاپ پېشانەمگە قويۇپ ئاۋارە ئىدى. ئىككى سىڭلىم ئاپامنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىر سېۋەت پاقىيوپۇرمىقى يۇلۇپ كەپتۇ. ئاپام پۈتۈن بەدىنىمنى پاقىيوپۇرمىقى بىلەن يۆگەپ قويدى. ئاپامنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى بۇرۇنقىدىن ئون ھەسسە مۇلايىم ۋە سىلىق ئىدى. ئاپامنىڭ بۇرۇن ماڭا بۇنداق يېقىنچىلىق قىلغىنىنى زادىلا ئەسلىيەلمىدىم.

— ئوسمان، جېنىم بالام، زوڭگال ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كەت. ھېچ بولمىسا زوڭگال ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسۇن.

— بولىدۇ، ئاپا، لېكىن سەللا ئۆرە بولسام، بېشىم قېيىپ ياندۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ياستۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرغىن.

— ماقۇل ئەمىسە.

— ئابابەكرى، سىلەر توققۇز خىل دەرەخنىڭ ئۇچىدىن نەچچە تالدىن ئېلىپ كېلىڭلار، تېز بولۇڭلار.

— خۇرشىدەم، سەن موماڭنى چاقىرىپ چىق، ئوسمان ئاكاڭنى ئۇچۇقلاپ قويسۇن.

ئاكام ئاپامنىڭ دېگىنى بويىچە، توققۇز خىل دەرەخنىڭ ئۇچىدىن توققۇز تۇتام ئەكېلىپ بولۇپ مېنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ئېرىق بويىغا ئېلىپ چىقتى. مومام بىلەن ئاپام ئىچىدە بىر نېمىلەرنى دەپ ئوقۇپ ئۇچۇقلىدى. ھەر قېتىم ھېلىقى دەرەخلەرنىڭ ئىنچىكە چىۋىقلىرىنى سۇغا چىلاپ ماڭا سىلكىگەندە تېنىم شۈركىنىپ چۆچۈپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتەتتىم. سۇ ئۇستۇمگە سىم ـ سىم يامغۇردەك چېچىلغاندا،

بەدىنىمدىكى كىسەل چۆچۈش بىلەن بىللە چىقىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. نەچچە قېتىم ئۇچۇقلاپ بولۇپ يەنە ئورنۇمغا ئەكىلىپ قويدى.

— سىلىمخان، ئوسمانغا شوۋىگۇرۇچ قىلىپ بېرەيلى !

— خېلى بولدى سىلىپ قويغىلى. ئوسمان، ئىسسىقىدا ئىچىۋالامسەن؟

— گېلىمدىن بىرەر نەرسە ئۆتىدىغاندەك ئەمەس.

— ئۇنداق دېمە، بالام، مەن ئىچكۈزۈپ قوياي، سىلىمخان، قېنى شوۋىگۇرۇچنى ئېلىپ چىقىڭ. ئاشكۆكنى جىق سىلىڭ.

موماملىڭ ياردىمىدە شوۋىگۇرۇچنى ئىچىپ بولۇپ، بېشىمنى ياستۇققا قويۇپلا شىرىن ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن.

2

ئاپامنىڭ تىلىگەن تىلەكلىرى ئىجابەت بولدىمۇ ياكى قىلغان ئامالى شىپا قىلدىمۇ، كېچىدىمۇ شۇنداق راھەت ئۇخلاپتىمەن. سەھەردە ھەر نېمە بولسا ئورنۇمدىن تۇرالىدىم. بېشىمنىڭ ئاغرىقى ۋە تۇنۇگۇن ياندۇرغانىنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ئىشقىلىپ كۆكرىكىمنىڭ ئۈستى، گەپ قىلسام، يۆتەلسەم ئاغرىپ تۇراتتى. لېكىن ئاپامغا بۇنداق بولۇۋاتقىنىمنى دېمىدىم.

ئىمتىھان باشلىنىدىغانغا 100 كۈن قالغاندىن باشلاپ ئاپام ماڭا كۈندە بىر تال تۇخۇمنى چېقىپ تۇخۇمچاي قىلىپ، كۈن ئاتلاپ ئىككى تال ياڭاقنى ئېزىپ ھۆمەلچاي تەييارلاپ بېرىۋاتاتتى. مانا سەھەردىلا يەنە ماڭا ئالايتەن تۇخۇمچاي قىلىشتىن باشقا، يەنە شوۋىگۇرۇچمۇ ئەتكەنىدى.

— قېنى كەل، بالام، ئىسسىقىدا ئىچىۋال. زورلاپ ئىچ. «قورۇق تاغار ئۆرە تۇرمايدۇ» دېگەن گەپ بار. قېنى، ئىچە، — ئاپامنىڭ ماڭا قىلغان گەپلىرىدىن ئاپامنىڭ مېنىمۇ نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئاپامنىڭ بۇ يېقىملىق سۆزلىرىدىن، ماڭا كۆيۈنۈشلىرىدىن ھەممىمىزنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئەقىلسىزلارچە گۇمان قىلغىنىمدىن خىجىل بولدۇم ھەمدە جاڭگالغا قېچىپ كېتىپ بىر كۈن ئىزدىتىمەن دېگىنىمگىمۇ قاتتىق پۇشايمان قىلدىم.

— قېنى ئىچە، ياغاچ قوشۇقتا ئىچ. ئاغزىڭ كۆيۈپ قالمىسۇن. مەكتەپكە بارىمەن دېمە. بىر كۈن بارمىغانغا دەرسلەردە ئارقىدىمۇ قالماسسەن.

— ئاپا، ھازىر مۇئەللىملەر بىزگە نەچچە يىلقى تېخنىكوم سوئاللىرىدىن تەكرار قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. بارمىسام بولمايدۇ.

— ئەمىسە ئاكاڭ سېنى ئابلىمىتئاخۇنلارنىڭ ۋېلسىپىتىغا مىندۈرۈپ ئاپىرىپ ئەكەلسۇن.

— شۇنداق بولسۇن، ئوسمان. مەن سېنى مەكتەپكە ئاپىراي. تۈنۈگۈنكى قىزىشىڭدىن قورقۇپ كەتتۇق. يەنە قىزىپ قېلىپ يۈرمە. ھالقىلىق پەيتتە ئاغرىپ يېتىپ قالساڭ، ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدۇ.

— رەھمەت، مېكىپ باراي.

— تۈنۈگۈن تولا ياندۇرۇپ كەتتىڭ. يول دېگەننى ماغدۇر بولسا ماڭىدۇ كىشى، چىرايىڭمۇ تاتىراڭغۇ تۇرىدۇ...

ئاكام ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي ۋېلسىپىتقا مىندۈرۈپ مەكتەپكە ئەكېلىپ قويدى. چىرايىم تاتىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ساۋاقداشلىرىمدىن، ھەلىمە، سانىخان، مايسەملەر ئەھۋال سورىدى. ئادەتتە مەن تۈزۈك پاراڭلىشىپ كەتمەيدىغان بۇ قىز ساۋاقداشلىرىمنىڭ ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىم ئاشتى. ئۇلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا بەزىدە جاۋاب بەرمىگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم. مايسەم ماڭا مۇئەللىم دوسكىغا يازغان مەزمۇنلارنى تەنەپپۇس ۋاقتىدا كۆچۈرۈپ بېرىپ، سۇدىنىدىن بىر چىنە چاي قۇيۇپ بېرىۋىدى، شۇنداق راھەتلىنىپ ئىچتىم. ساۋاقداشلىرىمۇ ماڭا بۇنچىۋالا كۆڭۈل بۆلەر دەپ

ئويلىماپتىكەنمەن.

ئىلگىرى ئاپام مېنى ئاكامنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرمەيدۇ، دەپ ئاپامدىن رەنجىپ يۈرۈپتىكەنمەن. سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىممۇ مېنى ياقتۇرمايدۇ، «قويمىچىنىڭ بالىسى» دەپ ئارىغا ئالمايدۇ، مېنى كەمسىتىدۇ دەپ ئويلاپ، ساۋاقداشلىرىم بىلەنمۇ ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەپتىكەنمەن. ئۇلارنىڭ ئەھۋال سوراشلىرىدىن ئۇلارنىڭ مېنى «قويمىچىنىڭ بالىسى» دېمەي، سىنىپىمىزنىڭ «ئەلاچىسى» بىلىپ ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئىسىت، مەن ئۇلارنىڭ مېنى كەمسىتمەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ راسا ئوينىغان بولماسمىدىم؟ ئۇلارنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ يۈرمەي، ئەركىن - ئازادە كۈلۈپ، ئېچىلىپ يۈرمەسمىدىم؟ بىكارلا تارتىنىپ يۈرۈپتىمەن. سانىخان بىلەن ھەلىمەگە تونۇگۈنكى ئىسسىقتا بولغانلىرىمنى دەپ بەرگەنىدىم، ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى مەندىن ئەھۋال سورىشىپ كەلدى. شۇ چاغدا كۆز چاناقلىرىمغا لىققىدە ياش تولۇپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتكىلى قىل قالدىم.

بىرەيلەن قايسىدۇر بىر زاتتىن دۇنيا نېمە ئۈچۈن گۈزەل، دەپ سوراپتىكەن، ئۇ زات: كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مېھىر - مۇھەببەت بولغىنى ئۈچۈن، دەپ جاۋاب بېرىپتىكەن. مەن بۇ گەپنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم. ساۋاقداشلىق مېھرىنىڭمۇ ئەنە شۇنداق ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىپ، ساۋاقداشلىرىم كۆزۈمگە باشقىچە ئىللىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

دەرستىن تاراپ چوڭ يول بىلەن چىغىر يول ئېغىزىغا كېلىپ، تونۇگۈن ماڭغان يولدا مېڭىشقا كۆڭلۈم تارتماي چوڭ يول بىلەن ماڭدىم. كەينىمدىن ئاتام ھېلىقى قارا قول سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقاندەكلا تۇيۇلۇپ، ئارقامغا پات - پات قاراپ ماڭدىم. شۇنداق كېتىۋاتسام ئاتام ئارقامدىن «ئوسمان» دەپ چاقىرىپ قالسا، ماشىنىسى بىلەن ئالدىمغا كېلىپ سىگنال بەرگىنىچە «ماشىنىغا چىقە» دەپ سېلىۋالسا... دېگەندەك تاتلىق

خىياللارنى قىلغىنىمچە ئۆيگە قاراپ ماڭدىم.

ئۆيگە كەلسەم، بوۋام، موماملار يولۇمغا قاراپ تۇرغانىكەن. بوۋام چىرايىمغا قاراپ سەل چېچىلىپ قالدى.

— ئۆزۈڭگە دىققەت قىل، مەكتەپكە ماڭغۇچە نان ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇما، ھېلىمۇ خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ سېنى.

— ئابابەكرى بېرەلمىگەن ھېلىقى ئىمتىھانغا قانچىلىك ۋاقىت قالدى؟

— ئۈچ ھەپتىدەك ۋاقىت قالدى.

— پۇلدىن غەم قىلما، سېنى مەن ئوقۇتىمەن. سېنى ئىسراپىل ئىمام ماختىدى دەپ خۇشال يۈرسەم، تېرەككارىزدىكى سېيىتنىياز كاتىپنىڭ ئوغلى تۇرسۇنمۇ سېنى قايسى كۈنى ئۇچراپ قېلىپ ماختاپلا كەتتى. قارىغاندا سەن بالىلارنىڭ ئالدى ئوخشايسەن. شۇنچە ئادەمنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ئاسان ئەمەس. تۇرسۇنجاننىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەندىكىن سەنمۇ بوش ئەمەسكەنسەن، بالام.

— بولدى، ھېلىمۇ ئوسمان تولا ئۆگىنىپ بويى ئۆسمىدى. ئۆزىمۇ ئورۇق، كۆچەپ ئۆگىنىمەن دەپ ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما، بالام، — دېدى ئاپام ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ.

— ئادەم ئۆگىنىش قىلغانغا ۋىجىكلەپ كەتمەيدۇ، قىزىم، — دېدى بوۋام مېنىڭ ۋىجىك بەدىنىمگە قاراپ، — ئۇنىڭ ئۆسىدىغان چاغلىرى ئەمدى كەلدى. تىرىش بالام. تىرىشىپ ئوقۇپ، ھەممە ئادەم ھەۋەس قىلىدىغان ئادەم بول!

— مانا تۈنۈگۈن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. بولدى، ئۆزۈڭنى ئۆگىنىشكە بەك ئۇرۇپ كەتمە، — دېدى مومامۇ گەپكە ئارىلىشىپ.

— كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلايمەن؟

ھەممىسى كۈلۈپ كەتتى.

— ئۆزۈڭ ئەھۋالىڭغا قاراپ ئۆگىنىش قىل. تاماقنى ئوبدان يېگىن. قورساقنى ئۇتتۇرۇپ قويما.

— ماقۇل بوۋا.

ئاپامدىن بىكارلا رەنجىپ يۈرۈپتىمەن. ئاپام مېنى غەرەز ئۇقمىدۇ، ئەقىللىق، ئۆزىنى بىلىپ يۈرىدۇ، دەپ مەندىن ئەنسىرىمەي يۈرگەنىكەن ئەمەسمۇ؟ ئادەم كېسەل بولغاندا دۇنيانى، قېرىنداشلىرىنى چۈشىنىدىكەن. مەن ئاپامنى، قېرىنداشلىرىمنى، ساۋاقداشلىرىمنى چۈشەندىم. بىر ھېسابتا، بۇ قېتىم چارچاپ يىقىلىپ قالغىنىممۇ ياخشى بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن مەن نۇرغۇن چىگىش ئىشلارنىڭ يەشمىسىگە ئىگە بولغاندەك بولدۇم...



## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# يەنە پۇلنىڭ غېمى

### 1

ئىمتىھان ۋاقتى قىستاپ كەلگەنسېرى يازنىڭ ئىسسىقمۇ كۈچىيىۋاتاتتى. مەن ئۆگىنىش قىلىۋېتىپ چارچاش ۋە ئىسسىق دەستىدىن تولا ئۇخلاپ قالىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. بىز ئۇخلاپ قالساق، ئاپام تاماق ۋاقتى بولسىمۇ ئويغاتمايتتى. پەقەت پەۋقۇلئاددە ئىش بولسىلا ئويغىتاتتى. مەن ئاپامدىن نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىسام، ئاپام «باللارغا ئۇيقۇمۇ ئوزۇق. ئۆسۈۋاتقان باللارنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇش ياخشى ئىش ئەمەس. ئازراق ئىشنى مەن قىلسام نېمە بوپتۇ؟! يېرىم سائەت ۋاقتىمنى چىقىرىپ تاماق ئېتىپ بەرسەم، نەچچە مىنۇت ئۇيقۇمدىن كېچىپ ئىسسىتىپ بەرسەم بولمىدىمۇ. تاماقنى بەرگىلى بولىدۇ، ئۇيقۇنى بەرگىلى بولمايدۇ...» دېگەنىدى.

ھاۋا كۈندىن ـ كۈنگە ئىسسىپ كېتىۋاتاتتى، ھەممىلا كىشى ئىسسىقتىن زارلىناتتى.

— ھەي، بۇ بولمىدى. نەچچە يىلدىنمۇ ئىسسىق بولىدىغان، ئەمما بۇ يىلقىدەك ئىسسىق بولۇپ باقمىغان، جۇمۇ؟

— راست، نەچچە يىلدىن سەھەردە ئانچە ـ مۇنچە بولسىمۇ سالقىن شامال چىقىپ تۇراتتى.

— دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقىمۇ قۇيقۇلاق بولۇپ كېتىپتۇ.

— دەرىخنىڭنى قوي، تەكلەرنى دېگىنە. قۇم تاختىدىكى

تەكلەرنىڭ هالى چاتاق. 7 ـ ئاي كىرە ـ كىرمەي ئىسسىق بۆنچىلىك بولدى، ئاينىڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا مۇشۇنداق بولىۋەرسە، تەكلەر ئۆزۈم تاشلايدۇ.

خىيالىم شۇ يېشىل ياقۇتلىرىمىزدىلا قالغانىدى. قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ زارلىنىشلىرىدىن مەنمۇ ئۆزىمىزنىڭ تەكلىرىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدىم.

— ئابلىز ئۆز ۋاقتىدا قۇم تاختىغا تەك تىكمەيلى، ئەتە ـ ئۆگۈن پۇشايماندا قالىمىز، تەك ھەرقانچە ئىسسىققا چىدامىلىق بولسىمۇ، ئۆزۈمى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ دېگەنىدى.

— بىزنىڭ ئېرىقنىڭ چېتىدىكى نەچچە تۈپ تەك ئۆزۈم تاشلاپتۇ.

— ئەمدى ئابلىزنى تاپايلى، بىزنىڭ كارىزغا قۇت ئېلىپ كەلگەن ئادەم ئىدى. ئۇ يوقاپ كېتىۋىدى، ئۆزۈملەرنى خەققە زورلاپ دېگۈدەك سېتىۋاتىمىز.

— تاماقنى چاكىلداتقان، نەپسىنى تاقىلداتقان پۇل. پۇلنىڭ غېمىنى قىلايلى، جامائەت!

— بىز پۇلنىڭ غېمىنى قىلماي پوقنىڭ گېپىنى قىلمىدۇق. كاللا، دېسە پاقالچاق، دەيدىغۇ بۇ ئاداش. كېچىكىپ كەلگەندىكىن، گەپنىڭ ئۇرانىغا دىققەت قىلىپ، گەپكە ئارىلىشمىدىغان.

— نېمە دەيسەن قازان بېشىدىن يامانلايدىغان؟

— نېمە دېمەكچىدىم، قۇم تاختىدىكى تەكلەرنىڭ هالى چاتاق، ئۆزۈم تاشلاپتۇ، ئۆزۈملىرىمىنىڭمۇ باھاسى چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ... دەۋاتىمەن.

— هېلى ئابلىز قويمىچىنىڭ گېپىنى قىلغانىدەك قىلىۋىدىڭ.

— ئابلىز بولغان بولسا ئۆزۈملەرنى خەققە خار قىلماس ئىدۇق، دېدىم.

— بۇ يىل مانا مەن ئالىمەن.

— بازار نەرخى ئالساڭ ئال، ساڭا ساتمىمىز، نەق ئال، نېسىگە بەرمەيمىز....

بۇنداق چاغلاردا ئاتامنىڭ قەدرى ئۆتۈلگەنلىكىنى ئاڭلىساق كۆڭلىمىز كۆتۈرۈلۈپ، بويىمىز ئۆسۈپ قالغاندەك بولاتتى.

ئاكام ئاتامنىڭ ماختالغانلىقىنى ياكى خەقلەرنىڭ ئاتام توغرۇلۇق ھەرخىل پاراڭلارنى قىلىشقانلىقىنى ئاڭلاپ بولۇپلا، گارموشكىنى ئېلىپ، ئېرىق بويىدىكى جوجەمگە يۆلىنىپ بار ئىشتىياقى بىلەن چالاتتى. مەن ئاكامنىڭ چالغان ئاھاڭلىرىنى تۇتۇۋېلىشقا، ئۆگىنىشۋېلىشقا تىرىشاتتىم. گارموشكىنى ئاكامدەك چالالمىغانلىقىمغا جىلە بولۇپ كېتەتتىم. ئادەم ئۆگىنىمەن دېگەن نەرسىسىنى كۆڭۈل قويسىلا ئۆگىنىپ بولالايدۇ، دەپ قارايدىغان بولغاچقا، تىرىشىپ ئۆگىنىپ باقتىم. ھەرقانچە تىرىشساممۇ ئاكامدەك چالالمايتتىم.

ئاكامنىڭ چالغان مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاشقا ئىككى سىڭلىممۇ قەۋەتلا ئامراق ئىدى. بىزگە ئاكامنىڭ باراڭ ئاستىدىكى كارىۋاتتا يېتىپ چالغان مۇزىكىسى شۇنداق يېقىملىق ۋە سېھىرلىك تۇيۇلاتتى. نېمىشقىدۇر ئاكامنىڭ چالغان مۇزىكىلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنداق مىسكىن ۋە مۇڭلۇق ئىدى. ئۇنداق مۇڭنى مەن يۇقىرى ماھارەت بىلەن چالغان داڭلىق چالغۇچىلارنىڭ چالغان ئاھاڭلىرىدىنمۇ ھېس قىلالمايمەن. ئاكام چالغان ئاھاڭلا مېنىڭ يۈرىكىمنى تىترىتىدۇ. ھەر بىر ئاھاڭ چېلىنغاندا ئاتامنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سىيىماسى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ ـ دە، كۆڭۈللۈك ئۆتكەن خۇشال چاغلار بىلەن، ئاتىسىز ئۆتكەن كۆڭۈلسىز چاغلار كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلايدۇ.

كۆپكۆك ئاسماندا ئاي ئاق ئۆردەكتەك ئۈزگەن چاغلاردا، مەن ئاكام بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ، ساي تەرەپتىن كەلگەن غۇر ـ غۇر شامالغا يۈزلىنىپ يېتىپ راھەتلىنەتتۇق. ئايدىڭ ئاخشامدا، ئاسماندىكى ئاي، يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىش، ئاكام چالغان مۇڭلۇق كۈيلەردىن ھۇزۇرلىنىش مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋە بەختلىك

مىنۇتلىرىم ئىدى. توۋا دەيمەن. ساز دېگەننى ۋايىگە يەتكۈزۈپ چالسا ھەرقانداق سازنىڭ ئاۋازى شۇنداق مۇڭلۇق ئاڭلىنىدىكەن. گارموشكىدىن كىم ئۇنداق يېقىملىق كۈيلەرنىڭ چىقىشىنى ئويلىغان. بۇ يەردە كىشىلەر ئۇنى بالىلارنىڭ ئەرمىكى، دەپلا قارايدۇ. ئاكامنىڭ «ھەيرانىگمەن» گە چالغان چاغدىكى قىياپىتى ۋە تۇرقى ئاجايىپ ئۆزگىچە. ئۇ ھەر قېتىم «ھەيرانىگمەن»نى شەرق تەرەپكە قىيپاش قاراپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ چالاتتى. بۇنداق چاغدىكى تۇرقى ئۇستا فوتوگراف تارتقان بەدىئىي سۈرەتكىلا ئوخشايتتى.

ئاكام ئىككىمىزنىڭ بەزى قاراشلىرىمىز ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن بەزى ئويىمىز بىر يەردىن چىقىپ قالاتتى. ئاكام «بالىلار كىچىك»نى چالغاندا، كارىۋاتنىڭ يانلىقىغا ئارتىلغان يوتقانغا يۆلەنگىنىچە، پۇتلىرىنى ئالماپ، كۆزلىرىنى ئايغا تىكىپ تۇرۇپ، باشلىرىنى ئاھاڭ ئۆزگىرىشلىرىگە كەلتۈرۈپ لىڭشىتىشلىرى مەن ئۇچۇن ئاجايىپ سۆيۈملۈك كۆرۈنۈش ئىدى. ئاكامنىڭ شۇ تۇرقىنى رەسسام بولۇپ سىزىۋالغۇم، فوتوگراف بولۇپ تارتىۋالغۇم كېلەتتى.

«بالىلار كىچىك» نىڭ تارىخىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولدى. كۆز ئالدىمغا جازا مەيدانىدىكى ئاتا، ئۇنىڭ قەتلىئام قىلىنغان نەسلى، ئامان قالغان كەنجى «بۆرە»سى كېلىپ ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆتسە، ئاتامنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكى، نەدىن، قەيەردىن، قانداق ئىزدەشنى بىلەلمەي يۈرگەن تۇرقىمىز كېلەتتى. ناخشىنىڭ «بالىلار كىچىك قالدى يېتىم» دېگەن مىسرالىرىنى ئاڭلىسام خۇددى ئاتامدىن ئايرىلىپ قالغاندەكلا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، يىغلاپ كېتەتتىم. ئاكامۇ شۇنداق تۇيغۇدا بولسا كېرەك، ئۇ ئاھاڭغا چالسىلا شەرق تەرەپكە قاراپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ چالاتتى. مەن بۇ ناخشىنىڭ تارىخىنى بىلگەن شۇ دەقىقىدىن باشلاپ، ئاكامنىڭ بۇ ئاھاڭغا چېلىشىغا قارشى تۇرىدىغان

بولدۇم.

ئاكام بۇگۈن يەنە شۇ ئاھاڭغا چېلىنىۋىدى، ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ:

— ئاكا، ئۇ ئاھاڭغا چالمىساڭ قانداق؟ — دېدىم.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۇ ئاھاڭنى چالساڭ كۆڭلۈم يېرىم بولىدىكەن.

— شۇنداقمۇ، سېنىڭ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلغۇدەك چالغاندىكىن مەنمۇ خېلى مۇڭلۇق چالىدىغان بولۇپ قاپتىمەن - ھە؟!

— نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟ مەن سەن چالغان ئاھاڭلارنىڭ مۇڭىنى نى - نى سازچىلارنىڭ چالغىنىغا تەڭ قىلمايمەن.

— پاھ، مېنى ئەجەب ماختاپ، كۆپتۈرۈپ كەتتىڭغۇ؟ ئاسماندا ئۇچۇپ ئايغا قونماي يەنە.

— ئايغا قونغۇچىلىكىڭ بار، ئاكا.

— رەھمەت ئۇكام، قايسى پەدىگە چېلىپ بېرەي؟

— «زېمىن» غا چاله، شۇ ئاھاڭنىڭ ئەللەيلىشىدە ئۇخلاپ قالاي.

— ئەللەي ناخشىسىدەك بولامدىكەن؟

— شۇنداق، مۇڭلۇق، يېقىملىق ئاھاڭنى ئاڭلاپ ئۇخلاشنىڭ ئۆزى بەخت.

— ھەي، بىر تەمبۇر ياكى دۇتار ئېلىۋالسام بولاتتى.

— ئاپامغا دېسەڭ كۇزدە ئۇزۇم پۇلىغا ئېلىپ بەرسۇن.

— ئاپامغا پۇلنىڭ گېپىنى قانداقمۇ قىلغىلى بولسۇن؟

— ئاتام بولغان بولسا ئۇنداق دەپمۇ كەتمەستۇق.

— يېقىندىن بۇيان ئاتام تولا چۇشۇمگە كىرىدىغان بولۇپ قالدى. جىق پۇل كۆتۈرۈپ كەپتۇدەك. مېنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قالغانلىقىمنى ئاڭلاپ يىغلىغۇدەك، سېنىڭ ئەلاچى ئوقۇۋاتقىنىڭنى ئاڭلاپ، خۇشال بولۇپ كەتكۇدەك... چۈشتىكى يىغا بىلەن كۈلكە نېمىدىن دېرەك بېرەر؟

— چوقۇم ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. پۇل بولسا نېمە دېگەن ياخشى. چوقۇم پۇل تېپىش كېرەككەن، پۇلۇڭ بولسا كۆڭلۈڭمۇ توق تۇرىدىكەن. مەن بەزىدە ئوقۇماي ساڭا ياردەملىشەيمىكىن دەپ ئويلاپ قالىمەن.

— ئۇنداق دېمە، مەن سېنى ئوقۇتىمەن. سەن ئوقۇشتىن زېرىكتىم دېگۈچە ئوقۇتىمەن. سەن 1 ـ سىنىپتىن باشلاپ ياخشى ئوقۇدۇڭ. ياخشى ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتسەڭ، ئاندىن ياخشى خىزمەتكە ئورۇنلاشساڭ، پۇل دېگەننى شۇ ۋاقىتتا جىق تاپالايسەن. ئاپامنىڭ ئۈمىدى سەندە. تىرىشىپ ئوقۇ.

2

مانا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش خاتىرە سۈرىتىگىمۇ چۈشۈپ بولدۇق. مەكتىپىمىزنىڭ قائىدىسى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر بىرىمىز مەكتەپكە 1000 دىن كېسەك قۇيۇپ بېرىشكە تۇتۇش قىلدۇق. مۇئەللىم ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىزنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ بۆلۈپ قويدى. مەن، ئابلىز، ئالىم، سانىيە، ھەلىمەلەر بىر گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ كېسەك قۇيۇشقا باشلىدۇق.

ئاكام ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگىنىمنى كۆرۈپ، مېنىڭ ئورنۇمدا ئىككى كۈن كېسەك قۇيۇپ بەرمەكچى بولدى.

— ئورنىغا پۇل تۆلىمەتسىمۇ بولىدىغاندۇ، — دېدى ئاپام قولىدىكى يىڭنە ئىشىنى قىلغاچ ماڭا قاراپ.

— 1000 كېسەككە 50 كوي تاپشۇرساق بولىدىكەن. جىق ساۋاقداشلىرىم تاپشۇرۇپ بولدى. بىزنىڭ گۇرۇپپىدىن ئىككىسىمۇ تاپشۇرۇپ بوپتۇ. ئالىم، مەن، ھەلىمە ئۈچىمىز كېسەك قۇيۇۋاتىمىز.

— تۈنۈگۈن نەچچىنى قۇيدۇڭلار؟

— 300 چە قۇيدۇق.

— بولدى، سىلەر ئەتە لاي قىلىدىغان يەرگە بىر كۈن سۇ قۇيۇپ تەييار قىلىڭلار، نۇرمۇھەممەت بىلەن بىر كۈندە ۋەزىپەڭلارنى ئورۇنداپ بېرىمىز، — دېدى ئاكام سەممىيلىك بىلەن.

— ئۇنداق قىلساڭغۇ قالتىس ئىش بولاتتى.

— مەكتەپكە تۆلىگەن 50 كويىنى ئوسمان شەھەرگە كىرگەندە خەجلىسۇن، ئاپا، «ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە كۈچۈڭنى خار قىل» دېگەن گەپ بارغۇ. ئوسمان، بىر كۈن كېسەك قۇيغانغا مەنمۇ چارچاپ كەتمەيمەن. سىلەر چوقۇم لايغا كېپىللىك قىلىپ بېرىڭلار. كېسەك قۇيماق ئۇنچە تەس ئىش ئەمەس...

ئەتىسى ھەلىمەنى ئۆيىگە كەتكۈزۈۋېتىپ، ئالىم بىلەن ئىككىمىز كېسەك قۇيىدىغان تۇپىغا سۇنى بولۇشىغا قۇيدۇق. پەممىچە بۇنى لاي قىلساق 2000 دىن ئارتۇق كېسەك قۇيۇلاتتى. ئالىممۇ ئاكىسىنى ياردەمگە چاقىرماقچى بولدى.

مەن سۇ قۇيۇپ تۇرغاندا، ئالىم ھاجەتخانىغا بارىمەن، دەپ كېتىپ بىردەمدە ئىككى قۇتا گازلىق سۇ ئېلىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ماڭا پۇل خەجلەتكۈسى يوقلۇقىدىن شۇنداق قىلغانلىقىنى چۈشەندىم. مۇزدەك سۇدىن راھەتلىنىپ ئىچىپ، سۇنى يەنە قۇيدۇق. ئالىم ئىككىمىز 2500 كېسەكلىك لاي چىقارمۇ ـ چىقماسمۇ دەپ، ھېسابلاپ كۆردۇق.

— بۇنىڭدىن 3000 كېسەك چىققۇدەك، — دېدى ئالىم بىر كېسەكلىك لاينى ئېلىپ مۆلچەرلەپ بېقىپ.

— ئەمىسە كېتەيلى. ئەتە سەھەردە كېلىپ يەنە بىر قېتىم سۇ قۇيايلى.

— بولدى، بىزنىڭ ئۆي مەكتەپكە يېقىن بولغاندىكىن سەھەردە كېلىپ مەن سۇ قۇيۇپ قوياي. ئىچىدىغان چاي، يەيدىغان ناننىمۇ ئەكېلىمەن، دېمە. ئاپامغا دەپ قويدۇم. ئوخشىتىپ پولۇ قىلىپ بەرمەكچى بولدى. ئاكاڭ بىلەن ئاغىنىسىنىمۇ ئۆيگىلا باشلاپ كەل، ئاكاڭغا دەپ قوي، تارتىنىپ يۈرمىسۇن.

ئىككىمىز خۇشال ھالدا خوشلاشتۇق. يول بويى ئەتىكى كىسەك قۇيۇشنى ئويلاپ ماڭدىم. ئاكامنىڭ ئەپچىللىك بىلەن كىسەك قۇيۇۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئاكامدىن پەخىرلىنىپ ئۈنلۈك كۈلۈپ كېتىپتىمەن. باشقىلار كۆرۈپ قالسا، «ئابلىزنىڭ ئوسمان دېگەن ئوغلى تولا ئوقۇپ ئېلىشىپ قاپتۇمۇ ـ نېمە؟ يولدا ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىپ، كۈلۈپ يۈرىدۇ... » دەپ قالمىسۇن دەپ ئىتتىك ئەتراپىمغا قارىدىم. ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن قەددىمنى رۇسلاپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم.

ئۆيگە كېلىپ ئالىمنىڭ گەپلىرىنى ئاكامغا دەپ بەردىم.

— ئەته ئەتىگەندە سۇ قۇيۇپ قويماقچى بولغىنى بەك ياخشى بوپتۇ. بىرىپلا مەن لاي قىلىمەن. نۇرمۇھەممەت بىلەن ئالىمنىڭ ئاكىسى كىسەك قۇيغىلى تۇرسا، سىلەر شالاقمەن چېلەككە سۇ قۇيۇپ ئۇلگۇرتەلمەيسىلەر.

— ماختاپ قويسام ئاته پورۇڭنى.

— پو ئاتقانلىق ئەمەس. سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلارنى ئەته چۈشكىچە تۇگىتىپ بېرىمىز.

— گارموشكىنى ئېلىۋال، ھارغاندا چېلىپ بېرىسەن.

— قويە، مۇئەللىملەرنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ قالىمەن. كىسەك قۇيۇپ بەرسەك پۇل بېرىدىغانلارمۇ بارمىكەن؟

— نېمە قىلىسەن؟

— كىسەك قۇيۇپ پۇل تاپمايمىزمۇ؟

— ۋاي ـ ۋۇي، سەنمۇ قىزىقكەنسەن. مەكتەپكە بېرىپ قانداقمۇ «كىسەك قۇيۇپ بېرىمەن، قانچە پۇل بېرىسەن» دېيەلەيسەن؟

— ئۇمۇ بار گەپ. مەكتەپ دېگەن ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك ئورۇن تۇرسا. مەنمۇ سېنى ئويلىدىم ـ دە ئۇكام. 2000 كىسەك قۇيسام 100 كوي كېلىدۇ، دېگەن گەپ. شەھەرگە كىرگەندە خەجلىمەمسەن؟


9

— بولدى، شەھەرگە كىرىپ پۇل خەجلىمىسەمۇ بولىدۇ. «ساۋاقداشلىرىمغا كېسىكىڭنى ئاكام قۇيۇپ بېرىدۇ، پۇل بەر» دېيەلمەيمەن.

— ئەمىسە مەيلى.

— لېكىن، كېسەك قۇيۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ كېتەلمەيدىغانلارغا ياردەم قىلىمەن دېسەڭ مەيلى.

3

ئاكامنىڭ كېسەك قۇيۇش ۋەزىپەمنى ئورۇنداپ بەرگىنىگە رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن ھەر قېتىم كىر يۇغاندا ئۇنىڭ كىيىمىنىمۇ قوشۇپ يۇيۇپ قوياتتىم. ئاكامنىڭ دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ يول ياساش قۇرۇلۇشىغا بېرىپ شېغىل تاسقايدىغان ئىشنى قىلىپ پۇل تاپماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇم. بۇۋامنىڭ «ئابابەكرىنىڭ ئۇنداق ئىشنى قىلىدىغان ۋاقتى ئەمەس ئىدى» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ئاكامنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆزلىرىمگە لىققىدە ياش كەلدى. ئاكامغا بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى. ئاكام بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان، تاكاللىشىپ قالغان چاغلىرىمغا پۇشايمان قىلدىم. نېمىشقىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشقاندىمەن؟ نېمىشقىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقاندىمەن؟... دەپ ئۆكۈندۈم.

مانا ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن شەھەرگە ماڭىدىغانلىقىمىزغا يەنە نەچچە كۈنلا قالغانىدى. ئاپام، ئاكام ئىككىسى كېلىشىۋالغاندەكلا « تېخنىكومغا ئىمتىھان بېرىسەن، لېكىن تېخنىكومدا ئوقۇمايسەن، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيسەن...» دېگەنىدى. شۇ چاغدىلا مەن ئاپام بىلەن ئاكامنىڭ نېمىگىدۇر بىر نېمىگە ئاچچىقى بارلىقىنى بايقىدىم. يۇقىرى نومۇر ئېلىپ تېخنىكومدىن چاقىرىق كەلسە، بىزنىڭ ئوسمان تېخنىكومدا ئوقۇمايدۇ، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇپ، كېيىن داشۆدە

ئوقۇيدۇ، دېمەكچى بولسا كېرەك.

ئىمتىھانغا تۆت كۈن قالغاندا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئەتىسى چۈش بىلەن تەڭ ئەترەتتىن يىغىنغا چاقىردى. ئادەتتە بىرەر جىددىي ئىش بولمىسا يىغىنغا چاقىرمايتتى. ھەممىمىز باردۇق. تۈنۈگۈنكى يامغۇر يېزىمىزغا كېلىدىغان ئۆستەڭنىڭ نەچچە كىلومېتىر بۆلىكىنى بۇزۇۋەتكەنىدى ئۇنىڭغا ھەر بىر ئائىلىدىن بىر ئادەم بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى، يەنە ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تېز تىزگىنلەش ئۈچۈن ھەر جانغا 12 يۈەندىن پۇل يىغىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتتى.

غۇدۇراش، كىملەرنىدۇر تىللاش باشلىنىپ كەتتى. ئەترەت باشلىقى ئاخىر گېپىنى ئۆتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ:

— كىمكى بۇنىڭغا قوشۇلمىسا، تاغ سۈيىدە يېرىنى سۇغىرىمىز دېمىسۇن ! — دېدى.

بايامقى ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك نارازىلىق بىلەن چىڭقىلىپ سۆزلىگەنلەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ قوزىدەك ياۋاشلاپ قالغانىدى. ھەممە ئادەم غەمكىن ھالدا ئۆيلىرىگە قايتىشتى. چۈشتىن كېيىن ئەترەت باشلىقى بىلەن كاسىر ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ پۇل يىغدى. ئاپام پۇلنى ئۇلارغا بېرىۋەتسە ماڭا بېرىدىغانغا كەملەيدىغانلىقىنى ئويلىدىمۇ، ئارسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا ئاكام ھۇجرىغا كىرىپ كېتىپ تېزلا قايتىپ چىقتى - دە، ئاپامغا:

— ئاپا، ئوسمان شەھەرگە كىرسە ئىشلىتەر دەپ شېغىل تاسقاپ تاپقان پۇلنى ئېلىپ قويغانىدىم، بولدى، يېنىڭدىكى پۇلنى بېرىۋەر. ئوسمان مەن يىغىپ قويغان پۇل بىلەن ئىمتىھان بېرىپ كەلسۇن، — دېدى.

ئەترەت باشلىقى بىردە ئاپامغا، بىردە ئاكامغا، بىردە ماڭا قاراپ ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— ئوسمان، 8 - سىنىپنى پۈتتۈرىدىغان بولدۇڭمۇ؟ سېنى دەرسلەردە ياخشى دەيدۇ، ئىمتىھاننى ياخشى بەر - ھە، — ئۇ

شۇنداق دېگىنىچە ئاپامنىڭ قولىدىكى پۇلنى ئېلىپ، ساناپ بولۇپ گىرۋەكلىرى تىتىلىپ كەتكەن سومكىسىدىن تالون دەپتىرىنى ئېلىپ ئالدىرىماي تالون كېسىشكە باشلىدى.

ئۇلار چىقىپ كەتتى. مەن ئاكامنىڭ مېنى دەپ ئىشلىگەنلىكىنى بۇرۇن ئاپامدىن ئاڭلىغان بولسامۇ، ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغاندا، ھاياجانلانغىنىمدىن كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. قېرىنداشلىق مېھرى دېگەن شۇ بولسا كېرەك...



## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# ياشلىق بوسۇغىسىدا

### 1

ساۋاقداشلىرىمدىن بىر نەچچىسى ماڭا ئىمتىھاندا بىر يەردە ئولتۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىنىڭ پۇل خەجلەيدىغانلىقىنى، ئىمتىھان مەيداندىكى كومىسسىيىنىمۇ بىر ئامالىلار قىلىپ قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى، ئىمتىھان ۋاقتىدا قورقمايلا دەپ بېرىشىمنى ئېيتىۋىدى، ئىمتىھان كەلمەي تۇرۇپلا مېنى سۈر بېسىشقا باشلىدى. كومىسسىيە بېشىمىزدا قاراپ تۇرسا، ئۇنىڭغا مەن قورقماي قانداق دەپ بېرەلەيمەن. «كومىسسىيە دېگەنمۇ ئادەم تۇرسا، ھازىر پۇل نېمىنى قىلدۇرمايدۇ. مەيلى ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار»، تۇرۇپلا ئۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمەس بولۇپ قالدىم. ئۇلاردىن بەزىلىرى تېخى ماڭا، ئاتام پالانى كىشى بىلەن ياخشى ئۆتىدىكەن، ئىككىمىزنى بىر يەرگە ئالدى - كەينى تىزىپ قويۇپتۇدەك، ۋاقتى كەلگەندە ياردىمىڭنى ئايىما، جۇمۇ، بىز دېگەن قىيامەتلىك ئاغىنە... دېگەنىدى. تېخى بىر كۈنى مەكتەپتىن يېنىپ ئۆيگە كېتىۋاتسام بىر كىشى ماڭا سالام قىلىپ ئۆزىنى سىنىپىمىزدىكى شاھادەتنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇپ، يېزا بازىرىدىكى ئەڭ داڭلىق ئاشخانىغا باشلايمەن دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىمىۋىدىم، ئاخىر كۆڭلىدىكى گېپىنى دېدى:

— ماڭا قاراڭ، ئوسمانجان، ئۆز ۋاقتىدا ئاتىڭىز ئابلىز

ئاخىرلار بىلەن ياخشى ئۆتكەن. مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ شاھادەتكۇل بىلەن ئىككىنچىلارنىڭ ئورنىنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ قويدۇق. ئىمتىھان ۋاقتىدا ياردەم قىلارسىز...

مەن باشقا ساۋاقداشلىرىمغا جاۋاب بەرگەندەك بۇ ئادەمگىمۇ:

— مەن ئوقۇغۇچى، ئىمتىھان ئالىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەت قىلىشىم كېرەك. ئىمتىھانغا كىرگەن مۇئەللىملەر بىر نېمە دېمىسە، ئىمكان بار دەپ بېرەي، — دېدىم.

— ئۇلارمۇ ئادەم. ئۆزىڭىزنىڭكىنى يېزىپ بولۇپلا شاھادەتكۇلنىڭكىنى شاققىدە يېزىۋەتمەمسىز. ئۇ بىرەر مەكتەپتە ئوقۇپ كەلسىلا بىزنىڭ ئىدارىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرماقچى، سىزنىمۇ مەن ئىدارىمىزگە تونۇشتۇرىمەن. بۇ يېزا پونكىتتىكى بەش ئادەمدىن نەچچىسى سىلەر ئوقۇش پۈتتۈرگۈچە پېنسىيە يېشىغا توشىدۇ... — ئۇ توختىماي سۆزلەپ كەتتى. مەن بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئېرىق بويىغا قاراپ ماڭدىم.

ئىمتىھان ۋاقتى قانچە يېقىنلاشقانسېرى شۇنچە تىتىلدايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. ئېرىق بويىدىكى قېرى جوجەمگە يۆنىلىپ ئولتۇرسام ئەخمەت، تۆمۈرجان، ئالىم ئۈچى بىزنىڭ ئۆي تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى.

— ۋاي، سېنىڭ ئۆگىنىش قىلىدىغان يېرىڭ نېمىدېگەن پەيزى، ئۆيقۇڭ كەلسە مۇزدەك سۇدا يۈز - كۆزۈڭنى يۇيۇۋالساڭ ئۆيقۇڭ ئېچىلىپ كېتىدۇ، نېمىدېگەن راھەت، — دېدى ئالىم ماڭا ھەۋەسلىنىپ.

— شۇڭا ئوسمان ئىزچىل تۆردە «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ كېلىۋاتامدۇ؟

— ئەمىسە سەنمۇ مۇشۇ يەردە ئۆگىنىش قىلغان بولساڭ ئۇدا «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولامتىڭ؟

— بولمايچۇ؟

— ئىشىڭنى قىلە! تىرىشمىساڭ ھېچنېمە بولالمايسەن.

ھەممىسى ئوسماننىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى.
— ئەتە مەكتەپكە يىغىلىدىكەنمىز. كىنىشكىلار كەپتۇدەك.
— مېنىڭ ئورنۇم نەدىكەن؟
— بىلمىدۇق. ئاڭلىساق شاھادەتنىڭ ئاتىسى يول مېڭىپ ئىككىڭلارنى ئالدى ـ كەينى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇدەك.
— سىنىپتا ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان ھاكاۋۇرنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئوسمانغا ئاپتاپتەك ئېچىلىپ يۈرگىنى بىكار ئەمەسكەن ـ دە.
— ئوسمان، چىقىشىپ قالدىڭلارمۇ يا؟ شاھادەت دۈترەك بولغىنى بىلەن چىرايلىق جۇمۇ.
— قويغىنا ئۇنداق گەپلەرنى.
— نېمىنى قويىدۇ؟ مەنمۇ گۈلسۇم بىلەن چىقىشىپ قالدىم.
— ۋاھ، يېڭى خەۋەركەنغۇ بۇ؟ قېنى، قېنى دەپ بەرگىنە؟
— ئالدىنقى ئايدىكى يامغۇر ياغقان كۈنى ئېسىڭلاردىمۇ؟ شۇ كۈنى مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دىققەت قىلسام ئۇمۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپتىكەن. مەنمۇ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرسام، قىزىلگۈلدەك قىزىرىپ يەرگە قاراۋالدى. كېسەك قۇيغان مەزگىلدە مۇئەللىممۇ بىلگەندەكلا ئىككىمىزنى بىر گۇرۇپپىغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەقىقەتەن چىرايلىقلىقىغا ۋە ئىشچانلىقىغا قول قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن مەن چاقچاقىلا يۈلەپ «گۈلسۇم سەن نېمىدېگەن چىرايلىق» دېسەم، لاپپىدە بىر قاراپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئەتىسى ئاكىسىنى باشلاپ كەلسە قانداقمۇ قىلارمەن دەپ قورقۇپ يۈرسەم نەدىكىنى، مەكتەپكە مەندىن بۇرۇن كېلىپ لايغا سۇ قۇيۇۋېتىپتۇ. قارىسام تېخىمۇ چىرايلىق ۋە مۇلايىم بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز چىقىشىپ قالدۇق.
— بۇ بولماپتۇ، مۇئەللىم ئۇقۇپ قالسا...
— ئەخمەق، ئوقۇش پۈتتۈرسەك سەن نەدە، مەن نەدە؟ ئۇمۇ

تولۇق ئوتتۇرىنى ئوقۇمايدىكەن، مەنمۇ ئوقۇمايمەن. ئوقۇيمىز دېسەكمۇ يېزىمىزدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىسا، مەكتىپىمىز ھەر يىلى «تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئاچىمىز» دەپ قويۇپ ئاچالمايۋاتامدۇ....

— ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇھەببەتلىشىش ياخشى ئىش ئەمەس.

— ئۇ گەپلەرنى قويۇپ ئىمتىھان بېرىدىغان گەپنى قىلايلى.

— ئىمتىھان بەرگىلى چىققاندا بىر يەردە تۇرىمىز جۇمۇ؟ بارغان كۈنىمىزلا رەسىمخانىغا كىرىپ مۇشۇ ئاغىنىلەر بىللە رەسىمگە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرىمىز.

— بولىدۇ، بۇ ئەقىلنى كىم ئۆگەتتى ساڭا؟

— ھېچكىم ئۆگەتمىدى، ئۆزۈم دەۋاتىمەن.

مەن ئەخمەتنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ئۇنى باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشسام بولمايدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم.

2

نەچچە كۈندىن بۇيان كۆرۈشمىگەن ساۋاقداشلار قىزغىن كۆرۈشۈپ ئىمتىھان توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشىپ مۇئەللىمنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇق. قىزلارمۇ بۇرۇنقىدەك تارتىنىپ كەتمەي، ئوغۇللار بىلەن ئارىلىشىپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. مۇشۇ ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى تولۇق ئوتتۇرىدا، بەزىلىرى تېخنىكومدا ئوقۇشى مۇمكىن. ھازىرقى پەيت بىزنىڭ ئوقۇش تارىخىمىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلار بولۇپ قالاتتى.

مەن ئاستا ئەخمەتكە قارىدىم. ئەخمەت شۇنچە مەغرۇر ۋە تەمكىن ئىدى. ئۇ ھەدەپ بىزگە قىزىق ـ قىزىق چاقچاقلارنى قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ تۈنۈگۈن دېگەن گەپلىرىنى ئەسلەپ گۈلسۈمگە قارىدىم. گۈلسۈم ئەخمەتكە كۆلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق سۈزۈك ۋە پارقىراق، كۆزلىرى

نۇرلۇق ئىدى. مەنمۇ ئىختىيارسىز ماڭا خېلى كۆڭۈل بۆلىدىغان تۇرمۇش ھەيئىتىمىز مايسەمگە قارىدىم. ئۇنىڭ ئاق چېچەكتەك ئوچۇق چىرايى، دائىم ئويچان تۇرىدىغان نۇرلۇق كۆزلىرى ماڭا ئادەتتىكىدىن تاشقىرى يېقىملىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ قېلىپ، ھۇپپىدە قىزىرىپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

ئەخمەت ماڭا قاراپ تۇرۇپتىكەن، قېشىنى لىككىدە مايسەم تەرەپكە ئېتىپ قويدى. مەنمۇ ئۇنىڭ كۆرۈپ قالغانلىقىدىن قىزىرىپ، خۇددى ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغان بالىدەك ئۆزۈمچىلا ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتىم. ئەخمەتمۇ ماڭا سوڭدىشىپلا چىقتى.

— ھە، ئەلاچى، مايسەمگە ئەجەب قاراپ كەتتىڭغۇ، — دېدى قۇۋلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ كۈلگىنىچە.

— ساۋاقداشىم بولغاندىكىن مۇنداقلا قاراپ قويدۇم قانداق !

— سېنىڭ قاراشلىرىڭ باشقىچە قاراش. ئەگەر كۆزۈڭ چۈشكەن بولسا گەپ قىلىپ باق. ئۇنىڭغا جۇرئىتىڭ بولمىسا گۇلسۇم دەپ باقسۇن، — دېدى.

— ياق، ئۇنداق ئىش يوق. گۇلسۇمگە دەپ يۈرمە يەنە. مەندە ھەرگىز ئۇنداق خىيال يوق، مېنىڭ پۈتكۈل ئوي - خىيالىم ياخشى ئوقۇپ، ئاتامنىڭ، بوۋامنىڭ، ئاپامنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاش. ماڭا ئۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى ئۆگەتمە ! سەنمۇ تولا «گۇلسۇم، گۇلسۇم» دەۋەرمە. خىجىل بولمامسەن؟

— مۇشۇ تەمتىرەشلىرىڭدىن قارىغاندا چوقۇم بىر گەپ بار.

— ئوسمان، ئەخمەت، مۇئەللىم كەلدى !

بىز ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىدىكى قارىياغاچلىقتىن چىقىپ سىنىپقا ماڭدۇق. ئىشىك يېنىدا گۇلسۇملەر تۇرغانىكەن. يېنىدىكى قىز ساۋاقداشلىرىمىز ئەخمەتكە قاراپ كۈسۈلداشقىلى تۇردى. ئەخمەتمۇ ئۇلارنىڭ نېمىگە كۈسۈلدىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن بولغاچقا گۇلسۇمگە نەچچە ئېغىز چاقچاق قىلىپ

قويدى.
مەن ئەخمەتنىڭ جۈرئەتلىكلىكىگە ھەيران قالدىم. ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام، پۇتلىرىم كالۋالىشىپ، تەمتىرەپ ماڭالماي قالغان بولاتتىم.
ئەخمەت بىلەن گۈلسۈمنىڭ ئىشىنى سىنىپتىكى ھەممە ساۋاقداش بىلىپ كەتكەنىدى. ئىككىسىگە ھەۋەس بىلەن قاراۋاتقانلارمۇ، ئۆچمەنلىك بىلەن قاراۋاتقانلارمۇ، ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراۋاتقانلارمۇ بار ئىدى.
— ساۋاقداشلار، ئۆگۈنلۈككە ھەممىڭلار ئىمتىھان بېرىسىلەر. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئويلىشىپ، ھەممىڭلارنىڭ بىر مېھمانخانىغا چۈشىدىغانلىقىڭلارنى ئېيتتى. جىم تۇرۇڭلار! تۇغقىنىڭلار بولسىمۇ مەيلى. ياتاقتا ياتىسىلەر. ئۆتكەن يىلى دۆلەتباغ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ نەچچە ئوقۇغۇچىسى تۇغقىنىڭكىدە تۇرۇپ كېچىكىپ قېلىپ ئىمتىھانغا قاتنىشالمىغانىدى. نەچچە يىل بۇرۇن بىزنىڭ مەكتەپتىنمۇ بىر ئوقۇغۇچى كېچىكىپ قېلىپ ئىمتىھان بېرەلمىگەنىدى. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەكتەپ بۇ چارىنى چىقاردى. ئۈچ كۈنلۈك ياتاق، تاماق، يول كىرا ھەققى بولۇپ 75يۈەن تاپشۇرىسىلەر. پۇلنى ئەتە چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە مەكتەپكە يىغىلىپ تاپشۇرىسىلەر، كېچىكىپ قېلىشقا بولمايدۇ. پۇلنى چىڭ تۇتۇڭلار، يولدا چۈشۈرۈپ قويۇپ يۈرمەڭلار يەنە... ھازىر ئىمتىھان كىنىشكاڭلارنى تارقىتىپ بېرىمەن. نومۇرۇڭلارنى يېزىۋالغاندىن كېيىن ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭلار. ئىمتىھانغا كىرىشنىڭ ئالدىدا تارقىتىپ، ئىمتىھاندىن چىققاندا يىغىۋالىمەن...
سىنىپتا پىچىرلاشلار، غوتۇلداشلار باشلاندى. سىنىپتىكى كۆپىنچە ساۋاقداشنىڭ شەھەردە يېقىن تۇغقانلىرى بار ئىدى. نۇرغۇن ساۋاقداش 75 يۈەننى ئىقتىساد قىلىۋېلىشنىڭ كويىدا ئىدى. بىر ھېسابتىغۇ مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىمۇ ياخشى. مۇئەللىملەر مەكتەپنىڭ ئالدىغىچىلىك ئاپىرىپ قويسا،

ئىمتىھاندىن كېيىن يوقلىما قىلىپ تۇرسا، نېمىدېگەن ياخشى. تېخى شۇ مەكتەپنىڭ ياتاق بىناسىنى ئېلىشنىڭمۇ گېپى بار، شۇنداق بولسا، بىزگە نېمە غەم... مېھمانخانىدا ئادەم كۆپ ئۆگىنىش قىلغىلى بولمايدۇ، دەيدىغاندۇ. ئۇنداق جىددىيچىلىكتە كىتاب كۆرگىلىمۇ بولارمۇ؟ نېمە كارىم. مەن بەربىر مېھمانخانىدا ياتىدىغان تۇرسام. ئاتام يوقاپ كەتكەندىن كېيىن شەھەردىكى تۇغقانلىرىمىز بىلەن بولغان ئالاقىمىزمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. بولدى، ئۇلارنىمۇ ئىزدىمەيمەن. مايسەم قانداق قىلار؟ تۇغقىنىنىڭكىگە كېتەرمۇ؟ ئۇ نەدىلا تۇرسا تۇرمامدۇ؟ نېمە كارىم، قىزىق ئىش، نەچچە قېتىم ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويسا، مەن ئۇچۇن دىجورنىلىق قىلىپ قويسىلا باشقىچە ئويلاپ كەتكىنىمنى. بەلكىم مېنى ئۆيى يىراق، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار دەپ، ئىچ ئاغرىتىپ ياردەم قىلىپ قويغۇسى كەلگەندۇ... ئاغرىپ قالغاندا بىر چىنە چاي بەرگىنى ساۋاقداشلىق مېھرىنى يەتكۈزگىنىمۇ، ئۇنىمۇ مەن خاتا چۈشىنىپ يۈرمەي...

مەن ئاستا ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇمۇ ماڭا قاراپ تۇرغانىكەن. ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتىم. ئۇ بولسا بېشىنى سەل بۇراپ يەنە قارىدى. بۇنى يەنە مېنى ئىشپىيونلاردەك ماراپ تۇرغان ئەخمەت كۆرۈپ قالغانىدى. مەنمۇ بىرى قارا دېگەندەك ئەخمەتكە قارىغانىدىم، ئۇنىڭ سىنچى كۆزلىرىنىڭ ماڭا قاراپ تۇرغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي. ئۇ گۈلسۈمگە دېسە، گۈلسۈم باشقىلارغا دېسە... ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

سىنىپتا تالاش ـ تارتىشلار داۋام قىلماقتا ئىدى.

— مۇئەللىم، ئاكاملارنىڭ ئۆيى شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىچىدە، ئىمتىھانىمۇ شۇ مەكتەپتە ئېلىنىدىكەن، مەنمۇ ئاكاملارنىڭكىدە ياتسام بولار، — دېدى قادىر غادىيىپ تۇرۇپ.

— ئاكاڭ بىلەن تونۇشمەن. ئۆيىنىمۇ بىلىمەن. مەكتەپ مۇدىرى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ بەلگىلىگەن مېھمانخانىدىن

سىرتتا تۇرۇشىغا رۇخسەت يوق، دېدى، ماڭىمۇ ئامال يوق.

— مۇئەللىم، پۇلى يوقلار قانداق قىلىمىز؟ — قادىر بىر ئامالللارنى قىلىپ يوچۇق تېپىش ئۈچۈن مۇئەللىمدىن توختىماي سوئال سوراۋاتاتتى.

— گەپنى تولا شاخلاتما، سېنىڭ پۇلۇڭ يوق بولسا مەن بېرىمەن. ئاتاڭ تۈنۈگۈنلا، ئاكىسىنىڭكىدىمۇ، تاغامنىڭكىدىمۇ ياتمايدۇ، سىزنىڭ يېنىڭىزدا ياتسۇن، شەھەردىكى نەۋرە ئاكىسى بىلەن بىرلىشىپ كەتسە ئائىلەمنى مالەم قىلىدۇ، دېگەن ...

— مۇشۇ ئاتامنىزە !

— ئاتاڭ سېنىڭ قانداقلىقىڭنى بىلىدىغان بولغاچقا مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشۈپ قويغان گەپ.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ ئادەمنى قەپەسكە سېلىپ قويۇپ...

— ئاتاڭمۇ سېنىڭ غېمىڭنى يەپ شۇنداق قىپتۇ.

— سەن تەخەيگە نۇختا سالمىسا ئائىلەمگە بىر كېلىسەن ئەمەسمۇ !— دېدى غالىب قادىرغا چاقچاق قىلىپ.

ئۇلارنىڭ گېپىدىن ھەممىمىز كۈلۈپ كەتتۇق.ئارىدا بىلىپ ـ بىلمەي مايسەمگە قاراپ سالدىم، ئۇ يېنىدىكى قىزلار بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۈسۈلدىشىۋاتاتتى. مايسەم ماڭىلا ئەمەس، ھەممە ساۋاقداشلارغا ئوخشاشلا ئىللىق مۇئامىلە قىلاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى ياقتۇراتتىم. ئۇنى چىن كۆڭلۈمدىن ھۆرمەتلەيتتىم.

3

ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئاپامغا ئىمتىھان پۇلىنىڭ گېپىنى قانداق چىقىرىشنى بىلەلمەي بېشىم تازا قاتتى. مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە « ئىمتىھانغا قاتنىشىش كىنىشكا» پۇلى، «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەنتەربىيە ئىمتىھان» پۇلى، «مانېۋر ئىمتىھان سوئال پۇلى»، «ئوقۇش پۈتتۈرۈش خاتىرە سۈرەت پۇلى»، «دىپلوم

پۇلى»، «ئوقۇتقۇچىلارغا سوۋغا ئېلىش پۇلى»... دەپ ئاپامنى بەك قىيىن ئەھۋالدا قويغانىدىم. شۇلارنى ئويلاپ ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ كەتتىم. دېھقانلارنىڭ تازا ئۆزۈكچىلىك ۋاقتىدا ئەجەب پۇل، پۇللا دەپ كەتتىم. ئاپام 75 كويلا بەرسە قانداق قىلارمەن؟ مەنمۇ ئادەم بولغاندىكىن ئۇسسۇمايمەنمۇ؟ ئۇنى ـ بۇنى يېگۈم كەلمەمدۇ؟ باللار تېخى ھەممە ئىمتىھان تۈگىگەندە باغچىغا بېرىپ بىرەر سائەت ئوينايدىغانلىقىنىڭ گېپىنى قىلىشۋاتىدۇ. ئىشىك بېلىتىگە قاراپ تۇرسام بولماس. گازىرنىغۇ بىرەرسىدىن بىر سىقىم ئالسام بولىدۇ. شۇنى ئاياپ چاقسامۇ ... بولدىلا ئۇنداق تېگى چىقماس خىياللارغا بېرىلمەي. رەسىمگە چۈشكىچىلىكقۇ ئەخمەت تۆلىشېتەر... ئاپامغا قانداقمۇ پۇل دەرمەن؟

چىڭقى چۈش مەزگىلى بولغاچقا، ئىسسىققا چىداپ بولغىلى بولمايتتى. پۇتۇم تەرلەپ، قىزىپ كەتكەنىدى، ئايىغىمنى سېلىپ مېڭىپ باقتىم. پاھ، كونىلارنىڭ 6 ـ ئاينىڭ ئىسسىقىدا تۇخۇم كۆمسە پىشىدۇ، دېگىنى راستكەن. بۇنداق ئىسسىق قۇمدا ھېلىغۇ تۇخۇم ئىكەن، نېمىنىلا قويسا پىشقۇدەك. نەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا يەنە ئايىغىمنى كىيىۋالدىم.

ئىشىكتىن ناھايىتى ھارغىن كىرگەن بولسام كېرەك، خۇرشىدەم:

ــ ئاكا، ھېرىپ كېتىپسەن ـ ھە؟! مەن ياستۇق ئېلىپ چىقىپ بېرەي، بىردەم يېتىپ ئارام ئېلىۋال، ــ دېدى.

مەن ئۇ ئاچىقىپ بەرگەن ياستۇقنى بېشىمغا قويۇپ ياتتىم. ئۆچكە يۇڭىدا ئارغامچا ئېشىۋاتقان ئاپام مېنىڭ ھالىمنى كۆرۈپ كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكتى بولغاي، تاماقنى يەپ بولۇشۇمغا يېنىمغا چاقىرتتى.

ــ مىجەزىڭ يوقمۇ؟

ــ ياق.

ــ ئىسسىقتا چارچاپ قاپسەن ـ دە؟ !

— شۇنداق ئوخشايدۇ، ئاپا.
— ئىمتىهان بەرگىلى قاچان ماڭىدىكەنسىلەر؟
— ئەتە چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت ئىككىدە مېڭىپ بولىدىكەنمىز.
— قانداق ئورۇنلاشتۇردى؟ تۇغقانلارنىڭكىدە تۇرامدىكەنسىلەر؟
— ياق، ھەممە ئوقۇغۇچى بىردەك بىر مېهمانخانىغا چۈشىدىكەنمىز. شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار ياتىقىنىڭمۇ گېپىنى قىلىشىۋاتىدۇ. ئۈچ كۈنلۈك ياتاق، تاماق ۋە بېرىپ كېلىشنىڭ كىراسى ئۈچۈن 75 كوي پۇل تاپشۇرىدىكەنمىز. ئالدىنقى قېتىم نەچچە بالا تۇغقىنىنىڭكىدە تۇرۇپ كېچىكىپ قاپتىكەن، مەكتەپ مۇدىرى تۇغقانلارنىڭكىدە تۇرۇشقا ئۇنىماپتۇ...
— ياخشى ئويلاپتۇ. مەنمۇ شۇنىڭدىن غەم قىلىپ تۇرغانىدىم، پۇلدىن غەم قىلما، مەن بۇرۇنلا تەييارلاپ قويغان. بۈگۈن ياخشى ئارام ئال. ئۆگىنىش قىلمەن، دېمە. ھېلىمۇ تەييارلىقنى تازا قىلدىڭ، خۇدايىم بۇيرۇسا يۇقىرى نومۇر ئالارسەن.
كارىۋاتتا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئويغانسام بوۋام بىلەن مومام كىرىپ ئاپامنىڭ ئىشىغا ياردەملىشىۋېتىپتۇ.
بوۋامنىڭ قوللىرى ئارغامچا ئېشىشكە شۇنداق چېۋەر ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىن چىققان ئارغامچا زاۋۇتتا بىر قېلىپتا چىقتىمىكىن دەپ قالغۇدەك سىپتا ۋە چىرايلىق ئىدى.
خالىدەممۇ ئىنچىكىرەك بىر تال ئارغامچا ئەشمەكچى بولۇپ ئېشىپ باقتى. ئۇنىڭ ئەشكىنى ئارغامچا بولماستىن لاتا پۈرۈچتەك، ياق، قۇشقاچنىڭ چاڭگىسىدەك بىر نېمە بولدى. خالىدەم بوۋامنىڭ قوللىرىغا قاراپ ھەيران قالغان ھالدا قاراپلا قالدى.
— بوۋا، سەن ئارغامچا ئېشىش ماھىرى ئىكەنسەن جۇمۇ؟

شۇنچە چاقفان ئەشكەننىڭ ئۈستىگە ئەشكەن ئارغامچاڭ شۇنداق چىڭ، ئىنچىكە ـ تومىلۇقى شۇنداق تەكشى چىقىدىكەن.
ــ كىچىكىمىزدىن قىلىپ كېلىۋاتقان ئىش تۇرسا بۇ.
ــ بىزدەك ۋاقتىڭدىما، بوۋا؟
ــ ياق، ئوسماندەك ۋاقتىمدىن باشلاپ.
ــ ئوسمان ئاكا، كېلە، بوۋام سەندەك چېغىدا ئارغامچا ئېشىدىكەندۇق. سەنمۇ ئېشىپ باق.
ــ ئۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، قېنى بوۋا، ماڭا بېرە، مەنمۇ ئېشىپ باقاي.
ــ ئەسلىدىغۇ بۇ سىلەر ئۆگىنىپ قويساڭلار بولىدىغان ئىشتى. سەن ئوقۇشۇڭنى ئوبدان ئوقۇساڭلا بولدى بالام. ھە، راست، شەھەرگە قاچان بارىسىلەر؟ ھېلىقى ئىمتىھاننىڭ ۋاقتىنى دەيمەن؟
ــ ئەتە، سائەت ئىككىدە ماڭىدىكەنمىز.
بوۋام موماغا ئىشارەت قىلىۋىدى، موما چوڭ ئۆيگە چىقىپ بىر دەمدىلا يېتىپ كەلدى.
ــ بۇنى ئال. ياتاقتا يات، سەيدۇللا ئاخۇنلارنىڭ ئۆيىغۇ بار. ئۇلارنىڭ بۇ تەۋەلەرگە قاراپ قويمىغىنىغا نەچچە يىللار بولدى، تاماقنى ئوبدان يېگىن، مەن بىللە بارايمۇ يا؟
ــ بولدى، بوۋا. مەكتەپ ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. 75 كوي تاپشۇرساق ياتاق، تاماق، يول كىراسى ھەممىسىگە شۇ يېتىدىكەن.
ــ مانا، يۈز كوي، ئاله، ياق، دېمە. ئابابەكرىنىڭ ئىشى ماڭا شۇنداق ھار كەلدى. يا ئۇ چىش يېرىپ دېمەپتۇ. بۇ پۇلنى ساڭا ئاتاپ ئېلىپ قويغان. ئىمتىھاننى ئوبدان بەر. خەقتىن قالما. خەقتىن قالمايمەن دەپ ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپمۇ قويما. ياخشى ئادەم بول...
ــ سەن ئىمتىھان بېرىپ كەلسەڭ مەن ساڭا ئارغامچا

ئېشىش، قوي، ئۆچكە قىرقىش، ئات، ئېشەكلەرگە نوختا توگۇش... لەرنى ئۆگىتىپ قويىمەن.

ئۆگزە شۇنچە ھاۋالىق بولسىمۇ ھېچ ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئاكام گارموشكىنى چېلىپ تۇرۇشىغا ئاغىنىسى نۇرمۇھەممەت چاقىرغانىدى، ئۇنىڭ يېنىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۆگزىدە يېتىپ كۆكتىكى يۇلتۇزلارنى ساناپ باقتىم، ئادەم ئۇيقۇسى كەلمىسە، بىردىن يۈزگىچە سانىسا ئۇيقۇسى كېلىدۇ دېگەن گەپ بويىچە بىردىن يۈزگىچە ئەمەس، مىڭغىچىمۇ ساناپ باقتىم. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئۇخلىيالمىدىم. ئاتامنى خىيال قىلىپ قانداق چاغلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى سەزمەيلا قاپتىمەن. ئاپامنىڭ «ئوسمان، تۇرغىن بالام، تەييارلىقىڭنى قىلىپ قويدۇم، مەكتىپىڭگە ماڭ، كېچىكىپ قالما يەنە» دېيىشى بىلەن ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يۈز ـ كۆزلىرىمنى يۇيۇپ، ناشتىلىق قىلدىم. ئەتىكى ئىمتىھانغا تەييارلىق كۆرۈپ نەرسە ـ كېرەكلەرنى قاچىلىدىم. ئاپام بىلەن خوشلىشىپ ماڭاي دەپ ئاپامنىڭ يېنىغا كىرسەم، ئاپام كۆزلىرىدىكى ياشنى ئىتتىك سۈرتۈۋېتىپ ماڭا چاندۇرماستىن كۈلۈمسىرەپ:

— بالام، ئىمتىھان بەرگىلى يالغۇز ماڭدىڭ، ئاتاڭ بولغان بولسا ئۆزى ئاپىرىپ سېنى بىللە قايتۇرۇپ كەلگەن بولاتتى. جېنىم بالام، ئىمتىھاننى ياخشى بەرگىن، مۇئەللىمىڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، مەكتەپنىڭ سىرتىغا چىقما، — دېدى. ئاپام گېپىنى توگىتىپلا پېشانەمگە «ئاق يول بولسۇن» دەپ سۆيۈپ قويدى. مەن ئاپامنىڭ بۇ ئىللىق مېھرىدىن قايتىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولۇپ ئىنتايىن روھلىنىپ كەتتىم.

— خوش ئاپا، مېنىڭ خۇش خەۋىرىمنى كۈت، مەن چوقۇم سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلىمەن. مەندىن ئەنسىرىمە، ئىمتىھان توگىسىلا قايتىپ كېلىمەن، — ئاپام بىلەن خۇشلىشىپ تولىمۇ روھلۇق ھالدا مەكتەپكە قاراپ ماڭدىم.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## ئىمتىھان

### 1

مەكتەپ ئىچىدە ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا ئوقۇغۇچى يوق ئىدى. ئېلىۋالغان سومكىلىرىمىز بىر - بىرىمىزنىڭكىدىن ئېغىر ئىدى. بەزىلەر تۇغقانلىرىغا ئېلىۋالغان چوڭ - كىچىك يەشىكتىكى مېۋە - چېۋە قاتارلىق سوۋغا - سالاملار بىلەن يىراق سەپەرگە چىقىدىغان يولۇچىدەك كۆرۈنەتتى. كىمنىڭ ۋاقىتقا رىئايە قىلىدىغان، كىمنىڭ رىئايە قىلمايدىغانلىقى شۇ تاپتا مانا مەن دەپ بىلىنىپلا قالدى. مۇئەللىم بىزنى بىر يېرىمغىچە يىغىلىپ بولۇشنى ئېيتقانىدى، لېكىن، ھازىر سائەت ئىككى بولغان بولسىمۇ يەنە ئۈچ ساۋاقداش كەلمەيۋاتاتتى.

يولدا ئىچەرمىز، دەپ ئېلىۋالغان سۇلىرىمىزمۇ تۈگەپ قالدى. مۇئەللىم بۇنىڭدىن تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاپتوبۇس ئىگىسىنىڭ تاقىتى تاق بولدى بولغاي، بىردەم - بىردەم كابىنكىغا چىقىپ سىگنال بېرىپ باقاتتى. مۇئەللىمگە بىر نەرسە دەي دېسە، بۇنداق كۆپ يولۇچىدىن قۇرۇق قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى. باشقا كىراكەشلەر بولسا ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن يانمايتتى.

ئاخىر ھېلىقى ئۈچ ساۋاقدىشىمىز كەلدى. سىنىپ مەسئۇلىمىز ھاسان مۇئەللىم بىلەن نۇرجان مۇئەللىم ئىككىسى

ئۇلارغا ئاچچىقلىنىپ كەتتى.

— قاراڭلار، سائەت نەچچە بولدى؟ ھەممىمىز سىلەرنى ساقلاپ كەتتۇق.

— سائەت مانا ئەمدى بىر يېرىم بولدى.

— ئۆزۈڭنىڭ سائىتىڭىلا قارىغۇچە باشقىلاردىنمۇ سوراپ باقساڭ بولماسمىدى؟ ئىمتىھان باشلانماي تۇرۇپ كېچىكتىڭلار. مەن سىلەرگە دېدىمغۇ، ھەممىڭلاردا بىردىن سائەت بولسۇن، دەپ، ئۇنى بىز زېرىكىپ قېلىپ دېگەن گەپ ئەمەس...

— قېنى، ئاپتوبۇسقا يوقلىما نومۇرۇڭلار بويىچە چىقىڭلار.

— كىم بۇرۇن كەلگەن بولسا، شۇ چىقسا بولاتتى.

— قىزلار بۇرۇن چىقسا بولاتتى دېگىنە!

— ئىككى ئاپتوبۇسقا قانداق پاتىمىز؟ سەل كىچىك ئىكەن بۇ ئاپتوبۇسلار.

— تولا گەپ قىلىشماي چىقىشە، كېچىكىپ كەلگىنىڭنى ئاز دېگەندەك يەنە نېمە تولا گەپ بۇ!

بىز قىستىلىشىپ ئاپتوبۇسقا چىقتۇق. ئاپتوبۇسقا ئاۋۋال چىققانلار خۇشال بولۇشساق، تۆۋەندىكىلەر بىزگە قاراپ تەلمۈرۈشەتتى.

— توشۇپ كەتتى، ئەمدى چىقمىسۇن!

— ئامال يوق، ئوتتۇرىدا تۇرۇڭلار!

— جىمبىلغا مانتا تىزغاندەك سېلىۋەردىغۇ؟

— ھېسىپ تىققاندەك دېگىنە.

— قاتناش قائىدىسى دېگەننى بىلمەمدىكىن.

— ئاستا گەپ قىل، ھاسان مۇئەللىم ئاڭلاپ قالمىسۇن.

— ئاڭلىسا ئاڭلىسۇن، بىخەتەرلىك بىرىنچى!

— چىڭ تۇرۇڭلار!

ئىسسىق دەستىدىن تەرلەپ، نەپەس ئالالماي قالغاننىڭ ئۈستىگە، قىيا - چىيا ۋارقىراشلار، كىملەرنىڭدۇر چاقىرىشلار، كۈلۈشكەن ئاۋازلار ئاپتوبۇس ئىچىنى بىر ئالدى.

— شەھەرگە قانداقمۇ بارارمىز؟ نېمىدېگەن قالايمىقانچىلىق بۇ.
— مېڭىپلا كەتسە ئۇڭشىلىدۇ.
— دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىڭلارچۇ؟ سېسىپ قالمايلى يەنە.
— ئىسسىقتا پىشىپ قالاي دېدۇق، ماڭسا بولمامدۇ.
ئاپتوبۇس ئاستا قوزغالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئاپتوبۇس ئىچىمۇ سەل جىمىقىپ قالدى.
ئاپتوبۇس قوزغىلىپ يېزا مەركىزىگە كەلگەندە دېرىزىلەردىن ھاۋا ئۆتۈشۈپ ئاپتوبۇس ئىچىنىڭ ھاۋاسىمۇ ئوڭشالدى. ئاپتوبۇس توختىماي مېڭىپ پارچە - پارچە بوستانلىقلاردىن ئۆتتۇق. ئۇلار ئىدىقۇت ۋادىسىنىڭ يۈرىكى — كارىزلار ئىدى. دېرىزىدىن كىرگەن ئىسسىق شامال يۈزۈمنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. ئېلىۋالغان بىر بوتۇلكا سۇنى ئىچىپ بولساممۇ تامىقىم يەنىلا قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەتراپقا قارىسام بىرەرسى سۇ ئىچەي دېمەيتتى. سۇ ئىچكەن بولسا، مەنمۇ بىر يۇتۇم ئىچىۋالغان بولسام... شۇ ئارىدا سەمەت سۇ ئىچىشكە تەمشەلگەندى، دەرھال ئۇنىڭغا يېلىندىم.
— سەمەت، سۈيۈڭدىن ئازراق ئىچەيچۇ؟
— ئۆزۈڭنىڭكىنى ئىچ!
ئۇ چاقچاق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلۈمگە قاتتىق تەگكەندى. ئارقىدىنلا ئۇ: «چاقچاق قىلىپ قويدۇم، مانا ئىچە» دەپ سۈيىنى تەڭلىۋىدى، شۇنداق ئىچكۈم بولسىمۇ ئىچمىدىم. بىر چاغدا بىرەيلەن ئارقامدىن بىر بوتۇلكا سۇ تەڭلىدى. كىمنىڭ سۈيى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىچمەيمەن، دېگەنىدىم. بىراق سەمەتكە كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، كىمنىڭ بەرگىنىگە قارىماستىنلا غورتۇلدىتىپ ئىچتىم. بوتۇلكىنى سۇنۇپ بېرەي دەپ قارىسام مايسەم ئىكەن، خىجىللىقتىن ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتىم.
— بولدى، مەندە يەنە بىر بوتۇلكا سۇ بار، سەن ئىچىۋەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئاپتاپ يەردە ئولتۇرۇپ قاپسەن، ئاسان ئۇسسايسەن، — دېدى مايسەم.
— رەھمەت، — خىجىللىقتىن ئاران شۇ گەپنىلا دېدىم.

شىغىللىق سايدا چۆل ئۆسۈملۈكلىرى ئاندا ـ ساندا ئۈنۈپ قالغانىدى، ئالغۇن خۇددى تاشقىنلاپ ئېقىۋاتقان دەريادەك كۆرۈنەتتى. نەدىندۇر كەلگەن خادا قۇيۇن دېرىزىدىن كىرىپ ئاپتوبۇس ئىچىنى چاڭ ـ توزانغا كۆمۈۋەتتى.

— دېرىزىلەرنى ئەتسەڭلار بولمامدۇ! — دېدى قىزلار چۇرقىرىشىپ.

— دېرىزىنى ئېتىپ بولغۇچە كىرىپ بولدى.

— شەھەرگە گۆردىن چىققاندەك بولۇپ بارىدىغان بولدۇق.

— ئوغۇللارغا نېمە بولاتتى، بولغۇلۇق قىزلارغا بولدى دېسىنا.

— هە، قېيۇمجان، قىزلارغا نېمە بوپتۇ؟

نەچچە قىز قېيۇمغا چۈجىسىنى قاراملىغان مېكىياندەك تەڭلا ھۇرپىيىشتى.

— نېمە بولاتتى. يۈزۈڭلارغا سۈرگەن مايغا توپا قونۇپ «ئايدەك» چىرايىڭلار لايدەك بولىدۇ ـ دە !

ئاپتوبۇستا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. نەچچە قىز يۈزلىرىنى ئېتىپ تەتۈر قارىۋېلىشتى. مەن مايسەمگە قارىدىم. ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن تەر تامچىلاپ ئېقىۋاتاتتى. يېڭىمدىكى رىشتىقا ئوتتۇرىدا تۇرغانلار ھېرىپ قالدى، بىردەم ئالمىشايلى، دەپ پىچىرلىۋىدىم، ئۇمۇ قوشۇلدى.

كۈتكىنىمدەك مېنىڭ ئورنۇمدا مايسەم ئولتۇردى. ئۇنىڭ قوڭۇر چاچلىرى دېرىزىدىن كىرگەن شامالدا يەلپۈنۈپ، قۇياش نۇرىدا شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنەتتى. مەن دېرىزىدىن سىرتقا قارىغان بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنىڭ ئەپچىل ھەرىكەتلىرىنى كۆزەتتىم.

مەن ئىمتىھان بەرگىلى كېتىۋاتىمەن. دىققىتىمنى يىغاي. مەن دېگەن نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۇلۇغ ئىستەكلىرىنى ئېلىپ كېتىۋاتىمەن. شۇئان كەلسە ـ كەلمەس خىياللاردىن ئۆزۈمنى

قاچۇرۇپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا گۈزەل ئارمانلارنى يۈكۈپ يىراقلارغا كۆز تىكىپ ماڭدىم.

## 2

مەكتەپ مۇدىرى مىنى تەستە شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىنى ئۈچ كۈنلۈك ئالدى. كۆپىنچىمىز خۇشال بولدۇق. مۇئەللىملەرنىڭ يول باشلىشى بىلەن شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قورۇسىغا كىردۇق. مەكتەپ ئالدى ئادەم دېگىنى ئىدى. تۆت قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان كانايدىن ئىمتىھان بېرىش، ئىمتىھان ئېلىش بەلگىلىمىلىرى ئاڭلىتىلماقتا ئىدى. بىز بىردەم ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ يۈز ـ كۆزىمىزنى يۇيۇپ مەيدانغا چىقتۇق. بۇ مەكتەپنىڭ مەيدانى بىزنىڭ مەكتەپنىڭ مەيدانىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ ئىدى. مەيدانى چۆرىدەپ قويۇلغان قوش تورنىك، يالاڭ تورنىكلار رەت ـ رېتى بىلەن ئورنىتىلغانىدى. بىزنىڭ مەكتەپتە يالاڭ تورنىكتىن ئاران بىرى بار ئىدى. قوش تورنىك يوق ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ ۋاسكېتبول مەيدانىدىنلا تۆتى بار ئىدى. مەن ياتاقتا كىرىپ كېتىپ بىر ئاز بولسىمۇ كىتاب كۆرۈۋېلىش ئىستىكىدە ياتاققا قاراپ ماڭدىم، ياتاق بىناسىدىن بىزنىڭ سىنىپتىكى قىزلار توختىماي كۈلۈشۈپ چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مايسەمۇ بار ئىدى.

يالاڭ تورنىككە ئېسىلىپ تۇرغان نەجمىدىن ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن نەچچە موللاق ئاتتى. قىزلار ئۇنىڭ ماھارىتىگە ئاپىرىن ئېيتىشتى.

— ئوسمان، سەن «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»، تەنتەربىيىدىمۇ ياخشى بولساڭ «تۆتتە ياخشى ئوقۇغۇچى » بولاتتىڭ. تورنىككە ئېگىزلىكنى ئۇننى ئېلىپ باقە.

تۇرۇپلا ئۇلارغا ئۆزۈمنى كۆرستىپ قويۇش ئىستىكى تۇغۇلدى. – دە، كەينىمگە يېنىپ تورنىكنىڭ قېشىغا كەلدىم، مەن قىزلار قاراپ تۇرغاندا ئەڭ ئۆلچەملىك ھالدا تورنىككە ئېڭىكىمنى ئون قېتىم تەگكۈزدۇم. ئاخىرىدا ئىككى تەرەپكە ئۇچۇپ سەكرەپ چۈشەي دەپ ئۆزۈمنى بىر قويۇۋەتمەيمەنمۇ، ئىسسىقتا تەرلەپ كەتكەچكە ئوڭ قولۇم سەل بالدۇر چىقىپ كېتىپ يەرگە گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشتۇم.

نەجمىدىنلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشتى. بايا يىقىلغاندا كالپۇكۇمنى چىشلىۋالغان بولسام كېرەك، ئاغزىمدىن قان ئاقماقتا ئىدى. مەن مايسەمگە قارىدىم، قورقۇپ كەتكىنىدىن ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى. مەن ئاغرىقنى ئىمكانقەدەر بىلىندۇرمەي ياتاققا قاراپ ماڭدىم. مايسەم بىلەن شاھادەت نەجمىدىنلەر بىلەن بىللە مېنى ياتاققا ئەكىرىپ قويۇپ بايا يىقىلغاندا توپا بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىمنى مايسەم ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي، يۇيۇپ بېرىمەن، دەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

كەچتە بالدۇرراق ئۇخلاي دەپ يوتقانغا كىرىۋالدىم، كۆزۈمنى ھەر قانچە يۇمساممۇ ئۇيقۇم كەلمەيۋاتاتتى، شۇ ئارىدا پات – پات سائەتكە قارىدىم. مۇئەللىم ۋاقىتنى مۆلچەرلەيدىغانغا ھەر بىرىڭلار بىردىن سائەت ئېلىۋېلىڭلار، دېگەندىن كېيىن مەن كىچىك ئاتامنىڭ سائىتىنى ئارىيەتكە ئېلىپ تاقىۋالغانىدىم.

جىمجىت كېچە. مەن يەنە ئاتامنى ئويلاپ قالغانىدىم. ئاتام ھازىر نەدە، نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ ئاپامچۇ؟ مېنىڭدىن ئەنسىرەپ تۇزۇك ئۇخلىيالماي يۇلتۇزلار بىلەن مۇڭدىشىپ، يۇلتۇز ساناپ ياتامدىغاندۇ؟... راست، يۇلتۇزلارغا قاراپ باقاي. مەن دېرىزە تۈۋىگە كەلدىم. كېچە ئاسمىنىنىڭ سۈزۈكلۈكى، يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلىشى بوستانكارىزنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. ئۇستۈنكى قەۋەتتىمۇ ماڭا ئوخشاش ئۇيقۇسى قاچقان بىرى بولسا كېرەك، ساپما كەش بىلەن شاپاشلاپ ماڭغان ئاۋاز ئاڭلاندى.



سەھەر يەنە ھەممىدىن بۇرۇن ئويغىنىپتىمەن. باشقىلارمۇ بىر-بىرلەپ كەينىدىن بىرى ئويغىنىپ سۇخانىغا چىقىپ كېتىشتى.

بۈگۈن بىرىنچى بولۇپ ئەدەبىياتتىن ئىمتىھان بېرەتتۇق. ئەدەبىيات نومۇرنى ئاۋۇتقىلى بولىدىغان پەن، چوقۇم ياخشى بېرەي، ئىشنىڭ باشلىنىشى ياخشى بولسا ئاخىرىمۇ ياخشى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟! مەن شۇلارنى ئويلاپ كىتابنى ۋاراقلاپ ئولتۇراتتىم، سۇلايمان توساتتىن:

— ئوسمان، سەن ئۈگىنىش قىلمىساڭمۇ بولىدىغۇ؟ سېنىڭ ئۈگىنىش قىلغىنىڭنى كۆرۈپ مەن جىددىيلىشىپ قېلىۋاتىمەن، — دېدى.

— شۇنى دېمەمسەن، ئۇنىڭ ئۈگىنىش قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ مەنمۇ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى ئەھەت.

ياتاقتىكىلەرمۇ بىر - بىرلەپ قولىغا كىتاب ئالدى، ھەممىمىز ئۈگىنىش قىلىپ ئولتۇرغاندا سىنىپ مەسئۇلىمىز ھاسان مۇئەللىم كىرىپ كەلدى.

— بۇرۇنلا مۇشۇنداق ئۈگىنىش قىلغان بولساڭلار بولماسمىدى؟ ياخشى، ياخشى، قېنى تاماققا ماڭىمىز، تەييارلىنىڭلار.

بىز تاماققا ماڭىدىغان چاغدا مايسەم بىلەن شاھادەت مېنىڭ كۆڭلىكىمنى ئېلىپ كىردى.

— رەھمەت، — شۇ بىر ئېغىز گەپنى دېگۈچە ئاۋازىمنىڭ تىترىگەنلىكىنى ئۆزۈملا ھېس قىلدىم.

— قىزلار كۆڭلىكىمنى يۇيۇپ بېرىدىغان ئىش بولسا، مەنمۇ يىقىلىپ كەتكەن بولاتتىم. ئىسسىت، ئوسمان يىقىلغۇچە مەن يىقىلسامچۇ؟ — دېدى ئەھەت چاقچاق ئارىلاش.

— سەن يىقىلساڭ ئەسكى تام ئۆرۈلگەندەك يىقىلىسەن. بىر يېرىڭ سۇنمىسىمۇ...

— بولدى، قاغا قاق دېمەستە شۇم ئېغىزلىق قىلما!

مۇئەللىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تاماق يېگىلى

ماڭدۇق. مەكتەپ هويلىسى ئىچىدە ئۆگىنىش قىلىۋاتقانلار كۆپ ئىدى. سەھەرنىڭ ساپ هاۋاسىدا كەڭرى مەكتەپ هويلىسىدا توپ ـ توپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىلغان مەنزىرىسى ماڭا ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە بولۇپ كۆرۈندى. مەنمۇ مۇشۇنداق شارائىتى ياخشى مەكتەپتە ئوقۇسام نېمىدېگەن ياخشى ـ هە !...

3

مانا تۆت پەندىن ئىمتىھاننى بېرىپ بولدۇم. هەرقايسى پەنلەرنى شۇنداق ياخشى بەردىم. ئەمما شاهادەتكە دەپ بېرىدىغانغا ۋاقىتمۇ چىقمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى كومىسسىيە نەچچە قېتىم ئاگاهلاندۇرۇش بېرىپ تۇرغاچقا مەن شاهادەتكە قاراشقىمۇ پېتىنالمىدىم. ئەڭ ئالدىدىكى پارتىدا ئولتۇرۇپ ئىمتىھان بېرىۋاتقان مايسەمگە قاراپ قويغىنىمنى هېسابقا ئالمىغاندا هېچكىمگە قارىمىدىم. شاهادەتمۇ نەچچە قېتىم چاقىرىپ بېقىپ، كومىسسىيىنىڭ ئاگاهلاندۇرۇشى بىلەن جىمىپ قالدى. مەنمۇ كىچىك باغاقچىنى ئۇنىڭغا بېرەي دەپ تۇرۇشۇمغا كومىسسىيە تارتىۋالدى.

ساۋاقداشلار بىر ـ بىرلەپ ياتاققا يىغىلىپ ئىمتىھان ئۈستىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىشقىلى تۇردى، ياتاقتا ساۋاقداشلار شۇنچە خۇشال پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، تۇرۇپلا بازارغا چىقماقچى بولۇپ قالدۇق.

— شەھەرگە كەلدۇق، ئۆيدىكىلەرگە سوۋغا ئالىدىغانغا هەرقاچان ئەتە ۋاقىت چىقمايدۇ. ئىمتىھان تۈگىشىگىلا مۇئەللىملەر كېتىشكە ئالدىرىتىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ بازار ئارىلىۋالمايمىزمۇ؟

— توختاڭلار! مەن ئاۋۋال مۇئەللىمگە قاراپ باقاي. ياتىقىدا بولمىسا ئاندىن چىقايلى.

— راست، مۇئەللىمگە قاراپ باق. مۇئەللىملەر ياتىقىدا

بولمىسىلا بازارغا ھۆررا !

— ئاۋۋال رەسىمخانىغا بېرىپ رەسىمگە چۈشۈۋالايلى.

— راست، ئۇسمانىنىڭ كالپۇكىنىڭ ئىششىقىمۇ ياندى. بولمىسا جۇباجىدەك تۇمشۇقىنى ئېتىۋېلىپ چۈشەتتىمكىن ـ تاڭ، بۇ ئاداش.

— قىزلارنىمۇ چاقىرىۋالايلى !

— قىزلارنى چاقىرىدىغانغا ئەخمەت بار.

بىز بىرلىكتە بازار ئارىلاپ ئالىدىغان نەرسىلەرنى ئالدۇق. مەن بوۋامغا ئاپئاق شاپاق دوپپا، مومامغا چىرايلىق تەسۋى، ئاپامغا ياغلىق، ئاكامغا قەلەمتىراچ، ئىككى سىڭلىمغا چىرايلىق پايپاق ۋە چاچ قىسقۇچ، لېنتا ئالدىم. كەچ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. مۇئەللىم ئورۇنلاشتۇرغان ئاشخانىغا كېلىپ غىزالانغاندىن كېيىن رەسىمخانىغا بارماقچى بولدۇق.

بىز سۈرەتكە تارتقۇچىدىن ئەتە يېزىمىزغا قايتقۇچە سۈرەتنى ئۆلگۈرتۈپ يۇيۇپ چىقىرىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن سۈرەتكە چۈشۈپ، باغچىغا كىردۇق. باغچىنى ئايلىنىۋېتىپ ئەخمەتنىڭ بىر مەھەللىلىك ئۈچ بالا بىلەن پىۋا ئىچىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق، ئەخمەتمۇ بىزنى كۆرۈپ يېنىغا چاقىردى.

— كەلمەمسىلەر؟ ئادەم يېمەيدۇ بۇ ئاغىنىلەر. ھەرقايسىڭنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قوياي.

— ئەخمەت، ھاسان مۇئەللىم كېلىۋاتىدۇ!

— مېنى قورقۇتمەن دېمەي ئىشىڭنى قىل !

ئەخمەتكە گەپ كار قىلمىدى. بىز ئۇنى قانداق قىلىپ يېنىمىزغا ئېلىپ كېلىشنىڭ كويىدا ئىدۇق، ئۇ بولسا ھە دەپ بىزنى كىچىك بالا كۆرۈپ سۆزلەپ ئاۋارە ئىدى. ئالىم بارماقچى بولغاندى، ئۇنىمىدۇق. قانداق قىلىش كېرەك؟ بىز ئويلىنىپ باغچىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇنى ساقلاپ تۇردۇق. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئەخمەت كۆزلىرى قىزارغان ھالدا مەھەللىلىكلىرى بىلەن

چىقتى. شۇ چاغدا ئاغىنىلىرىدىن بىرى:
— ئىمتىھانىڭنى بېرىپ بىزنىڭ ناۋايخانىغا كەل. ھازىر ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن ياتىقىڭغا كەت. ئەتە كۆرۈشەيلى... ئۇدۇل ناۋايخانامغا بار ـ ھە! — دەپ قالغان ئىككىسىنى باشلاپ كېتىپ قالدى.
بىز ئەخمەتنى ناھايىتى تەستە ئېلىپ ماڭدۇق. ئۇ تولا سۆزلەيتتى. تۇۋا، ئوقۇغۇچىلار قائىدىسىنى بىلمەمدىكىن ئۇ؟ بىز ھاسان مۇئەللىمنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ كېتىۋاتساق ئەخمەت ۋارقىراپ سۆزلىگىلى تۇردى.
— ئەخمەت، ئاستا گەپ قىل!
— ۋارقىراپ گەپ قىلىمەن، قانداق! ؟ ... سەن گۇيلارنى يېقىن ئاغىنىلىرىم، دوستلىرىم دەپ يۈرسەم مېنى كۆزگە ئىلىشمىدىڭ. بىر رومكىدىن پىۋا ئىچكەنگە نېمە بولاتتىڭلار.
— بولمايدۇ، ئەگەر سەن يەنە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭ دوستلۇقىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن...
بىز ئەخمەتنى يۆلەشتۈرۈپ مىڭ تەستە ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدۇق. ئارىدىن بىرى مۇئەللىمنىڭ ياتىقىغا قاراپ باقايلى دەپ چىقىپ كەتتى. مۇئەللىملەرنىڭ بىزنىڭ دېرىكىمىزنى قىلىپ ياتاققا تولا كىرىپ، جىلە بولۇپ تۇرغانلىقىنى قوشنا ياتاقتىكى ساۋاقداشلاردىن ئۇقتۇق. مۇئەللىملەر قىزلار ياتىقىنى تەكشۈرگىلى چىقىپ كەتكەندە بىز غىپپىدە كىرىۋالدۇق.
ھېلىمۇ ياخشى مۇئەللىملەر ياتاق تەكشۈرۈپ كىرگەندە ئەخمەت ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالغاندى. خۇداغا شۈكرى، بۇ ئىش تىنچ ئۆتۈپ كەتتى.
ھەممەيلەن ئۇخلاشقا تەييارلىنىۋاتقاندا ئاكام بەرگەن گارموشكىنى سومكامدىن ئېلىپ چېلىشقا باشلىدىم. چالغان مۇزىكامنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپ قېلىشتى.
— قاچانلاردا ئۆگەندىڭ، ئاداش بۇنى؟ — سورىدى ئەھەت

ھەيرانلىق ئىلكىدە.

— ماڭىمۇ ئۆگىتىپ قوي. ئەتىلا بىرنى ئالاي، — دېدى نەجمىدىن ئارقىدىنلا.

— مەن، مەن...

— نېمىگە دۇدۇقلايسەن. يەنە بىر پەدە چالە، ئادەمنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەن.

ياتاقتىكىلەرنىڭ تەلپىي بويىچە ئۇلارغا مۇڭلۇق مۇزىكىدىن بىرنى چېلىپ بەرمەكچى بولۇۋىدىم، ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئەخمەت ئويغىنىپ كېتىپ ئالىتاغىل سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرەي.

— سەن ئۇيقۇڭنى ئۇخلىساڭ بولامدىكىن، — ئەھەت ئەخمەتنى ئۇخلاشقا زورلىۋىدى، ئۇ ھېچكىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماستىن ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلاتتى:

— ئۇيقۇنى ئۇخلاپ بولدۇم. ناخشا ئېيتىپ كۆڭلۈمنى ئاچىمەن. قېنى ئوسمان، چاله. مېنىڭ يۈرىكىمنى سۆغىرىدىغان ناخشىغا چال ! ئەمىسە مەن ناخشىسىنى باشلىدىم:.

غېرىب - سەنەم بىز،
لەيلى - مەجنۇن بىز.

...

— يارايسەن ! يەنە بىرنى ! — ياتاقتىكىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنى زاڭلىق قىلىشىۋاتاتتى.

مەن بازارغا بارمايمەن،
كۆڭلۈم بازارنى تارتىدۇ.

...

بىز بىردەم ئەخمەتنىڭ ئالىتاغىل ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ جىمىقتۇرۇپ، بىردەم بولسىمۇ كىتاب كۆرەيلى دەپ كىتابلارنى چىقىرىشىپ ئۆگىنىش قىلىشقا

كىرىشىپ كەتتۇق.

مېنىڭ خىيالىم نېمىشقىدۇر چېچىلىپ كېتىۋاتاتتى. ھېچ ئۆگىنىش قىلالمايۋاتاتتىم. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ياتاق بىناسىدىن چىقىپ، مەيداننىڭ چېتىدىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ گارموشكىنى چېلىشقا باشلىدىم. كۆز ئالدىمدىن ئاتامنىڭ سىيماسى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتمەكتە ئىدى، ئويلىغانسېرى خىيالىمنىڭ ئاخىرى چىقمايۋاتاتتى. ئالاھەزەل بىرەر سائەتلەر ئولتۇرغان بولسام كېرەك، مەكتەپ ئىچى تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى. كېيىن ياتاققا قايتىپ كىردىم. ياتاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. مەنمۇ شەپە چىقارمايلا كارىۋىتىمغا چىقىپ ياتتىم.

ئەتىسى ھەممىمىز يەنە مۇئەللىمنىڭ باشچىلىقىدا ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ يېزىمىزغا قاراپ ماڭدۇق. يولدا كېلىۋاتقۇچە ئىمتىھاننى قانداق بەرگەنلىكىمىز توغرىسىدا بەس - بەس بىلەن پاراڭلىشىپ يېزىمىزغا كېلىپ قالغانلىقىمىزنىمۇ تۇيماي قاپتۇق. ئايرىلىدىغاندا ھەممىمىز بىر - بىرىمىزگە ياخشى تىلەك، ياخشى نەتىجىلەرنى تىلىشىپ خوشلاشتۇق.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# ئاتا ئىزىدىن

### 1

بۇ يىل ئۈزۈملەر بۇلتۇرقىدىنمۇ ئوخشىغانىدى. بىراق ئىسسىق دەستىدىن بەزى تەكلەردىكى ئۈزۈم بەكرەك سارغايغان بولسا، بەزى تەكلەردىكى ئۈزۈمنىڭ ئۇيەر ـ بۇ يەرلىرى قورۇلۇشقا باشلىغانىدى. سېلىم سالتاڭنىڭ دۈكىنىنىڭ ئالدىدا ئۈزۈم ئۈزۈش توغرۇلۇق پات ـ پات ھەر خىل پاراڭلار بولۇپ تۇراتتى.

— ھەي، ئۈزۈمنى ئۈزمىسەك بولمىدى، سارغىيىپ كېتىۋاتىدۇ، ھۆل ئالىدىغانلار بولسىغۇ تازا ياخشى بولاتتى.

— سارغايغان ئۈزۈم دېگەن ھەسەلدەك تاتلىق بولىدۇ. ھۆل ئالىدىغانلار كۆپكۆك، تەمى يوقنى ئالىدىغانغا ئامراق ئىكەن.

— شۇ ئەمەسمۇ، بىز بۇ يەردە ئۈزۈمنى شەربەتتەك توشقۇزىمىز دەپ ئاۋارە، ئۇ خەق ئاچچىق ـ چۈچۈك دەپ يېڭى چېكىلگەن ئۈزۈمنى تالىشىپ ئالىدىكەنغۇ تاڭ.

— ئۇنىمۇ دېدۇق، بۇنىمۇ دېدۇق. ئابلىز بولغان بولسا، بۇنداق كۆمسەم پىشارمۇ، ياقسام پىشارمۇ دەپ ئولتۇرمايلا بىر ئىش قىلاتتۇق.

— شۇنى دەيمەن، ئۆز ۋاقتىدا ئابلىزنىڭ قەدرىگە ئەجەب يەتمەپتىكەنمىز. تېخى ئۇنىڭغا ئۈزۈم ساتماي، تېرەككارىزدىكى سېيىت كۆك كۆزگە نەچچە موچەن ئەرزانغا ساتقىنىمىز...

ئىسسىت، ئابلىز قويمىچىغا ئۇچراپ يىقىلغانىدا، ئۆيىمدىكىلەرنىڭ قىلىپ كەتكىنىمىز... ھېلىقى چاغدا ئۆيىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاندەك، گىلەم ـ پىلەملەرگىچە ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئېلىۋالغىنىنى دەيمەن.

ـــ ئازمايدىغان ئادەم يوق، ئادەم دېگەننىڭ شۇنداق ئازىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. ئۇ چاغلاردا ھەممىمىزنىڭ كۆزى كىچىك، نادان ئىدۇق. مانا قولىمىزغا يىلدىن ـ يىلغا پۇل كىرىۋاتىدۇ. كۆزىمىز ئېچىلدى... شۇنىڭغا قارىغاندا پۇلمۇ يامان نېمە ئەمەس ئىكەن جۇمۇ؟

ـــ بۇ كارىزدىن ئابلىزدەك بىر ئوغۇل بالا چىقمىغۇدەك جۇمۇ؟

ـــ راست دەيسەن. ئەتىدىن ـ كەچكىچە قۇرۇق پو ئاتىدىغان، خەقنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغانلار چىقىۋاتىدۇ.

ـــ ئۆزۈڭنى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويماي پاراڭ سالە.

ـــ نېمىلا دېگەنبىلەن ئابلىزنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈۋاتىدۇ.

مەن بۇنداق گەپلەردىن ئاتامنىڭ ماختالغانلىقىنى ئاڭلىسام ئاپامغا ئېقىتماي ـ تېمىتماي يەتكۈزەتتىم. ئاپاممۇ كارىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئاتامنىڭ قەدرىگە يېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاچان بىلگەچكە مېنىڭ ئالدىمدىلا خۇشال بولۇپ قويىدىغانلىقىنى كېيىن ھېس قىلدىم. ئاپام ئاتام توغرۇلۇق بولغان گەپنى ئاڭلىغان چېغى، يەنە كۆزلىرى يىغا دەستىدىن قىزىرىپ قالغانىدى. ئاپام ھەر قېتىم ئاتام توغرۇلۇق ئۆسەك گەپلەر چىقسا ئۆيدە يالغۇز يىغلىۋالىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئۇزۇم ئۈزۈش ياكى ئۇزۇمەسلىككە بوۋاملار بىرلىككە كېلەلمەي قالدى.

ـــ بۇنداق بالدۇر ئۈزسەك ئۇزۇم شاكال قۇرۇپ قالىدۇ، جىڭ باسمايدۇ. ئۇ چاغدا تارتىدىغان زىيان بەك كۆپ بولۇپ كېتىدۇ.

— مېنىڭچە ئۇزۇملەرنىڭ سارغىيىپ بوز قورۇپ قېلىپ، باھاسىنىڭ چۈشۈپ كەتكىنىدىن، شاكال قورۇپ باھاسىنىڭ ئۆرە بولغىنى ياخشىمىكىن دەيمەن.

— مېنىڭچە بالدۇر ئۈزسەك بولارمىكىن، قورۇغان ئۈزۈم جىڭ باسمايدۇ، كېيىن ئۈزسەك ئۈزۈملەرنىڭ ئاستى لىرتىلداشقا باشلايدۇ، ئۇنداق ئۈزۈم قوتۇر قورۇيدۇ، بۇنىڭ زىيىنىمۇ يامان، ئىشقىلىپ بۇ يىل ئۈزۈمدىن بىزگە زىيان بار.

بوۋام ئاپامغا نېمە دېدىكىن، ئەتىسى تۇغقانلار يىغىلىشىپ ئۈزۈم ئۈزىدىغانغا كېلىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاۋۋال بوۋاملارنىڭكىنى ئۈزۈشكە باشلىدۇق.

مانا بىزنىڭ ئۈزۈمنى ئۈزۈش نۆۋىتى كېلىپ، ئولاش - چولاش ئۈزۈم ئۈزۈشكە باشلىدۇق. چۈنچىمىزدىكى ئۈزۈم بىر چاقچا كۆپەيسە ئاپامنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق تىنىق ئاسماندىكى تولۇن ئايدەك يورۇپ كېتەتتى. مەن ھەر يىلى نەچچە چاقچا چىققانلىقىنى چۈنچىنىڭ ئىشىكى يېنىدىكى كېسەككە يېزىپ قوياتتىم.

— ئاپا، بۇلتۇرقىدىن نەق 33 چاقچا ئارتۇق چىقتى. ھەر بىر چاقچىدىن ئون كىلودىن قورۇسىمۇ...

— ئۇنچىلىك قورۇمايدۇ، بالام. بۇ يىل ئۈزۈمنى ئادەتتىكى يىللاردىكىدىن ئون كۈن بۇرۇن ئۈزدۇق.

— ئون كۈننىڭ كارايىتى چاغلىق، — دېدى ئاكاممۇ مېنىڭ گېپىمنى قۇۋۋەتلەپ.

— سىلەر بىلمەيسىلەر، بىر كۈن بۇرۇن ئۈزگەن ئۈزۈم بىلەن بىر كۈن كېيىن ئۈزگەن ئۈزۈمنىڭ قورۇشىدا پەرق بولىدۇ. شۇڭا بوۋاڭلار ھەر يىلى ئاۋۋال ئۆزىنىڭكىنى ئۈزۈپ بولۇپ، ئاندىن بىزنىڭكىنى ئۈزۈشتە چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ. بىزنىڭكىنى كۆپرەك پۇل بولسا دەيدۇ...

— مەن تېخى بوۋامدىن، نېمىشقا ئاۋۋال بىزنىڭكىنى

ئۇزدۇرمەي، ئۆزىنىڭكىنى ئۇزدۇرىدىغاندۇ، بۇۋامنى شەخسىيەتچىكەن، دەپ ئويلاپ قاپتىكەنمەن، — دېدى ئاكام مەيۈس هالدا.

— بوۋاڭ ئۇنداق باشقىلارغا يامانلىق قىلىدىغان ئالا كۆڭۈل ئادەم ئەمەس. خىزىردەك پاك، ئوچۇق ئادەم. قارىسىغا بىر گەپلەرنى دېمەڭلار، بالام.

ئاپامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئاكام خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ كەتتى.

2

ئاكام ئاپامنىڭ توسۇشىغا قارىماي ئاتامنىڭ بىر چاغلاردىكى تونۇشىنى ئىزدەپ بېرىپ، قەرز پۇل ئېلىپ قارا ئۇزۇم سودىسى قىلىش ئويى بارلىقىنى، قەرز بېرىپ تۇرۇشىنى ئېيتتى. ئاتامنىڭ ئۇ تونۇشىنىڭ ئىسمى سادىق ئىدى، ئۇ مۇز چىراي بولغىنى بىلەن كۆڭلىدە يامانلىقى يوق، سەممىي ئادەم ئىدى. بۇرۇن ئاتام بار چاغلاردا تۆت بالىسىنى بىزنىڭ ئۆيگە ئەكېلىپ مېهمان بولۇپ كېتەتتى.

— ياخشى ئويلاپسەن. مەن ئاۋۋال ساڭا 3000 كوي دەسمايە سېلىپ بېرەي. سەن ئالغان ئۇزۇملەرنى ماڭا ئۇدۇللۇق ئەكېلىپ بېرىسەن. باشقىلارنىڭ قارا ئۇزۇمىنىڭ كىلوسىنى ئىككى كويدىن ئالسام سېنىڭكىنى ئىككى كوي ئىككى مودىن ئالىمەن. شەرتىم شۇ، ئاتاڭ ئۇزۇم ئالغاندەك تاللاپ، قىزغۇچ، قوڭۇر قۇرۇغىنىنى ئالىسەن. شاكىلىنى ئايرىپ، پارلاپ پاكىز قىلىپ ئېلىپ كېلىسەن.

بىز ئاكام ئىككىمىز 3000 كوي پۇلغا هۆججەت يېزىپ بېرىپ، پۇلنى ئالدۇقتە يېنىپ كەلدۇق. ئاكام كىچىك ئاتاملارنىڭ قول تراكتورىنى ئېلىپ تۆنجى سودىسىنى قىلىشقا كىچىك ئاتام بىلەن بىللە ماڭماقچى بولدى. ئاكام خامان تېپىش، ئېتىزغا قىغ

توشۇش ئىشلىرىنى قىلىپ يۈرۈپ، تراكتور ھەيدەشنى ئوبدانلا ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ كارىزدا ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان مىغ ـ مىغ ماشىنا ـ تراكتور بولمىغاچقا ئانچە خەتەرلىكمۇ ئەمەس ئىدى.

ئاكام سودىغا ماڭىدىغان چاغدا ئاپامنىڭ كۆڭلى تارتماي:

— بالام، مۇشۇ ئىشنى قىلمىساڭ بولاتتى. شۇ ئۇزۇم سودىسىدا سورۇلۇپ كەتكەن خەق ئىدىققۇ بىز. ئاتاڭنىڭ تارتقان زىيانلىرى يېتىپ ئاشاتتى بىزگە، — دېدى.

— ئاپا، مەيلى، قىلمەن دېگەن سودىسىنى قىلىپ باقسۇن، — دېدىم مەن ئاكامنىڭ ئىشىنى قۇۋۋەتلەپ.

— ئاپا، ماقۇل دېگىن، تۇنۇگۈن سادىق ئاكىدىن 3000 يۈەن قەرزمۇ ئېلىپ بولدۇم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ كىشىمۇ ماڭا ئېتىبار قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇدۇللۇق ئېلىپ بېرىدىغان بولدى.

— مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە، بالام.

— ئۇنداق گۇمانخور بولۇپ كەتسەكمۇ بولماس.

— سودىدا پۇختا بولمىساڭ بولمايدۇ.

— سېلىمىخان ئايلا، مەن بىللە ماڭىمەن. زىيان تارتقۇدەك بولساق يالتىيىپ قالارمىز. ئابابەكرى قىشتا پاختىچىلىقنىمۇ ئوبدانلا قىلغانغۇ؟ مەيلى دېسىلە، ئاكام بولسىمۇ شۇنداق قىلار ئىدى. ماقۇل دېسىلە، — دېدى ئېغىر ـ بېسىق، كەم سۆز كىچىك ئاتام.

— ئېھتىيات قىلىڭلار ئەمىسە.

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ ئاپا، بىز كەتتۇق!

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سەھەردىلا ئاتامنىڭ خېلى يىللاردىن بېرى ئىشلىتىلمەي تۇيا بېسىپ ياتقان جىڭىنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

تراكتورنىڭ چاقىدىن مەسىلە چىقىپ نەچچە كۈندىن بېرى ئۇزۇم سېتىۋېلىشقا چىقالمىغان ئاكام يېقىن ئەتراپتىكى

كارىزلاردىن ئىشەك ھارۋىسى بىلەن ئۇزۇم سېتىۋېلىشقا چىقىۋاتاتتى. مەنمۇ ئاكامغا تولا يالۋۇرۇپ ئاخىر مېنىمۇ بىللە ئاپىرىشقا كۆندۇردۇم. قارا ئۇزۇم سودىسى قىلىدىغانلارمۇ شۇنچە جىق ئىكەن. مەن ئاكام بىلەن كىم ئۇزۇم ساتمىز دېسە شۇنىڭ چۇنچىسىگە ياكى خامىنىغا، ئۆگزىسىگە چىقىپ ئۇزۇمى قۇرۇغان بولسىلا، ئۆزىمىز پارلىۋالىمىز، دەپ ئالدۇق. ئۆيىمىزدىن ئۇزۇم سورۇش ماشىنىسىنى ئېلىپ كەتكەن ھېلىمنىياز ئاكىلار ئاكامنىڭ ئۇزۇم سودىسىغا ماڭغانلىقىنى ئاڭلاپ ئاتامنىڭ ئۇزۇم سورۇش ماشىنىسىنىمۇ قايتۇرۇپ بەردى. ئۆتكەن يىلى ئوغلىنىڭ قولىنى قىسىۋېلىپ ئىككى بارمىقىنى ئۇزۇۋەتكەچكە، خەقنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالغاندەك قىساسى تۇتتى، دەپ ئىشلەتمەي تۇرغانىكەن. ئاكام ئېلىپ كەلگەن ئۇزۇملەرنى ئاپام سورۇپ، موماملار بىلەن پارلاپ تەييارلاپ قوياتتى. ئۇنداق ئىشلارغا ئاپامنىڭ قولى گۈل ئىدى، ئۇزۇمنى قانداق پارلاشتىن تارتىپ، قانداق ساقلاشقىچە ھەممىسىنى ئوبدان بىلەتتى.

ئىشىمىز تازا يۈرۈشۈۋاتقاندا ئاتام ئۆز ۋاقتىدا ئۇزۇمنى نېسىگە ئالغان ئوسمان تۆگىنىڭ كىچىك ئوغلى لېتىپ جودا ئالدىمىزنى توستى. ئۇ ئالدىنقى قېتىمدىمۇ بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ جودا قىلغانىدى.

— ھە، قويىمچىنىڭ كۈچۈكلىرى، يەنە بىزنىڭ كارىزلىقلارنى قوياي دەپسىلەردە؟ ئاتاڭلارنىڭ قويغىنى ئازدەك سىلەرمۇ قويامسىلەر؟ يوقىلىش بۇ يەردىن! سەندەك شۇمتەكلەرگە بېرىدىغان ئۇزۇم يوق. ئەكەل پۇلنى، ئاتامغا بەرگەن ۋېلىسىپىت دېگەن تۆمۈر — تەسكىگنى ئېلىپ كەت.

— ئىشىگنى قىل! سەندەك لۈكچەككە بېرىدىغان پۇل يوق.

— قارا ماۋۇ شۇمتەكنى، كىم «لۈكچەككەن؟»

ئۇ ئېتىلىپ كېلىۋىدى، شۇنداق قورقۇپ كەتتىم. بىردەمدە ئەتراپىمىزغا ئادەملەر ئولىشىپ كەتتى. ئېسىمنى تېپىپ جىگنىڭ تېشىنى خالتىغا سېلىپ پۇلاڭلاتتىم. ئاكام جىگنىڭ توقمىقىنى

دېۋەيلىدى. لېتىپ جودانىڭ بۇ زومىگەرلىكىگە ئاچچىقى كەلگەنلەرمۇ ئۇنى تۇتۇپ قالالمايۋاتاتتى.

— لېتىپ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسما. يەنە ئۇلارنى بوزەك قىلساڭ، بىز قاراپ تۇرمايمىز جۇمۇ!

— كېلىشە ! قېنى كېلىشە! مەن دېگەن ھالال تەرىمىزنىڭ پۇلىنى ئالىمەن، دەيمەن. ئۇلارنى بۇلىمىدىم.

— ھۆججىتىڭنى چىقىرىپ كۆرسەتمەمسەن؟

— ھۆججەت؟ ھۆججەتنى ئۇلار بىلىدۇ.

— بىلمەيمىز. ئاتاڭ چۇنچىدىن ئۇزۇمنى ئېلىپ كەتكەن...

— ئۇ چاغدا ئاتام ئۆسۈمىنى ئالماپتىكەن، مانا مەن ئۆسۈمىنى ئالىمەن.

— ئاتاڭ كېلىپ ئۆزى ئالسۇن.

— ئىشىڭنى قىلە شۇمتەك، پۇل چىقار.

— لېتىپ، بۇ ئىشىڭ بولمىدى، تېرەككارىزدىكىلەرنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكمە، سەت بولىدۇ! — دېدى شۇ يەرلىك بىر كىشى.

— سەن پوق ساقال قالمىغان ئەمدى ماڭا دەرس ئۆتمىگەن، ئىشىڭنى قىلە!

— خەقنىڭ ئالدىنى توسۇپ پۇلىنى ئېلىۋېلىش بۇلاڭچىلىق. ھېلى ساقچىنى چاقىرىپ قويىمەن جۇمۇ!

ئۇ ئاكامنى ئۇرغانىدى، نەچچە ئادەم يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى بېسىۋېلىپ ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇرالماس قىلىۋەتتى. ئەتراپتىكىلەردىن بىر نەچچەيلەن:

— تازا ئۇرۇڭلار، ئۆلتۈرۈپ قويماڭلار! ئۆلۈكىنى پۇل قىلمىسۇن بۇ جوھۇت ! ھەدېسە كارىزنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈپ بۇ يەرگە كەلگەنلا ئادەملەر بىلەن ئۇرۇشۇپ جېدەل چىقارغان. قورقماڭلار، بالىلىرىم. ئۇنىڭ تايىقى كەم ئىدى، سىلەرمۇ ئۇرۇپ پۇخادىن چىقىۋېلىڭلار، قېنى بايا سەن بىر شاپىلاق يېگەنىدىڭ. سەنمۇ ئۇرۇپ، دەسسىۋېلىپ ئۆچۈڭنى ئېلىۋېلىپ كەت... — دېدى ھېلىقى كىشى.

مەن ئاكامنىڭ نەقەدەر تەستە سودا قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئاكامغا بولغان ھۆرمىتىم يەنە بىر ھەسسە ئاشتى. ئاتامنىڭ ئىزىدىن مېڭىش جەريانىدا ئۇنىڭغا قەدەمدە ئۆچمەنلىك نەشتەرلىرى قادىلىپ تۇراتتى. مەن ئاكامنىڭ ئاتامنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئىگىلىكنى قايتا تىكلىيەلىشىگە ئىشىنەتتىم. بىراق، ئۇنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلسەممۇ ئاكامنىڭ ماڭغان يولىغا نۇسرەت تىلەيتتىم.

ئايدىڭ كېچە. ئاكام ئىككىمىز يەنە ئۆگزىدە يېتىپ مۇڭداشتۇق. ئاكام قولىغا قەدىناس گارموشكىسىنى ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى. گارموشكىدىن مۇڭلۇق خەلق كۈيلىرى ياڭراۋاتاتتى. پايانسىز كۆكتىكى يۇلتۇزلارمۇ خۇددى مۇزىكىغا جور بولۇشقاندەك كۆزلىرىنى قىسىشاتتى.



## ئوتتۇزىنچى باب

# چۈنچىدىكى غوۋغا

### 1

چۈنچىلەردىن تارالغان تاتلىق ئۈزۈم ھىدى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى، بولۇپمۇ ئۈزۈملەر قۇرۇشتىن ئىلگىرى شىمىققاندا شۇنداق خۇش پۇراق بولۇپ كېتەتتى. ئۈزۈمنى بالدۇر ئۈزگەنلەرنىڭ ئۈزۈملىرى قۇرۇشقا باشلىدى. چۈنچىلەرنىڭ ئىشىكلىرى قوپۇرۇلۇپ، شاخچا ئىشىك بىلەن ئېتىلىپ قۇلۇپلانغان بولسىمۇ ئوغرى كۆپىيىپ قالغانىدى.

سەھەردە بوۋام ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا كىرىپ كەلدى.

— ئوسمان، ئوسمان، سەن ئۈزۈم ئالغىلى بارماي چۈنچىگە چىقىپ چۈنچە باق. كېچە روزاخۇنلارنىڭ ئۈزۈمىنى ئوغرى ئاپتۇ.

— قانچىلىك ئاپتۇ؟

— چۈنچىسىدىكى يېرىمىدىن كۆپرەك ئۈزۈمنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئازراقلا قاپتۇ... «سۇ كەلمەستە توغان سال» دېگەن گەپ بار، سەن كۈندۈزى قارا. كەچتە ئابلىمىت بىلەن چۈنچىدە قونۇڭلار، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنىمۇ ئاخشىمى چىڭ تاقاپ يېتىڭلار.

بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ شۇ بىچارە مۆمىن ئادەمنىڭ ۋىجىك تۇرقى، يول - يول قورۇقلارغا تولغان چىرايى، ئاق كۆڭۈللۈك چىقىپ تۇرىدىغان ئويچان كۆزلىرى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. ئۆتكەندە ئاپامغا باشقا خەقتەك كۆكەملىك قىلماي، ئۈزۈمنىڭ

ئۆسمۈرنىمۇ ئالماي، ئاتام شۇ يىلى نەق ئالغانلارنىڭ قاتارىدا پۇل ئالغانلىقىنى ئويلىسام‍لا ئۇ ئادەمگە ھۆرمىتىم ئاشاتتى.

ساقچىلار ئۆيان ـ بۇيان مېڭىپ ئىزلاپ يۈرەتتى. بىز باللار ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدۇق. ئىزنى ئۆچۈرۈپ قويۇشىمىزدىن ئەنسىرەپ بىزنى يىراق تۇرۇشقا ئۈندەپ، قوغلاپمۇ باقتى. بىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سوڭدىشىپ دېگۈدەك ماڭدۇق. ساقچىلار بىزنىڭ ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى سامانلىققا كېلىپ توختىدى:

— بۇ ئۆي كىمنىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— بىزنىڭ، — دېدىم مەن ئۈنلۈك ئاۋازدا. ئۇلار سامانلىق ئارىسىدىن ئاكامنىڭ چاپىنى بىلەن كۆڭلىكىنى ئېلىپ:

— بۇ كىيىم كىمنىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاكامنىڭ، — دېدىم مەن ئەنسىز ھالدا.

— ئۇ قېنى؟

— تۈنۈگۈن سودىغا كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى.

— بۇ ئۆزۈملەرچۇ؟

— ئاكام ئۆزۈم ئالسا ئۆزۈمنى سامانلىققا ئەمەس، ئامبار ئۆيگە قويىدۇ. ئەنە ئامبارنى كۆرۈپ بېقىڭلار.

قولۇم ـ قوشنىلارمۇ بۇ ئىشتىن غەلىتىلىك ھېس قىلىشىپ، ساقچىلارغا ئاكامنىڭ ئۇنداق قىلىدىغان باللاردىن ئەمەسلىكىنى، بۇ ئىشنىڭ گۇمانلىقلىقىنى ئېيتىشتى. ساقچى ئىزلارنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ، ئاكامنىڭ ئاياغلىرىنى ۋە ئاكامنىڭ ئىزىنى كۆرۈپلا، ئاپام بىلەن بوۋامنى چاقىرىپ:

— بۇ بىرسىنىڭ قىلتىقى ئىكەن، سىلەر بىزگە ماسلىشىپ، سىلەر بىلەن ئاداۋىتى بار كىشىلەرنى ئېيتىپ بېرىڭلار. بىز ئوغرىنى تاپماي قويمايمىز، — دېدى.

ئارىدىن ئۆزۈن ئۆتمەي ئاكاممۇ قايتىپ كەلدى، ئۇ بىزنىڭ ھويلىغا يىغىلغان كىشىلەرنى كۆرۈپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئىتتىك مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. ئۇ بولغان

ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قورۇق تۆھمەتتىن ئىچى تىتىلداپ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ كەتتى.

— چوقۇم بىزنىڭ بېيىشىمىزنى كۆرەلمىگەن ئىچى تار، مۇناپىقلارنىڭ قىلغان ئىشى. مېنىڭ سودىغا كىرىشكىنىمنى كۆرۈپ ئىچىگە ئوت كەتكەن گەپ، — دېدى غەزەپلىنىپ.

— سەنمۇ ئوبدان ئويلاپ باق. يېقىندا سېنىڭ سودا قىلىشىڭغا كىملەرنىڭ قانداق قارىغانلىقىنى ئويلاپ، ھېس قىلغىنىڭنى دەپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ. بىز سېنىڭ يېشىڭنى، ئېغىرلىقىڭنى ۋە كىيگەن ئاياغلىرىڭنى كۆرۈپلا ئوغرىنىڭ باشقا بىرىنىڭ ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلغانىدۇق. سەن خاتىرجەم بول.

— بىزنى ئاتىسى يوق، دەپ بوزەك كۆرۈۋاتامدۇ ـ نېمە بۇ خەق!

— ئۇ گېپىڭنى قوي. ئۇ ئاياغ ئىزىدىن قارىغاندا 40 ياش ئەتراپىدىكى، 70 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى ئەر ئىكەن. بىز سەندىن گۇمانلانمايمىز. سەن قورقما.

— ئەخەت ساقچى، مەن ئاپابەكرىنىڭ ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىغا كېپىل بولىمەن، — دېدى قوشنىمىز نىياز ئاكام تالادىن كىرىۋېتىپ.

ئۇلار نىياز ئاكام بىلەن بىرمۇنچە ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن قايتىشتى. نەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي كوچىدا ئاكام توغرۇلۇق خىلمۇ خىل مىش ـ مىش گەپلەر تارقىلىپ كەتتى. بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلىمىز چۈشۈپ يەۋالغاندەك غەش بولۇپ كەتتۇق.

## 2

مېنىڭ چۈنچە ساقلايدىغان ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. ھەسەلدەك شېرىن ئۈزۈم ھىدى ئەتراپنى بىر ئالغان، ئاي نۇرلىرىنى زېمىنغا سېخىيلىق بىلەن سەپكەن، غۇر ـ غۇر شامال ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرىدىغان دالادا يېتىش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك. كۆككە قاراپ، يۇلتۇز بىلەن مۇڭدىشىش مەن ئۈچۈن ئەڭ

كۆكـۈللۈك ئىش ئىدى. گارمـوشكىنـى چېلـۋېتىپ تـۇيۇقسىـز توختـاپ ئەتراپتىـكى تـۆشلارنى ئاڭلاپ باقاتـتىم. چۈنكى كەيندىكى 200 مېتىر نېرىدىكى قوشنا كارىزنىڭ قوناقلىقىدىن قانداقتۇر بىرەر شەپە كېلىپ قالىدىغانـدەك قۇلاقلىرىمنى دىڭ تۇتۇپ ياتتىم.

كـارۋاتتا يېتىپ كـېچىنىڭ بىر ـ بىـرىدىن چىرايلىـق چاقنـاۋاتقان كۆزلىرى بولغـان يۇلتۇزلارغـا قاراپ قانمـايتتـىم. يۇلتۇزلار مېنىڭ نەزىرىمدە كېچىنىڭ ساناقسىز كۆزلىرى ئىدى. نېمىشقىدۇر مەن گارموشكىنى چالـغاندا بەزىـدە ئاشۇ كېچىنىڭ كۆزلىرىدىن بىر جۈپ چىرايلىق كۆز مايسەمنىڭ كۆزى بولـۇپ كۆرۈنەتتى.

مـەن غايەمـگە يېتـىش ئۈچـۈن ئۇ كـۆزلـەرنـى كـۆكـۈل ئاسمىنىمدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشاتتىم. جاھاندا كۆزلەر كۆپ، كۆك كۆزلـەرمـۇ، قوي كۆزلـەرمـۇ، ئىـت كـۆزلـەرمۇ بـار. ئاشـۇ كۆزلەردىن كىشىگە خۇشاللىق بېغىشلايدىغان كۆزلەرمۇ، كىشىگە شۇملـۇق تىلـەيـدىغان كـۆزلـەرمۇ بار... مـېنىڭ كـۆز ئـالدىمغا كـېلىدىغىنى تـىنىق ئـاسماندەك كـۆك كۆز ئەمـەس، چىنلـىق، جۇشقۇنلۇق چاقنـاپ كىشىنىڭ ئامـراقلىقىنى كەلتۈرىدىغـان چىرايلىق كۆز ئىدى. ئۇ كۆزلەر مېنىڭ كۆكۈل ئاسمىنىمدا ماڭـا كۈلۈپ تۇراتتـى. مەن ئۇ كۆزلـەردىن ئۆزۈمنـى ئېلىـپ قاچتىـم. چۈنكى، مېنىـڭ ئادىل ساقچى بولـۇشتەك ئۇلـۇغۋار غايـەم بـار ئىدى. بىـزدەك ناتـوغـرا سـودىنىـڭ قۇربانى بولـغانـلارنىـڭ خۇشاللىقى، بەختى ئۈچۈن مەن چوقـۇم تىرىـشىـپ ئوقـۇشـۇم كېرەك.

خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، هـاۋا تۇتۇلۇپ كـەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قاپتىمەن. ئاسماننىڭ «كۆز»لىرىدىن بىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمـايتتى. شـامالمۇ توختـاپ، ئەتـراپ شۇنداق جىمجىتلىقـقا چۆمدى. بىردەمدىن كېيىنلا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. شۇ هامـان

تەرەپ ـ تەرەپلەردىن ئادەملەر كېلىپ ئۆز چوڭچىلىرى تەرەپكە يۈگۈرۈشتى.

— بۇ يامغۇرنىڭ ياغمايدىغان ۋاقىتتا ياغقىنىنى دەيمەن. يا ئۇزۇم ئۈزگەندە، يا ئۈزۈم چوڭچىگە ئېسىلىپ بولۇنغاندا ئۈزۈم سېسىتىدىغانغىلا ياغىدىكەن.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ بورانمۇ شۇ، بىزگە زادى ئارامچىلىق يوق. ئەتىيازدىن باشلاپ بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈپ ئۈزۈمنى ئاران چوڭچىگە ئېسىۋالساق، ئەمدى قارا يامغۇرنىڭ ياغقىنىنى. 6 ـ ئايدا يامغۇر تىلەپمۇ مۇنداق يامغۇرنى ياغدۇرالمىغانىدۇق...

— ئوسمان، ماڭ، ئابابەكرى ئىككىڭلار پارنىكنىڭ سۇلياۋ يوپۇقىنى ئېلىپ كېلىڭلار! شۇنى چوڭچىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويايلى، بۇ يامغۇرنىڭ ئەلپازىدىن خېلى ياغىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى كىچىك ئاتام جىددىيلىشىپ..

تەرەپ ـ تەرەپتىن قول چىراغلىرىنىڭ يورۇقى يېنىپ، چوڭچىلەر جەڭ مەيدانىدەكلا بولۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ بۇ بىر جەڭ ئىدى.

— كىچىك ئاتا، مانا ئېلىپ كەلدۇق!

— ئابابەكرى، سەن ئاۋۇ تەرەپتىن چوڭچىگە چىق، مەن بۇ يەردىن چىقاي، ئوسمان سەن پەستە تۇرۇپ بىزگە بۇ سۇلياۋنى ئېلىپ بەر، ئۇنى باستۇرىدىغانغا ئەنە ئاۋۇ يەرلەردە پارچە كېسەكلەر بار ئىكەن، شۇلارنى بىزگە ئېتىپ بېرەلەمسەن؟

— كىچىك ئاتا، سېنى چوڭچە كۆتۈرەلمەسمىكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەكنى ئوسمان چوڭچىنىڭ ئۈستىگە ئېتىپ بېرەلمەيدۇ، چوڭچىنىڭ ئۈستىگە ئوسمان چىقسۇن.

— قېنى ئوسمان، تېز بول!

يېرىم سائەتتەك جىددىي ئېلىشىش ئارقىلىق چوڭچىنىڭ يېرىمىغا سۇلياۋنى يېپىپ بولدۇق. قالغان يېرىمىغا قانداق قىلىش كېرەك؟

بەزى كىشىلەر كىگىزلەرنىمۇ يېيىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا نىمىنىدۇر خىيال قىلىپ ئاكام ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ:

— كىچىك ئاتا، قازناق ئۆيدىكى ھېلىقى چېدىرنىڭ ... — ئاكام گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدى.

— ماڭ ئېلىپ چىق، شۇمۇ بولىدۇ، ئۇ دېگەن كاناپ، چىڭ، پۇختا توقۇلغان. سۇ ئاسانلىقچە ئۆتمەيدۇ.

— ئۇنداقتا سىلەرنىڭ ئۆزۈمگە نېمىنى ياپىمىز؟ — سورىدى ئاكام.

— شۇ كاناپ پالاس يېتىپ ئاشىدۇ.

ھەممە چۈنچىدە يامغۇرغا قارشى جەڭ بولۇۋاتاتتى. سىم - سىم يامغۇر توختىماي بىر خىلدا ياغماقتا ئىدى.

3

يامغۇر قاچانلاردا توختاپ قالدىكىن، سەھەردە ئۇيقۇمنى ئېچىپ سىرتقا چىقتىم، يامغۇر ئاللىقاچان توختىغانىدى. ئاسمان بۇلۇتلۇق بولغىنى بىلەن ھاۋا ئىنتايىن ساپ ئىدى. بۇرنۇمغا گۈپپىدە ئۇرۇلغان نەم تۇپىنىڭ ھىدى مېنى يايرىتىۋەتتى. تالا خېلىلا سوغۇق ئىدى، تۇنۇگۈن ۋە كېچىچە ياغقان يامغۇرنىڭ تەسىرىدىنمىكىن، چاپان كىيىۋالغان بولساممۇ توڭلاپ تۇراتتىم. مەنمۇ چۈنچە تەرەپكە كېتىۋاتقانلار بىلەن چۈنچىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

سەپەر ئاكىنىڭ چۈنچىسىنىڭ بىر يېنى ئۆرۈلگەندىن باشقا، ھېچكىمنىڭ چۈنچىسى ئۆرۈلمىگەنىدى. ئەمما يامغۇر ئۆتۈپ سۇ يىغىلىپ قالغان چۈنچىلەر خېلى بار ئىدى.

ھەممە خەق چۈنچىلىرىنى بىرەر قۇر تەكشۈرۈپ ئوڭشايدىغاننى ئوڭشاپ بولۇپ، ئاخشام چۈنچە باققانلار ئېلىپ كەلگەن سۇلايمان ئاكاملارنىڭ تراكتورىنىڭ كوزۇپىنىڭ يېنىغا

يىغلىدى. كوزۇپ ئاستىدىمۇ نەچچە كىشى ئۇخلاۋاتقانىدى.

— ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپتۇ. ئۇزۇملەر قۇرۇپ يېنىكلەپ قالغاندا ياغدى بۇ يامغۇر. ئون كۈن بۇرۇن ياغقان بولسا ھەممە چۇنچىنى ئۆرۈۋېتەتتى.

— كېچىچە تولا غەم قىلىپ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

— بۇ يىل ئۈزۈمنىڭ باھاسى بەكلا تۆۋەن دەپ ئاڭلىدۇقۇ؟

— ۋاي خۇدايىم، نېمە دەيدىغانسىز، بۇ يىل ئۈزۈملىرىمىز نەچچە يىلقىدىن ئوخشاپ قېلىۋىدى، لېتىپىنىڭ تويىنى قىلىۋالايلى دەپ تۇراتتۇق. ئۈزۈم پۇل بولمىسا قانداقمۇ قىلارمىز؟

— ئۇنىڭدىن غەم قىلما، ھاۋاخان ئايلا. ئۈزۈم باھاسى دېگەن كۈندە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇلتۇرمۇ قانداق بولدى؟ ۋاي، ئۈزۈمنىڭ كىلوسىنى بەش كويدىنمۇ ئالمايۋاتقۇدەك، ئۇ بوپتۇدەك، بۇ بوپتۇدەك... دېيىدى، يەنىلا يامان ئەمەس باھادا ساتتۇققۇ.

شۇ ئەسنادا ئىككى كىچىك ماشىنا بىز تەرەپكە قاراپ كەلدى.

— بۇلار كىم بولغىيتتى؟ يامغۇر ياغسا نېمىدېگەن ياخشى، قاراڭلار ماشىنىنىڭ كەينىدە چاڭ - توزانمۇ يوق. ھاۋا شېشىدەك سۈزۈك...

— شېشىدىكىنى تولا ئىچىپ ئوخشاتمىغىنىڭ شۇ قالغان سەن ھاراقكەشنىڭ!

ئەتراپتىن كۈلگە كۆتۈرۈلدى. ئاڭغىچە ماشىنىدىن نەچچە ئادەم چۈشتى. ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەت خادىملىرى بولۇپ، يامغۇر ئاپىتىنى تەكشۈرۈپ كەلگەنلەر ئىكەن.

تەكشۈرگۈچىلەر كېلىپ ئۈزۈن ئۆتمەيلا بىر موتسىكلىت ئۇچقاندەك كېلىۋاتاتتى. ئۆيگە ماڭغانلار توختاپ ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتتۇق. موتسىكلىتنىڭ كەينىدە ئالىم ئولتۇراتتى. ئۇ قولىدىكى لېپاپنى پۇلاڭلىتىپ خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ

كەتتى:

— ئوسمان، ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئۆتۈپسەن!

— يارايسەن، ئوسمان!

— ئابلىزنىڭ بالىسىدەك ئىش قىلىپسەن!

— ئوخشايدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم دەپ، بۇ بالا كىچىكىدىنلا تىرىشچان، دائىم ئۆگىنىشلا قىلىدىغان بالا ئىدى. مانا ئۆگەنگەنگە تۇشلۇق ئىش قىپتۇ. ئابلىز ئاخۇن بولغان بولسا قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر ئىدى...

ئۇلار ئاتامنى ئۆلۈپ كەتكەندەكلا گەپ قىلىشىۋىدى، غۇژژىدە ئاچچىقىم كېلىپ ئۆزۈمنى مىڭ تەستە بېسىۋالدىم، مېنىڭ ئاتام تېخى هايات. ئۇنداق «بولسىدى» دېگەن گەپلەرگە مەن ئۆچ!

بىز ئۆيگە كىرگەندە ئاپام مېنىڭ تېخنىكومغا ئۆتكەنلىكىمنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا ئورنىدا تۇرالمايلا قالدى. هېلى چاقىرىق قەغىزىنى ئوقۇسا، هېلى ئالىم بىلەن نەۋرە ئاكىسىغا چاي قۇياتتى.

— مەن تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇيمەن، تېخنىكومدا ئوقۇمايمەن، — دېدىم ئالىمغا.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ئۈچ يىل ئوقۇساڭ مۇئەللىم بولىسەن، تېز تەڭگە ئىگە بولىسەن، — دېدى ئالىم ماڭا چۈشەندۈرۈپ.

— مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن. بۇ ئىمتىهانغا ئۆزۈمنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن قاتناشقان. بۇ مەكتەپتە ئوقۇسام، مەن ئوقۇش پۈتتۈرگۈچە خىزمەت بارمۇ ـ يوقمۇ بىر نېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئالىي مەكتەپنى ئوقۇغانلارمۇ خىزمەت كۈتۈپ يۈرۈۋاتامدۇ. مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ، تېز تەڭگە ئەمەس، سەككىز تەڭگە ئالىدىغان ئادەم بولىمەن.

— سېلىمىخان ئايلا، چاققان چۈنچەكلارغا چىقىڭلار!

تۇرسۇن ئاكامنىڭ ئوغلى رىشىت ئۇزۇمىگىلارنى قىقىۋاتىدۇ!

ھەممىمىز چۇنچىگە قاراپ يۈگۈردۇق. بوۋاملارمۇ كەينىمىزدىن كەلدى. ھەممىمىز شۇنچە گەپ قىلساقمۇ رىشىتقا كار قىلمىدى، ئاتىسىنىڭ نەسىھەتلىرىگىمۇ قۇلاق سالمىدى.

— ھە دېسە تۇغقان، تۇغقان دەيسىلەر، تۈت يىل بولدى. بىر يىللىق ئۇزۇم پۇلىنى بەرمىدى. بۇگۈن ئالغىنىم ئالغان. خەق مىنگەن موتونى مەنمۇ مىنىمەن، — دېدى رىشىت ئاچچىقلىنىپ.

— بىز تۇغقان بولغاچقا بىزنىڭكىنى كېچىكىپ بەرسە نېمە بوپتۇ؟ مەن شۇنداق دېگەن... ئۆتە بۇياقىقا! — دېدى كەينىدىنلا تۇرسۇن دادام.

— ئۆتمەيمەن! ئالغىنىم ئالغان!

— ئادەم بولمايدىغان ھايۋان! ئۆلسەڭ تاۋۇتۇڭنى شۇ تۇغقانلار كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. تۇغقان دېگەننى...

— مەن ھايۋان، مەن ئۆلگەندە ھېچكىم كۆتۈرمىسىمۇ مەيلى.

— ۋۇ، دەيۇز، سەندەك بالىدىن كەچتىم! — تۇرسۇن ئاكا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ ئوغلىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

ئەسلىدە ھەر يىلى بوۋاملار ئۇزۇم پۇلىدىن بىر بۆلىكىنى ئاتامنىڭ نېسى ئالغان ئۇزۇمنىڭ پۇلىغا ھېسابلاپ بېرىپ كەلگەنىدى. تۇرسۇن دادام بوۋامنىڭ ئاتا بىر، ئانا باشقا ئىنىسى ئىدى. ئۇلارنى بوۋام ئاۋۋال ياتلارنىڭكىنى بېرىۋېتىپ تۇرايلى، دەپ كۆندۈرۈپتىكەن. ئۇلارنىڭ بانكىغا قويغان پۇلى بولغاچ پۇلنى كېچىكىپ ئالسىمۇ بولاتتى، بىراق شۇ پۇلنىڭ كاساپىتىدىن بالىلىرى ھازىرغىچە بىزگە تەتۈر قاراپ يۈرگەنىدى. مانا ئەمدى خەلقئالەم ئالدىدا سەتلىشىپ قىلغان ئىشىنى، پۇلغا بەك ئېھتىياجلىق بولسا بۇ يىل بېرەتتۇق ئەمەسمۇ؟

ئارىغا نۇرغۇن ئادەم كىرىپ ماڭ تەستە بۇ جېدەل بېسىقتى.

بىراق، بوۋامنىڭ چىرايى ئېچىلمىدى. ئاتامغا ئاچچىقى كەلدىمۇ، رىشتكامغا ئاچچىقى كەلدىمۇ ياكى بالىسىغا گەپ يېگۈزەلمىگەن تۇرسۇن دادامغا ئاچچىقى كەلدىمۇ، قاپىقىدىن قار ياغدۇرۇپ يۈردى.

مەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنگە بارمايدىغان، يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئېچىلسا مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان، ئېچىلماي قالسا شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولۇپ تەييارلىق قىلىپ قويغانىدىم. بىراق، بوۋامالارنىڭ مېنى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇسى بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار مېنىڭ تاللىشىمغا، غايەمگە ھۆرمەت قىلدى.



## ئوتتۇز بىرىنچى باب

# كۆتۈلمىگەن ئامەت

## 1

يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئېچىلغۇدەك دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەكتەپكە تىزىملىتىپ قويغان ئوقۇغۇچىلار ئوندىن ئاشتى. بىراق، مەكتەپ رەھبەرلىكى قاچان مەكتەپكە يىغىلىدىغانلىقىمىزنى بىر نېمە دېمەيۋاتاتتى. ئاڭلىساق تىزىمغا ئالدۇرغانلار بىر سىنىپقا توشماپتىمىش.

كۆڭلۈم ئاكامغا ياردەملىشىش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. كۈندۈزدىغۇ ئالدىراش ئۆتىدىغان گەپكەن، كېچىسى ئۇيقۇم كەلمىگەن كۈنلەردە تۈرلۈك خىياللارغا غەرق بولۇپ كېتەتتىم. زېرىكىشلىك بۇ كۈنلەردە تېرىككەك بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. بىر تۈرۈپ دارىلمۇئەللىمىنگە بارسام بوپتىكەن دېگەن ئويغىمۇ كېلىپ قالاتتىم. كاللامغا يەنە ھېلىقى ئۆيدىن قېچىپ چىقىش پىلانىم كىرىۋالدى. ئۆتكەندە مەن ئاپام مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەن، دەپ ئادەمزاتسىز جاڭگالدا بىر كېچە تۈرۈپ كېلىشنى ئويلىغان بولسام، ئەمدى كاللامدىكى قۇرۇق خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بارماقچى بولۇۋاتاتتىم.

«— ئاپاملار مېنى ئىزدەرمۇ؟ ھەي، شۇمۇ سوئال بولدىمۇ. ئەلۋەتتە ئىزدەيدۇ ـ دە. ئۆتكەندە ئالىملارنىڭكىدىن سەل كەچ قالسام ئاپام ئۆزى ئالىملارنىڭ ئۆيىگىچە چىقىپ ساقلاپ

تۇرۇپتىكەنغۇ. ياق، ئۇنداق بولمىغۇر خىيالدىن قۇتۇلاي. ئاكام بەرگەن پۇلغا كىتاب ئېلىپ ئوقاي. سالامەتخانىنىڭ ئاچىسى ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەن خەنزۇ تىلى كىتابىنى قويۇپ قويۇپتىكەن، شۇنى ئارىيەتكە ئېلىپ چىقىپ ئۆگىنەي. ئاكامنىڭ ئېلىپ بەرگەن لۇغىتىنى شۇنىڭغا ئىشلەتمىسەم نېمىگە ئىشلىتىمەن.»

ئاكامنىڭ سودىسىمۇ يۇرۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاپام مالنى ئۆيدە ئۇزۇن ساقلىمايتتى. ئاپام بۇرۇنمۇ ئۈزۈم سودىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بولغاچقا ھەر كىلوسىدىن ئىش ھەققىنى چىقىرىۋېتىپ بىر موچەندىن پايدا بولسىلا سېتىپ قولدىن چىقىراتتى. ئاكام ئاپامنىڭ نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەي:

— ئاپا، بۈگۈن بىر كۈندە ئالغان ئۈزۈمنى بىر موچەن پايدىنى دەپ بىردەمدە سېتىۋەتكىنىڭ نېمىسى؟ — دەپ سەل خاپا بولدى.

— سودا دېگەندە بىر پۇڭ بولسىمۇ بىر كۈن بۇرۇن قولدىن چىققىنى، بىر پۇڭ بولسىمۇ چۆنتەككە چۈشكىنى ئەۋزەل. سەن باھا ئۆسسۇن دەپ تۇرساڭ بىرىنچىدىن، ئۈزۈم دېگەن قۇرۇق مېۋە بولسىمۇ، يەنىلا نەملىكى بار، تۇرغانچە خورايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۈزۈم باھاسىنى ئۆزۈڭ ئۈزۈم بازىرىغا بېرىپ ئىگىلەپ كېلىۋاتىسەن. ئەتىگەنكى باھا كەچتە يوق. شۇڭا ئاز يەپ ئاسان تىرىل دېگەن گەپ بويىچە ئىش كۆرمىسەك بولمايدۇ. سودىدا سەۋرچانمۇ بولۇش كېرەك، ئالدىراقسانمۇ بولۇش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى پۇرسەت. پۇرسەت قولدىن كەتكەندە، بېشىڭنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ ئىككىنچىلەپ كەلمەيدۇ. كەلسىمۇ بۇرۇنقىدەك ئوتلۇق قىزغىنلىقىڭ يوقايدۇ، تاپقان پايداڭدىن لەززەتلىنەلمەيسەن...

— ئاپا، بۇ گەپلىرىڭنى دەپتىرىمگە يېزىۋالاي جۇمۇ! بازار تەكشۈرگۈچىلەردەكلا گەپ قىلىۋەتتىڭ.

— سەنمۇ ئەتە مەكتەپكە بېرىپ باق. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ

ئىچىلسا ئىچىلدى، ئىچىلمىسا شەھەرگە كىرىپ ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇيسەن.

— راست، ئوقۇش باشلىنىلى ئىككى ھەپتە بولدى، — دېدى خورشىدەم چوڭلاردەك.

— ئەتە چوقۇم ئوقۇشۇپ باق. يېزىمىزدا ئىچىلمىغۇدەك بولسا ئۆگۈنلۈككە شەھەرگە ماڭ. كېچىكىپ قېلىپ دەرسلەردە يېتىشەلمەي قالما يەنە.

— مۇشۇ يەردە ئىچىلسا ياخشى بولاتتى. ئەتىسى - ئاخشىمى ئۆچكىلەرنى بولسىمۇ بېقىپ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتىم.

— سەن ئۇ ئىشلارنى ئويلىماي ئوقۇشۇڭنى ئوقۇ، دارىلمۇئەللىمىنگە بارساڭمىغۇ بولاتتىكەن.

— كېيىن خىزمەت بولمىسا قانداق قىلىمەن؟ يا بىزنىڭ يول ماڭىدىغان ئادىمىمىز بولمىسا.

— ئۇ دېگىنىڭمۇ توغرا. جاھاننىڭ كارى شۇ بولۇۋاتسا.

— شەھەردە ئوقۇسام پۇل جىق كېتىدۇ دەپ، ئەنسىرىمە. ئاكاڭ تاپقان پۇلمۇ بۇ ئۆينىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ ئىشىۋاتىدۇ. كىيىملىرىڭنى يۇيۇپ تەييارلاپ قويدۇم. يەنە ئەتە بازارغا بېرىپ يېڭى كىيىم ئېلىپ بېرەي...

ئۇزۇم ھىدىنى پۇراپ تاتلىق تۇيغۇلارغا چۈمۈلۈپ خىيال سۈرۈشكە بەك ئامراق ئىدىم. ئاپامنىڭ دېيىشىچە، مەن تۇغۇلغاندا موما مېنى ئۇزۇم بىلەن ئېغىزلاندۇرغانىكەن. شۇ گەپنى ئاڭلىغاچقىمۇ ياكى تۇغۇلۇپ ئېغىزىمغا ئالغىنىم ئۇزۇم بولغاچقىمۇ، ئۇزۇمگە قەۋەتلا ئامراق ئىدىم. ئاپام بىر كۈنى مېنىڭ ئۇزۇمگە بۇنچىۋالا ئامراقلىقىمنى كۆرۈپ ئاپىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدا دېگەن گەپلىرىنى ئەسلەپ بەردى:

— ئاپام رەھمەتلىك سېنى ئېغىزلاندۇرغاندا، ئۆمرى قۇياشتەك ئۇزۇن، دۆلىتى تاغدەك، تېنى تاشتەك چىڭ بولسۇن، تىلى ئۇزۇمدەك تاتلىق بولسۇن دېگەنىدى، ئاپامنىڭ گېپىنى

ئاتلاپ مەن يادىمغا ئالالمايدىغان موماملغا بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇنى ئاتلاپ ئىككى سىڭلىم ئورنىدا جىم تۇرالماي قالدى.

— مېنىچۇ، ئاپا، نېمە بىلەن ئېغىزلاندۇرغان؟

— مېنىچۇ؟

— خۇرشىدەمنى، ئاق شېكەر بىلەن ئېغىزلاندۇرغان. خالىدەمنى... — ئاپامنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چىققۇچە مەن ئۇنى جىلە قىلىپ:

— مەن بىلىمەن، ئۇنى قوزىنىڭ پوقىدا ئېغىزلاندۇرغان، — دېدىم.

— سېنى پوقتا ئېغىزلاندۇرغان، سېنى...

— ھېلى ئاڭلىدىڭمۇ، موموم مېنى ئۆزۈمدە ئېغىزلاندۇرغانىكەن. مەن سېنى ئېغىزلاندۇرغاندا بار ئىدىم، يېڭى تۇغۇلغان قوزىنىڭ سېرىق پوقىدا ئېغىزلاندۇرغان.

— قويە، ئوسمان، بولدى. راست دەپ قالمىسۇن يەنە. سېنىچۇ قىزىم، ھەسەلدە ئېغىزلاندۇرغان، ھەسەلدە.

— ھەسەل دېگەن ھەرىنىڭ پوقى، بەربىر پوقتا ئېغىزلىنىپسەن...

خالىدەم چاقچىقىمنى كۆتۈرەلمەي يىغلاشقا باشلىدى.

— بولدى، ئۇنىڭ يىغىسى دورىمدى ساڭا؟

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، سېنىمۇ ئۆزۈمدە ئېغىزلاندۇرغان. شۇڭا سېنىڭ گەپلىرىڭ شۇنداق تاتلىق، شۇنداق يېقىملىق.

— راستمۇ، ئاكا؟

— راست بولمايچۇ؟ قېنى «جېنىم ئاكا، مەن ساڭا ئامراق، سەن نېمە ئۈشقا بۆيرۇساڭ شۇنى ئورۇندايمەن» دەپ باقە؟

— جېنىم ئاكا، مەن ساڭا ئامراق، سەن نېمە ئۈشقا بۆيرۇساڭ شۇنى ئورۇندايمەن.

— گېپىڭ راست بولسا پايپىقىمنى يۇيۇپ قوي.
— ماقۇل.

خالىدەم پايپاق يۇغىلى ماڭغاندا ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئاپام ماڭا سەل خاپا بولغاندەك قىلاتتى. مەنمۇ سىڭلىمغا ئامراقلىق قىلىپ شۇنداق قىلغانىدىم.

## 2

مەن ھەر كۈنى سەھەردە بىرەر سائەت ئۆگىنىش قىلغاندىن كېيىن، كۆلبېشىدىكى كېۋەزلىكتىن ئوت ئېلىپ ئۆچكىلەرگە ئالغاچ كېلەتتىم. ھېلىمۇ شۇ ئۆچكىلەر بولۇپ قاپتۇ، بولمىسا سۈتسىز قالاتتۇق. ئوغلىقىنى تازا ئوزۇكچىلىك ۋاقىتلاردا ساتتۇق. ئۆچكە باقماق قوي باققاندىن ئاسان ئىكەن. ئەممازە، ئوغلىقىنى باشقۇرماق بەك تەسكەن. ئېغىلنى شۇنداق پۇختا ئېتىۋەتسەكمۇ سىرتقا چىقىۋېلىپلا تۇراتتى. بەزىدە ئوغلاقلارنى تەپەككۇر قىلامدىكىن دەپ ئويلاپ قالاتتىم. ئۆينىڭ كەينىدىكى يانتاقلىقتا ئوتلاپ ئۆيدىن يىراقلاپ كەتكەندە، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەردىن كىمدە كىم شۇنداق قاراپلا قويسا ئۇدۇل ئېغىلغا كىرىپ كېتەتتى. بۈگۈنمۇ ئوغلاقلار ئوتلاپ يىراققا كېتىپ قاپتىكەن، مېنىڭ قارامنى كۆرۈپلا ئۆيگە قاراپ قاچتى. مەنمۇ ناشتا قىلىپ بولۇپلا مەكتەپكە قاراپ يول ئالدىم.

مەكتەپ ئالدىغا كەلگەندە بىزنىڭ سىنىپتىكى ئون نەچچە ساۋاقدىشىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن بېرى كۆرۈشۈپ باقمىغانىدىم.

— ئوسمان، ئوقۇشقا نېمىشقا بارمايسەن؟
— تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇي دەيمەن.
— ئەخمەق، دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىمىز دەپ كىرەلمىگەنلەر كۆرمىڭ، سەن ئەخمەقلىق قىلىپ ئوقۇمايمەن دەيسەن. ئۇنداق قىلىپ كەتمىسەڭ بولاتتى. كېيىن پۇشايمانغا

قالىسەن...

— ئۇنداق بولمايدۇ، قارا، مەكتىپىمىزدە ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر كەم، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپنى ئاچالمايۋاتىدۇ. ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلىسىمۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى قوبۇل قىلىدىكەن. ھە راست، سەن شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولدۇڭمۇ؟ — سورىدىم مەن غالىبتىن.

— شۇنداق، مەن مايسەم بىلەن دۆلەتباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولدۇم. مايسەمنى سوراپمۇ قويمايسەنغۇ؟

— سورىمىساممۇ ئۆزۈڭ دېدىڭغۇ؟ — شۇنداق دەپ بولۇپ ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتىم.

— ئۇنىڭ قېيناكىسى ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا كېتىپتۇدەك. شۇڭا ئاچىسىغا ھەمراھ بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىكەن.

— بىزنىڭ يېزىدىنمۇ ئوقۇيدىغانلار كۆپ بولغاندىكىن تولۇق ئوتتۇرا سىنىپنى ئاچسىلا بولاتتى.

— يۇرۇڭلار، بىزنىڭكىگە بارايلى، باغدىكى نەشپۈتلەر پىشىپ مەي باغلاپ كەتتى، مېھمان قىلىۋالاي.

— يەيدىغان - ئىچىدىغان يەر بولسا يۇرۇڭلار. نەشپۈت سەيلىسىدىن كېيىن مەشرەپ !

— ئابلىكىملەرنىڭكىگە ھۇررا !

— ئالىم كېلىۋاتىدۇ!

— ئۇ دېگەن رىزقىلىق ئادەم، يەيدىغان، ئىچىدىغان يەردە ھەردائىم بار. قاراڭلار «نەشپۈت يەيمىز» دېيىشىدۇق، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كېلىپ قالدى.

مەن بىردەم ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئولتۇرۇشۇپ بىرىپلا ئۆيگە يېنىپ كەلدىم.

ئۆيگە كېلىپ مەكتىپىمىزنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئاچالمايدىغانلىقىنى دەپ بولۇپ تۇرۇشۇمغا، قوشنىمىز نىياز

ئاكام ئۈچ كىشىنى باشلاپ كىردى.

— سېلىمىخان ئايلا، خۇش خەۋەر! — دېدى نىياز ئاكا چىرايلىق نۇرلىنىپ.

— ئوسمانىنىڭ ئاتىسىدىن خەۋەر كەلدىمۇ؟ — ئاپام نىياز ئاكامنىڭ «خۇش خەۋەر» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن گېپىنى تاپالماي قالدى.

— ياق، ئۇنىڭ قىلغان سودىسىنىڭ پۇلى كەپتۇ.

ئۆزىنى ئاتامنىڭ ئۇزۇمىنىڭ بىر بۆلىكىنى ئۆتكۈزۈۋالغان شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى دەپ تونۇشتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق چارۋاش كىشىنىڭ دېيىشىچە، ئاتام ئۇزۇم ساتقاندا ئۇزۇمنى ئالغان مەسئۇل خادىم شىركەتنىڭ نۇرغۇن پۇلىغا خىيانەت قىلىپ، ئاتامغا بېرىشكە تېگىشلىك پۇلنىمۇ ئېلىپ قېچىپ كېتىپتىكەن. ھېلىقى كىشى نەچچە يىل سودا قىلىپ ئۆزى خىيانەت قىلغان پۇلنى تولۇقلاپ پۇشايمان قىلغان ھالدا، شىركەتكە ئۆزىنى مەلۇم قىپتۇ ... شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاتامنى ئىزدەپمۇ تاپالماي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، توختامنى سېلىپ قويغان ئارخىپ خالتىسىنىڭ ئىچىدىن ئاتامنىڭ كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى چىقىپتۇ. ئۇنى ئېلىپ، بىزنىڭ شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدىن سۈرۈشتۈرۈپ، ئاتامنىڭ مۇشۇ يەرلىك ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن، يولغا چىقىپ ئاتامنىڭ تېگىشلىك پۇلىنى ئېلىپ كەپتۇ.

مەن ئۇلارنىڭ شۇنچە يىراقتىن بىزنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى، تېخى پۇللارنىمۇ كەم قىلماي بىزگە تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇنداق تەسىرلىنىپ كەتتىم.

ئاپام بۇنى ئاڭلاپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئاڭغىچە بوۋاملارمۇ كىردى. نىياز ئاكام ئاتامنىڭ تارىخىنى، بىزنىڭ تارتقان جەبىر - جاپالىرىمىزنى ئۇلارغا بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. ئاتامنىڭ شۇ ئىشتىن كېيىن بۇ يۇرتقا كېلەلمىگەنلىكىنى، ئۇنى ھەر دائىم ئىزدەپ تۇرغىنىمىزنىمۇ قوشۇپ قويدى.

— بۇ پۇلنى ئابلىزنىڭ ئىمزاسى ياكى تامغىسى بولمىسا بىز بېرەلمەيمىز، — دېدى.

— يېزىلىق پارتكوم، ساقچىخانا ھەممىسىدىن كېپىللىك ئېلىپ بېرەيلى، — دېدى نىياز ئاكام شىركەت خوجايىنىغا.

— ئاتامنىڭ تامغىسى مەندە بار. مەن ساقلاپ قويغان، — ئاكام شۇنداق دەپلا چاققانلىق بىلەن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىپ يەنە تېزلا يۈگۈرۈپ چىقىپ تامغىنى كۆرسەتتى.

— كېپىللىك ۋە تامغا بولسا بولىدۇ. بىز سىلەردىن ئەپۇ سورايمىز. بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىزدىكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن سىلەر كۆپ جەبىر ـ جاپا تارتىپسىلەر. بىز سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ھەقىقەتەن خىجىل.

— ھۆكۈمەت دېگەن بەربىر ھۆكۈمەت. ھۆكۈمەتنىڭ ئادىللىقى شۇ تۇرمامدۇ. قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ مانا پۇلۇڭلار، دەپ بەرگىنىنى... — دېدى بوۋام خۇشاللىقىدىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

نىياز ئاكام بوۋامنىڭ سۆزلىرىنى بىرمۇ بىر تەرجىمە قىلىپ بەردى. بوۋام جىممىدە ئارقىغا چىقىپ كېتىۋىدى، قارىساق ئوغلاقنى سويۇپ تەييار قىلىپ بوپتۇ. كارىزنى ئايلىنىپ كەلگۈچە بىزمۇ گۆشلەرنى پىشۇرۇپ ئۈلگۈردۇق. ئاكامنىڭ ئاتامنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئۈزۈم سودىسى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن سودا قىلىش ھەققىدە پىكىرلەشتى. ئاكام ھەر يىلى 15 تونна ئالىي دەرىجىلىك قۇرۇق ئۈزۈم يوللاپ بېرىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئۆلچىمىگە يەتسە كىلوسىنى 14 يۈەندىن ئالىدىغانغا كېلىشتى.

بۇنى ئاڭلاپ ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم. ئۇلار ئۈزۈم پارلاش، ئوراپ ـ قاچىلاشتىكى تېخنىكىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ ئۆزئارا پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۈزۈم ئوراپ ـ قاچىلاش ئىشىنى ئۆگەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلچىمىدىكى ئوراپ ـ قاچىلاش تەرتىپىنى سىنئالغۇدا ئېلىپ، كېيىن ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولدى.

ئوقۇشقا ماڭمىدىغان ئىشىمنى ئىككى كۈن كېچىكتۈرۈپ ئاپامغا ياردەملىشىپ نېسى سېتىۋالغان ئۈزۈم پۇللىرىنى تارقىتىپ بېرىشكە ياردەملەشمىسەم بولمايتتى. بىرىنچى بولۇپ تۇرسۇن دادامىلارنىڭكىنى بېرىپ، «رىشت ئاكا، موتو مىنەمسەن، ئات مىنەمسەن ئېلىپ مىن، بالا كەلسە قېرىنداشتىن دېگەندەك ئىش قىلدىڭ. سېنىمۇ بىلىپ قويدۇق. دۇنيادا ئادەم دېگەن ئادەم بىلەن ئادەم بولىدۇ. ئۇنداق قىلىپ كېتىدىغان ئىش ئەمەستى دەپ دوق قىلمىسام ھېساب ئەمەس» دەپ ئويلىدىم كۆڭلۈمدە.

ھېلىقى كىشىلەر كەتتى. ئاپام پۇلنى ئېلىپ ئەتىسىلا ھەممە قەرزلەرنى قايتۇرۇپ بولدۇق. قولىمىزدا قالغان پۇلنى ئاكامغا ئۇتقۇزۇپ قويدى. كەينىمىزدىن غەيۋەت ـ شىكايەت قىلغانلارنىڭ ئۈنى بېسىقتى، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر بىزنىڭ ياخشى كۈنگە ئېرىشكىنىمىزدىن خەۋەر تېپىپ بىزنى قۇتلۇقلاشتى!

— ئال، ئابابەكرى، سودا قىلىپ كۆر. قولۇمدا ئىككى تۈمەننى ئېلىپ قالدىم. بۇ، ئىككى سىڭلىڭنىڭ ھەققى. ئوغۇل باللار تېپىپ خەجلىيەلەيسىلەر. قىز بالا دېگەن ئاجىز. ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئېلىپ قويمىسام بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئوقۇشىنىڭ پۇلى ئۈچۈن بۇ پۇلنى بانكىدىن مىدىرلاتمايمىز.

— مەيلى ئاپا، ئېتىزدىن چىققان پۇلنىڭ ھەممىسى ئۈچ ئۇكامنىڭ ئوقۇش راسخوتى بولسۇن. مەن مۇشۇ دەسمايىنى دومىلىتىپ تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىپ ئۇكىلىرىمنى ياخشى ئوقۇتىمەن.

— دېگىنىڭ كېلەر، بالام، — ئاپام ئاكامنىڭ غەيرىتىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغانىدى.

مەن ئەتە ماڭىمەن دەپ تەييارلىق قىلىۋېتىپ، بۇرۇنقى كىتابلىرىمدىن ئېلىۋېلىشقا تېگىشلىكلىرىنى تاللاۋاتاتتىم، قوشنىمىزنىڭ تەييارلىق سىنىپتا ئوقۇۋاتقان نەۋرىلىرى ھويلىمىزنىڭ تېمىغا يۆلەپ قويغان قومدا ئويناۋاتقان چېغى،

ئۇلارنىڭ قوشاق ئېيتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

يۈگۈرۈپ - يۈگۈرۈپ چىقىۋالدىم،
ئالما شېخىغا.
ئىككى ئالما ئۈزۈۋالدىم ئاداشلىرىمغا،
ئاداشلىرىم ياخشىكەن
كەلدى قېشىمغا.
دۈشمەنلىرىم ئەسكىكەن
ئۈردى بېشىمغا.

— مەنمۇ بىرنى ئوقۇپ بېرەي، — دېدى ئارىدىن بىرى.
— قېنى ئوقۇ، مەن ئېلان قىلىپ بېرەي.
— ياق، ئۆزۈم ئېلان قىلالايمەن.
— قوشاق، ئۆزۈم ئورۇنلايمەن.

گېپىم تاتلىق ھەممىگە،
ناۋاتتەك، قەنتتەك.
مەن ئوقۇيمەن تىرىشىپ،
ئوسمان ئاكامدەك.

... ئۇلارنىڭ چۈچۈك تىللىرىدا ئېيتقان بۇ قوشاقلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلاردىن ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم.



# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

# ھەسەت ۋە تۆھمەت

## 1

ئۆيدىكى ئىشلار تۈگىمىگەچكە، مەنمۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئىشىمنى ئۆكتەبىر بايرىمىدىن كېيىنگە قالدۇردۇم. چۈنكى، يەنە نەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۆكتەبىر بايرىمىغا قويۇپ بېرىلەتتى، يەنە كېلىپ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئېچىلىش ئېھتىماللىقى ھەققىدىكى مىش - مىش گەپلەرمۇ كۆپىيىپ قالغانىدى. ئاپام بىلەن ئاكامچە بولسىغۇ مېنى ئۈرۈمچىدىكى بىرەر ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇتقۇسى بار ئىدى. لېكىن مەن مۇشۇ يېزىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىلىپ قالسا دېگەن ئۈمىدتە ئىدىم.

ئاكامنىڭ ئۈزۈم سودىسى بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى ياخشىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئاپاممۇ ئاكامنىڭ سودىسىنى قوللاپ بەرگەچكە، ئاكاممۇ بەزى كۈنلىرى تونىلاپ ئۈزۈم سېتىۋالاتتى.

ئاپام ئاسىم ئاكامنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنى ئۈزۈم پارلاش ئىشىغا مەسئۇل قىلغانىدى. ئۈزۈم پارلىغانلارنىڭ ئىش ھەققىنى كۈندە يېزىپ مېڭىش، بىر ھەپتىدە بىر ئىش ھەققى تارقىتىپ بېرىشنى ئېيتىپ، ئۈزۈم پارلاشقا كېتىدىغان خىراجەتنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېجەشنى تاپىلىدى.

ئاسىم ئاكامنىڭ كېلىشى بىلەن ئاپام خېلى ئارام تېپىپ قالدى. بۇرۇن ئاسىم ئاكام بىلەن تۇرسۇن دادامنىڭ ئىككى ئوغلى

بىللە ئىشلەيتتى. ئاپام ۋرشىت ئاكامنىڭ چوڭچىدىكى ھېلىقى قىلغان يۈزسىزلىكىنى ئويلىغان بولسا كېرەك، ئاتامنىڭ تۇغقانلىرىنى ياردەملىشىشكە چاقىرمىدى. بۇنى بوۋامۇ قوللىدى. دېمىسىمۇ ئاتام سودىدا ۋەيران بولۇۋىدى، ئۇلار نېسى قالغان پۇللىرىنى ئالدىدا ئېلىشقا ئالدىرىشىپ كەتكەنىدى. بوۋام چىڭ تۇرمىغان بولسا تۇغقانچىلىقتىن كېچىپ كېتىشەتتى. بىز تەكلەرنى ئاچىدىغان، كۆمىدىغان چاغلاردا ياردەملىشىپ بېرىدىغانلارمۇ شۇ نەچچىسىلا ئىدى، باشقا ياردەمچىلەر ئاپامنىڭ نەۋرە ئىنىلىرى ۋە قولۇم ـ قوشنىلار ئىدى. شۇ ئېغىر كۈنلەرنى ئويلىسام يىغلىغۇم كېلەتتى. ئاپام شۇ چاغدا چىش ئاغرىقىنىڭ دەردىنى تازا تارتقانىدى. ئەمدى چىش سالدۇرۇپ قويمىساق بولمايدۇ دەپ بۇ ئويۇمنى ئاكامغا دېگەنىدىم، ئاكام مېنىڭ ئەقلىمگە بارىكاللا ئېيتىپ كەتتى. ئۇ سودا ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئاپامغا چىش سالدۇرۇپ قويىدىغان ئىشنى ئۇنتۇپ قالغانىكەن.

كۆڭۈللۈك يەكشەنبە كۈنى چۈشلۈك تاماقنى يەۋېتىپ ئاپامنىڭ كوماك چىشلىرىغا قاراپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ ئاپامغا مەسلىھەت سالدىم.

— ئاپا، پۇلىمىزمۇ بار بولدى. ئۆتكەندە مەن «پۇل تاپسام ئاپامغا ئالتۇندىن چىش سالدۇرۇپ قويىمەن، ئۇنى قىلالمىسام كۈمۈشتىن بولسىمۇ سالدۇرۇپ قويىمەن» دېگەنىدىم. چىش سالدۇرۇۋال. قارا، تاماق يېيىشكىمۇ تەس ئىكەن.

— ئوقۇغان ئادەم دېگەن ئوقۇغان ئادەمدە، ئايلا. قارا ئۇنىڭ ئىنساپىغا، ئەقلىگە. بىزنىڭ ئەقلىمىزگە كەلمىگىنىنى بۇ ئىشنىڭ. راست، چىش سالدۇرۇۋال، — دېدى ئاسىم ئاكام مېنىڭ پىكرىمنى قۇۋۋەتلەپ.

— ۋاي، چىش سالدۇرۇپ نېمە قىلاي.

— چىش ياخشى بولمىسا بولمايدۇ. ئەتە ـ ئۆگۈن ئاشقازىنىڭ ئاغرىپ قالىدۇ. سەن تېخى ياش، بىزنىڭ كارىزدىكى

مەستۇرخان ئايلىنى بىلسەڭغۇ، شۇ ئايال 70 يېشىدا چىش سالدۇرۇپ، ياش چوكانلاردەك چىشىنى پارقىرىتىپ يۈرۈۋاتامدۇ.
— ئابابەكرىنىڭ ئىشلىرى سەل يۈرۈشۈۋالسۇن.
— ئۇنداق دېمە، ئايلا، مەن بولغاندىكىن خاتىرجەم بول. بىزنىڭ بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە سىلەر ياردەم قىلغان. ئاتامنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشقا پۇل بېرىپ تۇردۇڭلار، مېنىڭ تويۇمغىمۇ كۆپ ياردەم قىلدىڭلار، مەن سىلەرگە بىر ئۆمۈر قەرز. سەن داۋالانغىلى بېرىۋەر. پۇل دېگەننى جانغا ئەسقاتىدىكەن دەپ تاپىمىزغۇ. ئوسمانىنىڭ دېگىنى توغرا. ئاۋۋال چىش سالدۇرۇۋال.
— ھېچ بولمىسا تەتىل بولسۇن، ئۇكام، باللار...
— تەتىلگە قاراپ تۇرامسەن؟ باللاردىن غەم قىلما. تەكلەرنى يىغىپ بولدۇق. ئىككى كۈندە كۆمۈپ بولۇپ، باللا - چاقامنى ئېلىپ كېلىپ تۇرىمەن. باللارنىڭ ئاش - تامىقىدىن غەم قىلما، خاسىيەت بار. خاسىيەتنىڭ ئەتكەن تامىقىمۇ خېلى تەملىك، باللىرىڭ يارىتىدۇ...
— ئۇنداق دېمە ئۇكام، خاسىيەتخان ئۇنارمۇ؟
— ئۇنىمايدىغانمۇ ئىش بولامدۇ. ئەلۋەتتە ئۇنايدۇ. ئۇمۇ ئىككىمىزنىڭ تويىدا سىلەرنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭلارنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمۇ باللارغا قارىغاچ ئۆزۈم پارلىسا پۇل تاپىدۇ ئەمەسمۇ؟
— شۇنداق قىلساڭلارغۇ تازا ئوبدان بولاتتى.
— خاسىيەت ئايلام ئۆزۈم پارلايمەن، دەپمۇ يۈرمىسۇن. سېنىڭمۇ ئىككى بالاڭ بار. ئۆزۈم پارلىغانلارغا، بىزگە تاماق ئېتىپ بەرسۇن. بەربىر ئاشخانىغىمۇ بىر ئادەم كېتىدىغۇ؟
ئاپام مېنى شەھەرگە ئوقۇشقا ئېلىپ چىقىپ قويغاچ، دوختۇرغا بېرىپ داۋالىنىدىغان بولدى.
سادىق بايمۇ ئاكامنىڭ ئۈزۈملىرىنى ۋاقتىدا ئوبدان باھادا ئېلىپ تۇردى. ئاسىم ئاكام ئۇ كىشىنى خېلى ئوبدان بىلسىمۇ،

شۇنداق ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش تۇتاتتى. ئاكام سەل كىچىكلىك قىلسا، «پېشىنى تارتىپ قويۇپ» ئىشنى ئوڭشايتتى. بۇنىڭغا ئاكام نەچچە قېتىم خاپا بولۇپ ئاسىم ئاكامغا قاتتىق تەگكەندە، ئاپام ئاكامغا:

— سەن چەپ سودىغا ماڭساڭ يات كىشىلەر پېشىڭنى تارتىپ قويمايدۇ. ئاتاڭنىڭ پېشىنى تولا تارتىپ ھېرىپ ھالىم قالمىغان، ئەمدى سېنىڭ پېشىڭنى تارتىپ ھالىم قالمايدىغان ئوخشايدۇ. ئاسىم ئاكاڭ بىرىنچىدىن، سەندىن چوڭ، ھۆرمەتكە لايىق؛ ئۇ سەن ئىش ئۇقمايدىغان چاغدا ئاتاڭنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئۈزۈمچىلىك قىلدى، ئۈزۈمچىلىككە كەلگەندە ئۇ سەندىن پىششىق. ئۇنى سىلكىسەڭ، ئۇنىڭغا توڭلۇق قىلساڭ ماڭا توڭلۇق قىلغان بىلەن ئوخشاش. چوڭ دېگەن بەرىبىر چوڭ. ئۇنىڭ گېپىگە كىرسەڭ، ساڭا پايدا بولسا بولىدۇكى زىيان بولمايدۇ... — دەپ نەسىھەت قىلدى...

2

ئۆكتەبىر بايرىمىدىن كېيىنلا شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كېلىپ ياتاقتا ئورۇنلىشىۋالدىم. ئاپامۇ چىشىنى داۋالىتىپ بولۇپ، كېيىنرەك چىش سالدۇرغىلى يەنە كېلىمەن دەپ شۇ كەتكەنچە كەلمىدى. نېمىشقا كېلەلمەيدىغاندۇ؟ ئۆيدە بىرەر ئىش بولغاندىمۇ يا؟ كېچىچە ئاپامنىڭ نېمىشقا كەلمىگەنلىكىنى ئويلاپ چىقتىم. ئۆيىمىزدە چوقۇم بىرەر كېلىشمەسلىك چىققان گەپ. چوڭ ئىش چىقسا مېنى چوقۇم چاقىرغان بولاتتى. زادى نېمە ئىش بولغاندۇ؟ ئەتە مەن بېرىپ باقايمۇ يا؟ ياق، ياق، ئاپام مېنىڭ ئۇنداق قىلىشىمنى خالىمايدۇ. شۇڭا سەۋر قىلىپ ئاپامنىڭ كېلىشىنى كۈتەي.

ئاپام ئەنسىرەشلىرىمنى بىلگەندەكلا ئەتىسى مەكتەپكە كەلدى. چىرايى بۇرۇنقىدەك ئوچۇق بولسىمۇ نېمىشقىدۇر

كۆزلىرى ياشاڭغىراپ، مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. مەن نېمە بولغانلىقىنى سورىسام «ئازراق ئىش چىقىپ قالدى» دەپلا قويدى.

مەن ئۆيگە بېرىپ باقمىغىلى بىر ئايدىن ئاشقانىدى. دەسلەپكى بىر ئايدا ئاپام چىش سالدۇرىمەن دەپ، ھەپتىدە بىر دېگۈدەك، بەزىدە ئۈچ كۈندە بىر چىقىپ تۇرغاچقا ئانچە زېرىكمىگەنىدىم. كېيىن ئاپام ئۇزاققىچە كەلمىگەندىن كېيىن، ئۆيگە بېرىپ كېلىشنى ئويلىدىم.

ئالدىراش بازارغا چىقىپ، بوۋام، موماملار باشلىق ھەممىسىگە ئازراقتىن بولسىمۇ سوۋغا ئېلىۋالدىم ـ دە، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. يېزا مەركىزىدە چۈشۈپ قېلىپ توپىلىق يول بىلەن سومكامنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كەتتىم. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قوناقلىقتىن بۇرنۇمغا قوناقنىڭ نەم، قاڭسىق، توپا پۇرىقى بىلەن قارىمۇقنىڭ ھىدى ئۇرۇلاتتى. مانا ئەمدى يەنە 100 مېتىردەك يول ماڭسام بىزنىڭ بوستانكارىزغا ماڭىدىغان، ئىككى تەرىپىدە يانتاق، يۇلغۇن ئۆسكەن جىمجىت يولغا چىقىمەن. يەنە 20 مىنۇت ماڭساملا ئۆيگە بارىمەن.

قۇياش بارغانسېرى پەسلەۋاتاتتى. يول ياقىسىدىكى چۈنچىلەرگە كېلىپ ماكانلاشقان ئاق قۇشقاچلار چۇرقىرىشىپ سايرىشاتتى. مەن كارىزغا كەلگەندە شەپەق نۇرىغا چۈمگەن كارىز چۆچەكلەردىكى گۈزەل قەلئەگە، خان ئوردىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. يىراقتىنلا بىزنىڭ كارىزنىڭ ئېتىلىرىنىڭ قاۋاشلىرى، قوي ـ قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى ئاڭلىنىپ، مېنىڭ دولقۇنلىنىپ تۇرغان ھاياجىنىمنى داۋالغۇتۇپ، ئالغا قاراپ ئىنتىلدۇرەتتى.

ھويلىغا كىرىپ، سەل ھەيران بولۇپ قالدىم. بۇ چاغلاردا ئۈزۈم پارلايدىغانلار پارلاپ بولغان ئۈزۈملىرىنى ئاسىم ئاكامغا ئۆتكۈزۈۋاتقان بولاتتى. ھويلىمىز جىمجىت، ئامبارمۇ قۇرۇق ئىدى. بۇنداق قۇرۇق ئۈزۈم سودىسىنىڭ تازا جانلىنىدىغان ۋاقتىدا بۇ نېمە بولغىنىدۇ؟

بوۋام، مومام كەلگىنىمدىن خەۋەر تېپىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— شەھەردە ئوقۇسا قانداق بولىدىكەن؟ دەپ باققىنا، شەھەرلىكلەر بوزەك قىلمىغاندۇ؟

— نەدىكىنى بوزەك قىلىدۇ! مەن كىچىكىپ بارغان بولغاچقا ئىككى ساۋاقدىشىم كۈندە دەرستىن كېيىن بىر سائەتتىن ماڭا تەكرار قىلىپ بېرىۋاتىدۇ.

— مانا، مانا، شەھەرلىك دېگەننىڭ ھەممىسى ئەسكى ئەمەس. ھە، ھە، يەنچۇ؟ تامىقىڭنى قانداق قىلدىڭ؟

— مەكتەپ ئاشخانىسىمۇ بار ئىكەن. ئۈچ ۋاخ تاماق بېرىدۇ. چۈشلۈكى ئالدىراپ قالساق، مەكتەپنىڭ ئەتراپىدىكى ئاشخانىلاردىن يەيمىز.

— جېنىم قوزام، شۇ شەھەردە ئوقۇمىغان بولساڭ بولاتتى. ئاخشاملىرى ئاچ قورساق ھالدا تورۇسقا قاراپ ياتامدىغانمىدۇ دەپ كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق ياتىمەن. سېلىمخاندىن سورىسام تامىقى ياخشىكەن، توقاچ ئەۋەتتىم دەيدۇ. سېنىڭ تېنىڭ ئاجىز. ئۇنداق قاتتىق ـ قۇرۇق نەرسىلەر ئۇزۇق بولامتى، — دېدى مومام كۆز ياشلىرىنى لېچەككىنىڭ بۇرجىكى بىلەن ئېرتىپ.

— جاپا تارتماي ھالاۋەت يوق، مەيلى، ھازىر ئازراق جاپا تارتقانغا نېمە بولماقچىدى. كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇپ كېلىپ باقسۇن، ئەقلى تاغدەك ئادەم بولۇپ كېلىدۇ. ھەممە ئادەم ھەۋەس قىلىدىغان ئادەم بولىدۇ... بالام ئوسمان، نەدىلا ئوقۇ، ئەسل ـ ۋەسلىڭنى ئۇنتۇماي ياخشى ئادەم بول.

— ئەر كىشى دېگەننىڭ كۆڭلى شۇنداق قاتتىق بولىدىكەن... — مومام بۇ گەپنى دەپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلدى بولغاي گېپىنى بۇرىۋەتتى. ئاپام مومامنىڭ خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مومامنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ مومامنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇردى.

— نەچچە كۈن تۇرىسەن، بالام؟

— ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندە ماڭىمەن.
— بۇ قېتىم ياغلىق توقاچنى مەن يېقىپ بېرىمەن. سېلىمخان، سىز نان ياقمەن دېمەڭ.
— ئاپا، سىلى چوڭ بولۇپ قالدىلا، توقاچنى يەنىلا ئۆزۈم ياقاي، ئۇسمان مەن ياققان توقاچقا ئامراق ئىدى.
— خېمىرنى سىز يۇغۇرۇپ، ناننى راسلاپ بەرسىڭىز، مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياقاي.

3

ئاكامنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇزۇم سودىسى قىلمايۋاتقانلىقىنى سوراپ باقاي دېدىمىيۇ، سوراشقا پېتىنالماي تىتىلداپ يۈردۈم، ئاكام گارمۇشكا چېلىشتىن توختىغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭدىن سورىدىم.
— ئاكا، ئۇزۇم سودىسىنى نېمىشقا توختىتىپ قويدۇڭلار؟
— سەن يوق، ئالدىنقى ھەپتىدە ئۆيدە جىق ئىش چىقىپ كەتتى.
— قېنى دېگىنە، زادى نېمە ئىش بولدى؟
— قانداق ئىش بولاتتى، ئۆيدە ھېچكىم يوق چاغدا ئاپامنى سادىق باينىڭ ئايالى تىللاپ، ئۇرۇپتۇ.
— نېمىشقا؟!
— نېمىشقا بولاتتى، ئېرىمنى ئازدۇردۇڭ دەپ. بۇ گەپنى رىشىت تۇرسۇن داۋراڭ قىلىپ، ئاپامنى باش كۆتۈرۈپ تۇرغۇسىز قىلىۋەتتى.
— رىشىت دېگەن گۇينى دەسسەپ ـ چەيلىۋېتەيلى! شۇمۇ تۇغقان بولدىمۇ؟ ئاتام ئۇنىڭ ھۆرۈنلۈقىنى، قولىنىڭ ئەگرىلىكىنى بىلگەچكە ئاساسلىق ئىشقا ئاسىم ئاكامنى قويغانىدى، ئۇ مۇشۇ ئىشتىن قورسىقىدا غۇم ساقلاپ ھەرخىل گەپ تېپىپ ئاتامدىن دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن جىمىققانىدى.

ئاكامىۋ جىلە بولۇپ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ غەزىپىنى مىڭ تەستە بېسىپ ئولتۇراتتى.

— سادىق ئاكىمۇ تازا لامزەللە ئادەم ئوخشىمامدۇ؟ ئايالىنىڭ بۇ يەرگە چىقىپ جېدەل قىلغانلىقىغا قاراپ تۇرغاندىكىن...

— مېنىڭ ئۇلارنىڭكىگە ئۇزۇم ئۈتكۈزگىنىمگە، مېنىڭ ئۇزۇملىرىمنى سەل قىممەترەك ئېلىپ بەرگەنگە چىدىماپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە سادىق ئاكامۇ بەزىدە كەچلىرى كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىكەن.

— رىشىت دېگەن زابوينىڭ بوينىنى ئۇزۇۋېتىمەن!

— پوققا چالما ئاتساڭ ئۈزۈڭگە چاچرايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟

— قاراپ تۇرۇپ ئاپامنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكىنىنى دەيمەن.

— ئۇنى دېسەڭ، جادۇدا توغراپ، كۆلگە تاشلاپ بېلىقلارغا يەم قىلىۋەتسەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ھەي، ئۇ گۇينىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپنى ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدۇ، — ئاكام غەزەپتىن يېرىلاي دەپ قالغانىدى.

— ئۆتكەندىلا ئوغرىلىغان ئۇزۇملەرنى سامانلىقىمىزغا يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى ساقچى ئېنىقلىغاندىلا دەيدىغان ئىش ئىدى.

— شۇ چاغدا بوۋامغا تۇرسۇن دادام يالۋۇرۇپ تۇرۇۋېلىپ يەڭ ئىچىدە بېسىقتۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ قېتىم بوۋام بۇ ئاھانەتكە چىدىماي جامائەتنى يىغىپ ئاپامنىڭ شۇنداق ئېغىر كۇنلەرنى تارتقانلىقىنى، پەرىشتىدەك پاك ياشىغانلىقىنى دەپ بولۇپ، تۇغقانچىلىقتىن ۋاز كەچتى.

— خەق، نېمە دەيدۇ؟

— ئادەم دېگەننىڭ دوست ـ دۇشمىنى بولىدىكەن. دۇشمەنلىرىمىز بىرنى ئىككى قىلىپ گەپ تارقاتتى. دوستلىرىمىز ئۇلارغا لەنەت ـ نەپرەت ئوقۇدى شۇ...

— مەن ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلىمەن. بۇ دېگەن

پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق...— دېدىم مەن غەزەپلىنىپ.

كۆڭلۇم غەش ھالدا شەھەرگە يېنىپ كەلدىم. ئاپامنىڭ دەرد ـ ھەسرىتى شۇنچە كۆپ تۇرسا، ئەمدى كۆرەلمەس پىتنىخورلارنىڭ ھەسىتى، تۆھمىتى تاغدىن كەلگەن تاشقىنىدەك يوپۇرۇلۇپ كەلسە قانداق چىدايدۇ؟ ئاپامغا تۆھمەت قىلغانلار قان قۇسۇپ ئۆلسۇن !



## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

# كۆڭۈلسىز خەۋەر

ئۆزۈم شەھەردە بولغان بىلەن كۆڭلۈم يېزامدا قالغانىدى. بۇۋام، مومامنىڭ دەۋىتى بىلەن ئاپاملار سودىسىنى قايتىدىن باشلىۋەتتى. بۇرۇنقىدەك تونىنا - تونىنا ئۈزۈم سېتىۋالماي، ئاپامنىڭ «ئاز يەپ ئاسان تىرىل» دېگەن پرىنسىپى بويىچە قايسى خىل ئۈزۈم سودىسى ئوڭ كەلسە شۇنى قىلىپ مېڭىۋاتاتتى.

سوغۇق كىرىشى بىلەن ئۈزۈم سودىسىنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ نۇرغۇن ئۈزۈم خەقنىڭ ئۆيىدە بېسىلىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۈزۈم سودىگەرلىرى ئاساسەن ئۈزۈملىرىنى پارلاش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئاكاملارمۇ ھازىر ئۈزۈم پارلاش ئىشىنى قىلىۋاتاتتى.

چارەكلىك ئىمتىھاندا سىنىپ بويىچە ئۈچىنچى بولغانىدىم، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن سالاھىدىن بىلەن گۈلنىھال خۇشال بولۇپ كەتتى. نېمە ئۈچۈندۇر ئاشۇنداق خۇشال چاغلىرىمدا مايسەم يادىمغا كېلىپ قالاتتى. مەن شەھەرگە ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن مايسەم ئالىمدىن ئادرېسىمنى سوراپ نەچچە قېتىم خەت يازغانىدى.

سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىم مايسەمدىن كەلگەن خەتنى كۆرۈپ «ئوسمانىنىڭ قىز دوستىدىن خەت كەپتۇ» دەپ داۋراڭ سېلىشتى. ئادەتتىكى ساۋاقداشلار ئارا خەت يېزىشقاننىڭ نېمىسى يامان؟ ئۇنىڭ يازغان خەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى مەزمۇن تۇرسا.

تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندىن بۇيان تەنتەربىيىگىمۇ قىزىقىپ قالغانىدىم. كۈندە ياتاقتا ياتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى چېنىقتۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان ئوقۇتقۇچىمىز شۇنداق قاتتىق قول ئىدى. شۇڭا، سەھەر تۇرۇپ، چېنىقىشنى ئۆزۈمگە ئادەت قىلىۋالدىم. سەھەر تۇرۇشنى ئاپاممۇ تازا قوللايتتى. بۇ ئادىتىمنى داۋاملاشتۇرغىنىمغا ئۆزۈممۇ خۇشال ئىدىم. بۇرۇن ئاپام بىزنى سەھەر ئويغىتىۋەتسە خاپا بولاتتۇق، بىزنى سەھەر ئويغاتقان كۈنلەردە: «ئاپا، نېمانچە سەھەر تۇرغۇزۇۋېتىسەن؟» دەپ كايىساق، ئاپام: «سەھەر تۇرغان ئىنتىنىڭمۇ قورسىقى بالدۇر تويىدۇ، ‹يىلنىڭ ئىشى باھاردىن، كۈندىلىك ئىش سەھەردىن› دېگەن گەپ بار. سەھەر تۇرۇپ قىلغان ئىشنىڭ بەرىكىتى بار...» دەپ تۇرۇۋالاتتى. مانا ئەمدى سەھەر تۇرۇشقا كۆنۈپ كەتتىم.

مېنىڭ گارموشكا چالىدىغىنىممۇ ئالاھىدىلىكىم ھېسابلىنىپ، ياتاقداشلىرىم ۋە ساۋاقداشلىرىمنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەنىدىم. بۇرۇن مەن ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىش ئۈچۈن گارموشكا چالغان بولسام، ئەمدى دوستلىرىمنىڭ تەلپى بويىچە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ چالاتتىم. بەزى كۈنلىرى سىنىپ مەسئۇلىمىزمۇ مېنى سىنىپتا گارموشكا چالدۇرۇپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا نېمىشقا ئاكامدىن بۇرۇنراق ئۆگەنمىگەندىمەن؟ نېمىشقا كۆپرەك مەشىق قىلمىغاندىمەن؟ دەپ پۇشايمان قىلىپ كېتەتتىم. بۇرۇنراق ئۆگەنگەن بولسام تېخىمۇ ياخشى چالىدىغان بولۇپ قالماسمىدىم. بۇ مەكتەپتە تولۇقسىز سىنىپلارغا «مۇزىكا» دەرسىدە نوتا ئۆتىدىكەن. بۇنى ئاڭلاپ ئىچىمگە ئوت كەتتى. ئىسىت ! بىزگىمۇ «مۇزىكا» دەرسىدە نوتا ئۆگەتكەن بولسا، مەنمۇ نوتىغا قاراپ چالالايدىغان بولماسمىدىم... بۇ مەكتەپتىكى ھەربىر يېڭىلىقنى كۆرسەم ياكى بېشىمدىن ئۆتكۈزسەم، يېزا مەكتىپىمدىكى ئوقۇتۇشقا، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىگە بولغان كۆز قارىشىم سۇسلىشاتتى. ئۆز ۋاقتىدا «خىمىيە» مۇئەللىمىمىز خىمىيە دەرسىدىن بىر قېتىم تەجرىبە ئىشلىتىپ قويۇۋىدى،

جاھاندا يېگى مۆجىزە بولغاندەك خۇشال بولۇپ كەتكەنىدۇق. ئەمدى بولسا دەرسلىك كىتابتىكى ھەممە تەجرىبىلەرنى مەخسۇس تەجرىبە بىناسىدا ئىشلەيدىكەنمىز. مەن فىزىكا كۇرۇژۇكىغا قاتنىشىپ، رادىئو رېمونت قىلىش... قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۆگىنىۋالدىم. بىر تۇرۇپ يېزىدىكى ئوقۇتۇشنىڭ نېمىشقا شەھەردىكى ئوقۇتۇشقا ئوخشىمايدىغانلىقىغا، جۇملىدىن شەھەردىكى مەكتەپ بىلەن يېزىدىكى مەكتەپلەرنىڭ شارائىتىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىغا ئاچچىقىم كېلەتتى.

— بىزنىڭ يېزىدا تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ بار. ئوقۇتۇشى ياخشى ئەمەس. بىر يىل تولۇق بىرىنچى يىللىقنى ئوقۇدۇم. ھېچنېمە بىلمىدىم دېسەم بولماس، تۈزۈك بىر نېمە بىلەلمەي بۇ يەرگە كېلىپ، تولۇق بىرىنچى يىللىقنى تەكرار ئوقۇۋاتىمەن.

— مەن بۇرۇن، ھەممىدىن مۇھىمى تىرىشىپ ئوقۇش، ئېچكى ئامىل بىرىنچى دەپ قارايتتىم. تاشقى ئامىلمۇ مۇھىم ئىكەن، — دېدى قوشتاغ يېزىسىدىن كەلگەن ئەسئەت.

— مەنمۇ ئەسئەتتەك ئويلايتتىم. كىتابمۇ، چۈشەندۈرگەن مىساللارمۇ بار بولغاندىكىن ئۆيدە ئۆگەنسەممۇ ئۆگىنىپ بولىمەنغۇ، دەپمۇ باققان. بۇ يەرگە كېلىپ يېتەكچىنىڭ بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

— ئوسمان، سەن ھەقىقەتەن تىرىشچان ئىكەنسەن. بىر ئاي كېچىكىپ كېلىپمۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتتىڭ.

— سىلەرمۇ مەندەك ئىرادىگە كېلىپ ئوقۇساڭلار مەندىن ئېشىپ كېتىسىلەر.

مەن ئۇلارغا ئاتامنىڭ ئىشىنى سۆزلەپ بەرگەنىدىم، مېنىڭ جاپالىق كەچۈرمىشلىرىمنى ئاڭلاپ ھەممىسى ھېسداشلىق قىلىشتى.

— بىز سېنى «پىخسىق» دەپ كېتىپتىمىز. ئەسلىدە سەن ئاپاڭنى ئايايدىكەنسەن ـ دە! ھەي، سىلەرگە راستتىنلا چوڭ كېلىشمەسلىك كەپتۇ. ئاتاڭ ھايات تۇرۇپمۇ كۆرۈشەلمەيۋېتىپسەن.

بىز سەندىن ئۆگەنسەك بولغۇدەك، سەن ماڭا ھازىردىن باشلاپ ئۆگىنىش ئۈلگەم بولدۇڭ...

— ماڭىمۇ!

— ئاتامنىڭ ھېچقانداق دېرىكىنى ئالالمىغىلى خېلى بولدى. ئىزدەيمىز دەيمىز، نەدىن، قەيەردىن ئىزدىشىمىزنى بىلەلمەيمىز. نەچچە قېتىم ئاتام توغرۇلۇق كىچىككىنە يىپ ئۇچىغا ئىگە بولساقلا ئىزدىدۇق... تاپالمىدۇق.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، ئاتاڭ جىق پۇل تېپىپ ئېسىل پىكاپتىن بىرنى ئېلىپ ھەيدەپ كەلسۇن.

— دېگىنىڭ كەلسۇن، ئاداش، ئوسمانغىمۇ بىر ماشىنا ئېلىپ بېرەمدۇ تېخى...

— بىزگە ئاتامنىڭ جىققىدە پۇلى ئەمەس، ئۆزى كېرەك. سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا كەلمىگۇچە بىلمەيسىلەر، ئاتا قەدرى ھەقىقەتەن يامان ئىكەن. بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن كۈن ھېچكىمنىڭ بېشىغا كەلمىسۇن.

— ئاتاڭ تېلېگرامما ياكى تېلېفونمۇ قىلمىدىمۇ؟

— قوشنىمىز يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدۇ. شۇ كىشىگە بىر نەچچە قېتىم تېلېفون قىلىپ كېيىن تېلېفون قىلماس، خەتمۇ يازماس بولدى... كېيىنچە ھېچقانداق خەت - خەۋەرمۇ كەلمىدى.

— بىزنىڭ مەھەللىدىمۇ بىر ئادەم ئۇزۇم سودىسى قىلىدىغان. كېيىن ئۇنىمۇ شېرىكى ئوڭدا قويۇپ چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپتىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ كۈنىنىڭ تەسلىكىنى كۆرمىگۇچە بىلمەيسىلەر. ئاتاڭنىڭ ئىچكىرىدە تۇرغىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولغىنى، بولمىسا، كىچىككىنە قەرزى بارلارمۇ ھەرىدەك چاققىلى تۇرسا، روھى چۈشۈپ، ھېچ ئىش قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ...

ساۋاقداشلىرىم بۇرۇنقىغا قارىغاندا مېنى تېخىمۇ چۈشەندى بولغاي، ئۆگىنىش قىلسام «ئاكتىپ، كىتاب خالتىسى» دەپ

تۇرۇۋالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاتام توغرۇلۇق ھەر خىل گەپلەر قۇلىقىمىزغا كىرىپ تۇراتتى. ئالدىنقى ھەپتە ئۆيگە بارغاندا ساقچىخانىدىن ئاتامنىڭ دېرىكىنى قىلىپ كەلگەندە نېمە ئىشلىقىنى سورىساق، «بىزمۇ بىلمەيمىز، پەقەت ئاتاڭلارنىڭ مۇشۇ يېزىلىق ئادەم ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە ئىسپات سوراپ كۇنمىگىدىن ئۇچۇر كەلدى» دېدى. مەن ئۇلارنىڭ زادى نېمە دەپ كەلگەنلىكىنى، كېيىن قانداق بولغانلىقىنى بىلمەيلا شەھەرگە مەكتەپكە كەتكەچكە، كېيىن قانداق ئىش بولغانلىقىنى بىلىشكە شۇنداق ئالدىرىغانچە كۈنلەر شۇنچە ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. تىت - تىت بولغان چاغلاردا مەيداننىڭ ئەڭ چېتىگە بېرىپ گارموشكا چالاتتىم. ئۆز ۋاقتىدا ئاكامنىڭ ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى ئېرىق بويىغا بېرىپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن گارموشكا چالىدىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەنگەنىدىم. شۇ چاغلاردا ئاكام ئاتامنى سېغىنىپ، ئاتامنىڭ ھېچ بىر ئۇچۇرىنى ئالالماي تىت - تىت بولۇپ، مىسكىن كۆڭلىنى شۇ گارموشكىنى چېلىپ بىر دەملىك بولسىمۇ ئەمىن تاپتۇرغان ئىكەن - دە! ئاكام گارموشكا چېلىشنى ئۇنىڭ - بۇنىڭ چالغان چېلىشلىرىدىن ئۆگىنىۋالغانىدى. رادىئودىن بىر ئاڭلىغان ناخشىنى ئوخشىتىپ چالالايتتى. ئەگەر ئاكام سەنئەت كەسپىدە ئوقۇغان بولسا تالانتلىق سەنئەتكار بولاتتى.

مەنمۇ «قۇرۇق خىياللارنى سۈرۈپ ئولتۇرغۇچە دەرسلىرىمنى تىرىشىپ ئۆگىنەي، ئاتام مېنىڭ ياخشى ئوقۇپ يارامىلىق ئادەم بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلاتتى» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە بېرىپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. مەن يازغان «يۇرتۇم باغلىرى» ناملىق شېئىر مەكتەپنىڭ تام گېزىتىگە چىقتى. شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىمنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيتتىم. خۇشاللىقىمدا مەكتەپنى بىر ئايلىنىپ چىققانىدىم. تېخى، كەچلىك مۇزاكىرىدىن چىقىپ، يېرىم كېچىگىچە گارموشكا چېلىپمۇ ھارمىغانىدىم. كۈزنىڭ سوغۇق كېچىسى ئايدىڭدا ئولتۇرۇپ، كەڭ مەيداندا گارغا يۆلىنىپ گارموشكا چېلىش مەن ئۈچۈن شۇنداق

كۆڭۈللۈك ۋە راھەت سېزىلەتتى. مېنىڭ چالغان گارموشكامنى ياتاق بىناسى ئالدىغا چىقىپ ئاڭلايدىغان قىزلارمۇ بەزى - بەزىدە پەيدا بولۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئىچىدە خۇددى مايسەممۇ باردەك بىلىنەتتى.

مايسەمنىڭ ھېلىقى چاغدا كۆڭلىكىمنى يۇيۇپ بەرگىنى ئېسىمدىن زادىلا چىقمايتتى. مەن كىملەرنىڭ قەلبىدە، مايسەم مېنىڭ قەلبىمدە ھۆرمەتكە ئېرىشكەندىكىدەك، ھۆرمەتكە ئېرىشكەندىمەن؟ بۇ دۇنيالىقتا ئادەملەرگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىش كېرەككەن. ئۇنىڭ قىلغان شۇ كىچىككىنە ئىشى مېنىڭ قەلبىمگە مەڭگۇ ئورناپ كەتكەندى. مەن ئۇنىڭ دوستلۇق روھىنى مەڭگۇ قەدىرلەيمەن. ئۇنىڭغا ئۆزۈم سېتىۋالغانلىكى ھەرقانداق پايدىلىنىش ماتېرىيالىنى ئەۋەتىپ بېرىمەن... مەن ئاشۇنداق خىياللارنى قىلىپ پەقەت توڭلاپ بولالمىغاندا ياتاققا كىرىپ كەتتىم. بىزنىڭ ياتاقتا قارايدىغان بوۋايمۇ مېنىڭ گارموشكا چالىدىغانلىقىمنى بىلگەندىن بۇيان ماڭا ئىشكنى قىزغىنلىق بىلەن ئېچىپ بېرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەن بۇ بوۋاينىڭ ئىشىدىن ئۆيىدىكى چاغدا بوۋامنىڭ «كۆڭۈل دېگەن قىلدىن ئىنچىكە» دېگەن گېپىنىڭ تېگىگە يەتكەنىدىم.

يەكشەنبىلىك دەم ئېلىشتا ئۆيگە بېرىشنى پىلانلاپ، بىكەتكە باردىم. ئاپتوبۇس ئاسفالت يولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. گادىرماچ خىياللار مېنى ھەر ياققا سۆرەيتتى. ئاپتوبۇس يالىڭاچلانغان ئورمانلاردىن، ئېتىز - داللاردىن ئۆتكەندە كەچ كۈزنىڭ چىرايلىق مەنزىرىلىرى مېنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتسىمۇ كاللامدا ئاتامنىڭ سىيماسى بىر دەممۇ نېرى كەتمەيتتى. خىيال قىلىپ يېزىمىزغا كېلىپ قالغانلىقىمنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. يېزا مەركىزىدىن بوستانكارىزغا پىيادە مېڭىپ كەتتىم.

ئۆيگە شۇنداق كىرىشىمگە ئاپام، ئاكام، ئىككى سىڭلىم يەۋاتقان تاماقلىرىنى قويۇپ مەندىن قىزغىن ئەھۋال سوراشقىلى

تۇردى.

— كەل، بالام، ئەجەب رىزقلىق سەن. دائىم تاماق ئۈستىگە كېلىسەن. خۇدايىم رىزقىڭغا قوشۇپ بەختىڭنىمۇ بەرسۇن.

— ئوسمان ئاكا، مەن دېگەن كىتابنى ئالغاچ كەلدىڭمۇ؟

— سېنىڭ دېگىنىڭنى ئالماي كەلسەم سەندىن قۇتۇلغىلى بولامتىمۇ؟

— ئەسكى، مېنى شۇنداق كۆكەرمە كۆرۈپ قاپسەن ـ دە؟

— ياق، سەنمۇ خۇرشىدەمدەك ياخشى ئوقۇساڭلا نېمە ئالغاچ كەل، دېسەڭ شۇنى ئالغاچ كېلىمەن.

— گېپىڭ راست ـ ھە؟!

— ئەلۋەتتە.

— ئەمىسە ماڭا يانچۇق ئۈنئالغۇسى ئالغاچ كەل.

— قالتىسقۇ سەن؟ ئۇنى نېمە قىلىسەن؟

— ناخشا ئاڭلايمەن. ئۆگىنىش نەتىجەمنى ئاپامدىن سورا.

— ۋاي ـ ۋۇي، ئاران بىر قېتىم خۇرشىدەمدىن يۇقىرى نومۇر ئېلىۋېلىپلا ئۇنداق مەغرۇرلىنىپ كەتمە. مەغرۇرلۇق ئادەمنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ، كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ، دېگەن گەپ بار، — دېدى ئاكام خالىدەمنىڭ گېپىگە جاۋابەن.

— بولىدۇ، سەن ياخشى ئوقۇساڭلا مەن ئالغاچ كېلەي.

— رەھمەت ئاكا، پايپېقىڭنى سالە، يۇيۇپ بېرەي.

ھەممىمىز ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن كۇلۇپ كەتتۇق.

— ئاتامدىن بىرەر خەۋەر بارمۇ؟ ئۆتكەندە ساقچىخانىغا تېلېگرامما ئەۋەتكەنلەردىن يەنە ئۇچۇر كەلمىدىمۇ؟

— خىلمۇ خىل گەپ بار. قايسىسى راست، قايسىسى يالغان، بىزمۇ بىلەلمىدۇق. قايتا تېلېگرامما كەلمەپتۇ... — دېدى ئاپام.

— ئۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق دەپ، خەقلەر ئاتامنىڭ ئۈستىدىن خىلمۇخىل گەپلەرنى قىلىشتى. مەن ئۇ ئۆسەك گەپلەرگە ئىشەنمەيمەن، ئاتام چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ، پويىزغا

ئولتۇرۇپ كېلىۋاتامدۇ تېخى.

— …

ئاپام قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ جىمىپ قالدى. ئاكام تېلېۋىزورغا قارىغانچە گېپىمگە جاۋاب قايتۇرمىدى.

تالاغا چىقتىم. سېلىم سالتاڭنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا گۇدۇڭلاشقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ باقاي، دەپ ئۇلار تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئۇلار دۇكاننىڭ ئالدىدىكى سېمونت ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ موخوركا چېكىشىۋاتاتتى. موخۇركىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىغىچىلىك كېلەتتى. مەن توختاخۇن ئاكاملارنىڭ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىدىن بۇرۇلساملا ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقاتتىم. ئۇلارنىڭ ئاتام ھەققىدە گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ توختاپ قالدىم.

— ئابلىز باينى شياڭگاڭدا لىققىدە بىر ماشىنا ئالتۇن بىلەن تۇتۇۋاپتۇمىش. ھەممىسى كېسەك ئالتۇنمىش.

— ماڭەۋە، لىققىدە بىر ماشىنا ئالتۇن دېگەن جىق گەپ ئۇ. كېسەك ئالتۇن دېگەن ياركارىزنىڭ خۇمدىنىدىن چىققان خىش ئەمەس…

— شاڭخەيلىك تەتىيىنىڭ ئاتىسى شياڭگاڭدا شۇنداق چوڭ بايمىش. كىنولاردىكى شياڭگاڭلىق بايلاردەك جىق ئادەملىرى بارمىش.

— ئۇ خەنزۇ ئايالدىن بىر قىزى بار دەيدىغۇ؟

— ئىككى دەپ ئاڭلىغانىدىققۇ؟

— بىر دېگىنە، سېلىمخان ئايلا ئاڭلىسا قانداق بولۇپ كېتەر؟

— ھېلىمۇ ئاجايىپ غەيرەتلىك ئايال ئىكەن. ئابابەكرىنى سودىگەر قىلدى. ئوسماننى شەھەردە…

— باشقا كەلگەندە باتۇر.

— ھېلىقى ئۈچ كىشى كەلدىغۇ؟ شۇلار ئېلىپ كەلگەن پۇلنى ئابلىز ئەۋەتكەن گەپ. 30 نەچچە تۈمەن پۇلنى ئەكېلىپ

بېرىدىغان سارالڭ خەق يوق !

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ ئابلىز ھەرقانچە ئېزىپ كەتسىمۇ ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس جۇمۇ !

— ۋاي، جېنىم قوشنام، ئۇنداق بولمىسا بۇ گەپ نەدىن چىقىدۇ؟

— شۇ، كىمگە راھەت ئاچچىق ! ماڭىمۇ شۇنداق بەخت نېسىپ بولسىدى، ئىست...

— سەن قارنى يامان ئاچ پىتىنىڭ پوقىنى ئالمايدۇ ئۇ خەق.

— ئابلىزنىڭ ...

— ئاستا گەپ قىل، ئابلىمىت ئاكام كېلىۋاتامدۇ ـ نېمە؟

ئۇلارنىڭ بۇ گەپلىرىگە جىلە بولۇپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇرۇشماقچى بولدۇمىيۇ، يەنىلا ئاپامنى ئويلاپ ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋالدىم. مەن ئۇرۇشسام ئاپامنىڭ كۆڭلى ئازار يەيدۇ، دىلى رەنجىيدۇ. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ مېڭىشىمغا ئۇلارنىڭ پارىڭى يەنە باشلاندى. كېتەي، بۇلارنىڭ غەيۋىتىنى ئاڭلىماي، دەپ شۇنچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنى باشقۇرالمىدىم. ئۇلارنىڭ گېپىنى لېۋىمنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ ئاڭلىدىم.

— ئۇ ماشىنا سودىسى قىلارمىش.

— ئابابەكرىگە بىرەرنى ئەۋەتىۋەتىسىچۇ؟

— ئۇنداق ماشىنا ئۇرۇمچىدىمۇ يوقمىش.

— ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن گەپ، بولمىسا چوقۇم كېلەتتى.

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە. تۆت بالىسى يېتىم قالمىسۇن. جېنى ئامان بولسا قايتىپ كېلەر.

— ئۆتكەندە ساقچىخانىغا كەلگەن تېلېگراممىدىن قايسىڭنىڭ خەۋىرى بار؟

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە ئابلىز ئۆلۈپ كېتىپتۇدەك.

— ئۇنداق كۆڭۈلسىز گەپلەرنى قىلمىساڭلارچۇ!

— شۇنچىۋالا پۇل تاپقاندىكىن خوتۇن ـ باللىرىنى ئېلىپ چوڭ شەھەرگە كەتسە بولمامدىغاندۇ؟

— ھەي ساراڭ، ئۇ يەردە بىر خوتۇنى باردەك دەۋاتساق، قانداق قىلىپ ئىككى ئايالنى بىر يەردە تۇرغۇزىدۇ؟

— ھېلىمۇ 30 نەچچە تۇمەننى ئەۋەتىپ بەردى. شۇنىڭ ئۆزىمۇچۇ زور ئىلتىپات.

ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ گېپى لاۋزىلىشىپ بىر - بىرىنىڭ ياقىسىنى سىقىشقا ئۆتۈپ تارقاشتى. مەن ئۇلارنى ئىچىمدە نەچچىنى قارغاپ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ ئاكامنىڭ گارموشكىسىنى ئېلىپ ئاسماندىكى قوتانلىغان ئايغا قاراپ چېلىشقا باشلىدىم.

قۇلاق تۈۋۈمدىن بايىقى كىشىلەرنىڭ ئاتام توغرىسىدا دېيىشكەن ھەر خىل پاراڭلىرى نېرى كەتمەيتتى. «ئاڭلىشىمچە ئابلىز ئۆلۈپ كېتىپتۇدەك» دېگەن سۆز يۈرىكىمنى مۇجۇيتتى. ئاپام ئاڭلىسا قانچىلىك كۆڭلى يېرىم بولار؟ بولدىلا، ئاپام ئۇنداق شۇم خەۋەرلەرنى ئاڭلىمىسۇن....



## ئوتتۇز تۆتىنچى باب

# مەكتەپ

ئاكامنىڭ يەنە قايتىدىن ئۈزۈم سودىسىغا كىرىشكىنىنى ئاڭلاپ، ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. ئاكام سودا قىلسا ئاتام قايتىپ كېلىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلەتتىم. ئالدىنقى قېتىم ئاكامنىڭ سودىسى خېلى يۈرۈشۈپ قالغاندا سادىق ئاكىنىڭ ئايالىنىڭ قىلغان قىلىقى ئېسىمگە كېلىپ قېلىپ شۇنداق ئازابلاندىم. ئاپام ئۇ ئايال ئېيتقاندەك ئۇنداق ۋىجدانسىز ئايال ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مېھرى - مۇھەببىتىنى بىزگە، ئۆيگە بېغىشلىغان ئاق كۆڭۈل ئاپا ئىدى. ئاتامنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكى ئاپامغا قاتتىق ئەلەم بولغانىدى. ئۇ ئىشلارنى ئويلىغانسېرى ئاپامغا شۇنداق ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. ئۆينى تولا خىيال قىلىپ ئۇيقۇمۇ قېچىپ كەتكەنىدى. ياتاقتىكىلەر بولسا ئاللىقاچان شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولۇشقانىدى. مېنىڭ ئۇلارغا مەستلىكىم كېلىپ كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ ئۇخلاشقا ئۇرۇنساممۇ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيۋاتاتتى.

كۆزۈم ئەمدى ئۇيقۇغا بېرىشىغا، سۇلتان يەنە جۆيلۈگىلى تۇردى. ئۇنىڭ شۇ جۆيلۈشلىرىدىن ھەيرانمەن. ھەر قېتىم جۆيلۈگەندە نېمىدىندۇر قورقۇپ يىغلاپ، نېمىنىدۇر بىر نېمىنى قوغلايدۇ. «توختا، توختا دەيمەن...» ئۇ شۇ تەرىقىدە خېلى جۆيلۈدى. ئۇنىڭ بۇنداق جۆيلۈيدىغانلىقىنى ياتاقتىكىلەر ئۇ ئويغانغاندا دېسەك، مەن ئۇنداق جۆيلۈمەيمەن دەپ تۇرۇۋالاتتى. سائەت 12نىڭ قارىسىنى ئالغان بولسىمۇ كۆزۈمگە ھېچ ئۇيقۇ

كەلمەيۋاتاتتى. ئەتىكى دەرسكە كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن، كۆزۈمنى مەجبۇرىي يۇمۇپ ياتتىم....

سىنىپتا ساۋاقداشلار يېڭى يىلنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتاتتى. ئۆيىمىزدىكى ئىشلارنى تولا ئويلاپ جىمىغۇرلىشىپ قالغان بولسام كېرەك، تالاش ـ تارتىشلارغا ئارىلاشمىغىنىمنى سىنىپ مەسئۇلىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم كۆرۈپ، مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ بىرمۇنچە نەسىھەت قىلدى. مەن ئاتامنىڭ ئىشىنى مۇئەللىمگە قىسقىچىلا چۈشەندۈردۈم.

— مۇنداق دېگىن! مەن تېخى سېنى خاتا چۈشىنىپ قاپتىمەن. ئادەم دېگەننىڭ بېشىغا نى دەرد ـ ئەلەملەر كېلىدۇ. قەيسەر بول. ئاتاڭ چوقۇم كېلىدۇ. ئاتاڭ سىلەرگە بەخت يارىتىش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەۋاتقاندۇ. سەن تىرىشىپ ئوقۇپ، ئاتاڭغا ئۆزۈڭنىڭ ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن جاۋاب قايتۇر...

— رەھمەت، مۇئەللىم. مەن تىرىشىپ ئوقۇيمەن. مەن چوقۇم ئالىي مەكتەپكە ئۆتىمەن. قانۇن ئۆگىنىمەن...

— يارايسەن، ئادەم دېگەن مۇشۇنداق ئىرادىگە ۋە غەيرەتكە كېلىشى كېرەك. ئۆزۈڭنىڭ نىشانىنى بەلگىلىگىنىڭدىن قارىغاندا سەن بۇرۇنلا بۇ ھەقتە ئويلانغانىكەنسەن. ھەممە ئوقۇغۇچى شۇنداق ئويلانغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولغان بولاتتى. ئادەم ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە قانچە بۇرۇن ئويلانسا شۇنچە ياخشى، قانچە بالدۇر كەلگۈسى ھەققىدە ئويلانسا، شۇنچە بالدۇر مەقسىتىگە يېتىدۇ... ئويلاپ باقسام مەنمۇ سەندەك يېشىمدا ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئويلانمىغانىكەنمەن. سەن مۇشۇ ئىرادەڭ بىلەن تىرىشساڭ كەلگۈسىدە چوقۇم ئەڭ يارامىلىق ئادەم بولىسەن. مەن سېنىڭ ئارزۇيۇڭغا يېتىشىڭنى تىلەيمەن. زېرىككەن چاغلاردا مېنى ئىزدە. ئىككىمىز تازا مۇڭدىشايلى. مېنىڭمۇ تازا زېرىكىدىغان چاغلىرىم بار. ئادەم شۇنداق چاغدا مۇڭدىشىدىغان، سىردىشىدىغان ئادەمگە موھتاج بولىدۇ...

مەن مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ روھلىنىپ كەتتىم. ئىككىنچى سائەتلىك تەنەپپۇس ۋاقتىدا تەنتەربىيە ھەيئىتىمىز نەچچە پارچە خەتنى قولىدا پۇلاڭلىتىپ خەت ئىگىلىرىنى چاقىرغىلى تۇردى.

— ئوسمان ئابلىز!

مەن خەتنى ئېلىپ ئورنۇمغا كېلىشىمگە كەينىمدىكى پارتىدا ئولتۇرىدىغان دىلشات قولۇمدىن خەتنى شارتتىدە ئېلىۋالدى.

— يەنە شۇ قىزدىن كەپتۇ!

— كىم ئۇ، ئوسمان؟ — دېدى گۈلنىھال كۆلۈپ تۇرۇپ، يېنىدىكىلەرگە بىر قارىۋېتىپ.

— ساۋاقدىشىم.

— ئەلۋەتتە ساۋاقدىشىڭ، بىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمىز...

— ئۇنداق چوڭقۇر ئويلاپ كەتمەڭلار.

— ئەمىسە بۇ خەتنى ھەممىمىز ئوقۇيمىز، بولامدۇ؟

— خەت دېگەن خەقنىڭ مەخپىيەتلىكى، ئۇنىمۇ «ئوقۇپ باقمىز» دېگىنىڭلار تولىمۇ يولسىزلىق، — سۇلتان يېنىمدىكى ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۇرۇشىدىغان ئەلپازدا قاپىقىنى تۈرۈپ، مۇشتلىرىنى تۈگۈپ تۇراتتى.

— بۇلار چاقچاق قىلىۋاتىدۇ.

— ماڭا بىرەرسىدىن خەت كېلىدىغان بولسا، سىنىپتا «ئەدەبىيات» سائىتىدە ھېكايە ئوقۇغاندەك ئوقۇپ بېرەتتىم!

— ئۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى.

— ۋاي - ۋۇي، بىر پارچە خەت كېلىپ قالسا بولۇپ كەتكىنىنى، تايىنلىق، سەھرانىڭ ئاپتىپىدا كۆيۈپ كەتكەن قارا كۆسەيدەك بىرىدۇ ھەرقاچان؟

دەرس ۋاقتىدا پارتىدىشىم گۈلنىھالنىڭ قىمىرلاپ ئولتۇرالمىغىنىغا ئىچىم پۇشۇپ ئۇنىڭغا قارىغانىدىم. ئۇ ئىككىلىك خەت يېزىپ ئالدىمغا سۈرۈپ قويدى. مەن ئۇنىڭ خېتىنى ئېچىپ ئوقۇدۇم.

*«ئوسمان، بايامقى خەتنى مۇشۇ سائەتتىلا ئىككى قېتىم*

*ئوقۇپ چىقتىڭ. ئۇ خەت ساڭا شۇنچىلىك مۇھىممۇ؟ قىز ساۋاقدىشىڭ بولسا ماڭا تونۇشتۇرۇپ قوي، سېنى ئىزدەپ شەھەرگە كىرسە بىزنىڭكىدە تۇرسا بولىدۇ... چوقۇم تونۇشتۇرۇپ قوي ـ ھە! ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالىمىز. مۇمكىن بولسا خەتنى مەنمۇ ئوقۇپ باقاي. مەنمۇ سېنىڭ يېقىن دوستۇڭ بولغاندىكىن ھېچنېمە بولماس.»*

مەن ئۇ بەرگەن خەتنىڭ ئارقىسىغىلا ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىپ مۇئەللىم قارىمىغان چاغدا ئاستا ئۇنىڭ ئالدىغا سۇرۇپ قويدۇم.

*«گۈلنىھال، خېتىڭنى ئوقۇدۇم. تولۇقسىزدا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىمدىن كەپتۇ. ئەھۋال سوراپ، ئۆزئارا بەسلىشىپ ئۆگىنەيلى دەپتۇ. «تونۇشتۇرۇپ قوي» دېگىنىڭگە رەھمەت. ئۇ ساۋاقدىشىمنىڭ ئىسمى مايسەم. ئۆزى ئىسمىغا ئوخشاشلا چىرايلىق، ئەقىللىق، تىرىشچان قىز. ئۇ مۇشۇ يىتى تىرىشسا مەندىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ساڭا كېيىن تونۇشتۇرۇپ قويىمەن.»*

ئۇ باغاقچىنى ئوقۇپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ـ دە، مەشىق دەپتىرىنىڭ ئارقىسىغا خەنزۇچە «رەھمەت» دېگەن خەتنى يېزىپ كۆرسىتىپ قويۇپ دوسكىغا قارىۋالدى. مەن ئۇنىڭغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ ئۇنى كۆزەتتىم. ئۇنىڭ سۈزۈك يۈزى، قەلەمتىراشنىڭ دەستىسىدەك تۈز قاڭشىرى، كەينىگە ئېگىلىپ تۇرغان كىرپىكلىرى ئىچىدىكى دائىم كۈلۈپ تۇرىدىغان قويكۆزلىرى ياندىن قارىسىمۇ شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە سەپسىلىپ قاراۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ قېلىپ ھۇپپىدە قىزىرىپ، لاپپىدە بىر قارىدى ـ دە، يەنە دوسكىغا قارىۋالدى. ئۇ شۇ سائەتتە مېنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقان ـ قارىمايۋاتقانلىقىمنى بىردەم ـ بىردەم كۆزىتىپ قاراپ چىقتى. مەن ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇزۇپ قويغانلىقىمدىن خىجىل بولۇپ،

ئۈنىڭغا قارىماي ئولتۇردۇم. تەنەپپۇسقا گۇدۇك چېلىنىشى بىلەنلا ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىنىپنىڭ كەينىگە چىقىپ، مايسەمنىڭ خېتىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇش ئۈچۈن خەتنى ئاۋايلاپ ئاچتىم.

مايسەمنىڭ خېتى مۇنداق يېزىلغانىدى:

*«ساۋاقداش ئوسمان! قانداق ئەھۋالىڭ؟ ئوقۇشلىرىڭ ئۈنۈملۈكمۇ؟ سەن نەدىلا ئوقۇساڭ بۇرۇنقىدەك تىرىشىپ ئوقۇيسەن.*

*مەندىن ئەھۋال سورىساڭ سالامەتلىكىم ياخشى. بويۇم ئىككى سانتىمېتىر ئۆسۈپتۇ (چاقچاق)، باشقا ساۋاقداشلارمۇ ساق ـ سالامەت. سالىمىڭنى يەتكۈزدۈم.*

*ئالدىنقى خېتىڭدە، ساۋاقداشلىرىمنىڭ مېنى يەكلىگەن ـ يەكلىمىگەنلىكىنى سوراپتىكەنسەن. سورىغىنىڭغا رەھمەت. دەسلەپتە بەزىلەر يۈزۈمدىن يۈزۈمگىلا، «گادايلارنىڭ ئوقۇيدىغان مەكتىپىمۇ يوق...» دەپ دارتىملىدى. راست، بىزنىڭ يېزا ئۇلارنىڭ يېزىسىدەك باي ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ بۇ گەپ مېنىڭ غۇرۇرۇمغا تەگدى، دەرھاللا تەڭ تۇرمىدىم. سىنىپ مەسئۇلىمىز بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ شۇنداق دېگەنلەرنىڭ ئەدىپىنى بەردى. سىنىپ يىغىنىدا ئۇنداق يۇرتۋازلىق، مەھەللىۋازلىق قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى جازالايدىغانلىقىنى ئېيتتىۋىدى، ھەممىسى بېسىقتى. بىزنىڭ يېزىدىمۇ بىلىملىك ئوقۇتقۇچىلار كۆپ بولغان بولسا، بىزمۇ بۇ مەكتەپكە كېلىپ ئولتۇرمايتتۇق، دەپ ئويلاپ، دوختۇر بولۇش غايەمدىن ۋاز كېچىپ، ئوقۇتقۇچى بولۇش نىيىتىگە كەلدىم... بۇ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن مەن ياتسىراپلا قالدىم. بۇ مەكتەپتە بۇرۇنقى ساۋاقداشلاردىن بەشىمىز بار. قېرىشقاندەك بىزنىڭ سىنىپتا مەن يالغۇز. تەنەپپۇسقا چىقىپلا ھەممىمىز بىر يەرگە جەم بولۇپ ئۆز ۋاقتىدىكى كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەرنى ئەسلەپ پاراڭلىشىپ كېتىمىز.*

*ئۆزۈڭچۇ؟ شەھەر تۇرمۇشىغا كۆنىمىدىم دەپ يېزىپتىكەنسەن؟*

*ھازىر كۆنۈپ قالغانسەن؟ سېنىڭغۇ ئىرادەڭ شۇنداق كۈچلۈك. چوقۇم مەقسىتىڭگە يېتەلەيسەن. شاھادەتنى بىلىسەنغۇ؟ ئۇنىڭ ئاتىسى سېنى، ‹قىزىمغا ئىمتىھان ۋاقتىدا دەپ بەرمىدىڭ› دەپ تىللاپتىكەنغۇ؟ شاھادەت قوشنا سىنىپتا ئوقۇيدۇ. ئۇنى تۈنۈگۈن ئاچاملارنىڭكىگە چۈشلۈك تاماققا چاقىرغانىدىم، سېنىڭ گېپىڭ چىقىشى بىلەن يىغلاپ كەتتى. مەن دەسلەپ ئۇنى خاتا چۈشىنىپتىكەنمەن. ئۇنى يىغىدىن ئاران توختاتتىم.*

*ئۇ، مەن قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇنىڭغا خەت يازىمەن. ‹ئوسمان› دېگەن ئىسمىنى ئاڭلىسامۇ خىجىللىق ھېس قىلىمەن، دەيدۇ.*

*شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا، سېنىڭ ئۇنى كەچۈرىدىغانلىقىڭنى ئېيتتىم. ساڭا ئىشىنىپ، سەندىن رۇخسەتسىزلا شۇنداق دېگىنىمنى كەچۈر. ئەگەر شاھادەتنى كەچۈرسەڭ مۇشۇ خېتىڭگە قوشۇپ كەچۈرىدىغانلىقىڭنى يېزىپ قويارسەن.*

*كۆپ ۋاقتىڭنى ئالدىم. جاۋاب يېزىشنى ئۇنتۇما.*
*تېنىڭگە سالامەتلىك، ئوقۇشۇڭغا ئۇتۇق تىلەيمەن.»*

مايسەمنىڭ خېتىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا ئەڭ كەينىدىكى پارتىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يازدىم.

*«ساۋاقدىشىم مايسەم! قانداق ئەھۋالىڭ؟ بويۇڭنىڭ ئىككى سانتىمېتىر ئۆسكەنلىكىگە مۇبارەك بولسۇن! سىلەر ھەر نېمە بولسا بەش ساۋاقداش پاراڭلىشىپ تۇرىدىكەنسىلەر. مەن بۇ يەردە يالغۇز. بىراق، ياتاقتىكى ساۋاقداشلىرىم شۇنداق ياخشى، ئۆم، ئىناق ئۆتىمىز. سىنىپتىكى ساۋاقداشلاردىن بىر قانچىسى بىزدەك يېزىدىن كەلگەنلەرنى زاڭلىق قىلغانىدى،.بۇنى سىنىپ مەسئۇلىمىز بىلىپ قېلىپ تەنقىدلىگەندىن كېيىن ئۇنداق دېمەيدىغان بولدى.*

*ساۋاقداش مايسەم، ھەر قېتىم سەندىن خەت كەلسە ساۋاقداشلىرىم باشقىچە ئويلىشىپ كېتىدىكەن.*

*بىز دېگەن ئوقۇغۇچى، ئالدىمىزدا ھاياتنىڭ تالاي سىناقلىرى بار. مەن ئۇلارغا خېلى چۈشەندۈرگەن بولساممۇ، ئۆز گەپلىرىدە چىڭ تۇرۇۋشتى. تېخى پارتىدىشىم گۈلنىھال بەزىدە ‹چىرايلىق ساۋاقدىشىڭىزدىن خەت كەلمەيدىغۇ› دەپ سوراپ قويىدۇ. دەسلەپتە شۇنداق ئاچچىقىم كەلگەنىدى. كېيىن ئاچچىقىم كەلگەنچە مېنى جىلە قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ جىلە بولمايدىغان بولۇپ قالدىم...*

*مايسەم، بەلكىم سەنمۇ بىزنىڭ كارىزغا بارغاندا ئاتامنىڭ ئىشىنى ئاڭلىغانسەن. ئاتام سودىدا قويۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن بىرلا قېتىم كەلگەنچە ئىز ـ دېرىكى بولمىدى. سەن قانداقلا چۈشەن، مەن ئاتامغا ئىشىنىمەن. ئاتام ئۇنداق ۋىجدانسىزلاردىن ئەمەس! بۇ سۆزلەرنى ساڭا دەپ كېتىپتىمەنغۇ، مېنى كەچۈر...*

*ساۋاقداش مايسەم، بۇ خەتكە قوشۇپ ئەدەبىيات پايدىلىنىش ماتېرىيالى ئەۋەتتىم، پايدىلىنارسەن. يەنە ئەۋەتىمەن. ئىمتىھان سوئالىنىڭ ئارتۇقى بولسا ساڭا ئېلىپ قويىمەن. سەنمۇ ئېلىپ قوي. ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ كۆرۈپ باقايلى.*

*خوش، ئامان بولغىن، ئوقۇشۇڭغا ئۇتۇق ۋە ئۇنۇم تىلەيمەن.»*

مايسەم ئىككىمىز قانداق ئۆگىنىش توغرىسىدا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ تۇردۇق. بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىم مېنى باشقىچە چۈشەندى، خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقان ساۋاقداشلىرىم ئۆگىنىشتە ئۆزئارا بەسلىشىدىغانلىقىمىزنى ئۇققاچقا، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەتنى باشقىچە ئويلىمىدى، ئەكسىچە بۇ ياخشى ئىشىمىزنى قوللىدى.

## ئوتتۇز بەشىنچى باب

# ئاتا سەن نەدە؟

1

يېڭى يىل بايرىمىغا ئۆلىنىپلا مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلار باشلىنىپ كەتتى. ھەممىمىز ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدىراش تەييارلىق قىلىپ يۈردۇق. ئاخىر ئىمتىھانمۇ تۈگىدى.

ئىمتىھانلار تۈگەپ ياتاقتىكى ساۋاقداشلار ئۆيلەرگە كېتىدىغانغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە ئىمتىھان نەتىجىلىرىمىز چىقتى. سىنىپ بويىچىلا ئەمەس، تولۇق 1 ـ يىللىقلار بويىچە بىرىنچى بولغاندىم. خۇشاللىقىمدا كۆز چاناقلىرىم لىققىدە ياشقا تولدى. سىنىپ مەسئۇلىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىممۇ خۇشال بولۇپ مېنى چاقىردى.

— ئوسمان، ساڭا تاپشۇرىدىغان بىر تاپشۇرۇق بار، ئورۇندىيالامسەن؟

— قانداق ئىش ئىدى؟ مەن ئورۇندىيالايدىغان تاپشۇرۇقمۇ؟

— ئورۇندايمەن دېسەڭ ئورۇندىيالايدىغان، قىلالمايمەن دېسەڭ قىلالمايدىغان ئىش.

— ئۇنداق بولسا چوقۇم ئورۇندايمەن.

— مەن يۇرتىمىزنىڭ يەر ـناملىرىنى توپلاپ، رەتلەۋاتقانىدىم. بۇ تەتىلدە قوشتاغ تەرەپكە بارىمەن. بوش ۋاقتىڭ چىقسا يېزاڭلاردىكى يەر ـ ناملىرىنى خاتىرىلەپ چىق.

— چاتاق يوق!

— مانا بۇ ئۇلگە. چوقۇم مۇشۇ بويىچە خاتىرىلە. بەزى مەزمۇنلار بولمىسا، ئاق قويۇپ قويساڭ بولىدۇ.

— بۇرۇن مەن قوشاقلارنى رەتلىگەنىدىم.

— ۋاھ، بىز ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى قىلالمىغان ئىشلارنى سەن قىپتىكەنسەن. ئۇنداقتا شۇ قوشاقلارنى تەتىلدىن يىغقاندا ئالغاچ كەلسەڭ، بىرەر ژۇرنالغا ياكى بىرەر گېزىتكە ئەۋەتىپ بېرەي.

— ياتاقتىلا بار.

— ئەمىسە، ئۆيۈڭگە مېڭىشتىن ئىلگىرى ئاققا كۆچۈرۈپ ماڭا ئاچىقىپ بەر. مانا بۇ ئىش قەغىزىگە كۆچۈر. خەتلەرنى ئېنىق توغرا ياز. توپلىغان جاينى، كىم، قاچان، قايسى ۋاقىتتا ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى، ئېيتىپ بەرگۈچىنىڭ يېشىنى، ساۋاتلىق، ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنىمۇ خاتىرىلەپ قوي...

— مەن توپلىغان قوشاقلارنى گېزىت ـ ژۇرناللار باسارمۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، مانا قارا، — مۇئەللىم تارتمىسىدىن بىر ژۇرنالنى ئېلىپ بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ توپلىغان ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ بېسىلغانلىقىنى كۆرسەتتى.

مۇئەللىمگە قوشاقلارنى رەتلەپ، چىرايلىق قىلىپ ئاققا كۆچۈرۈپ، ئۆزۈم يازغان ئىككى پارچە شېئىرىمنىمۇ قوشۇپ بەردىم.

— شېئىرمۇ يازىمەن دېگىن. بۇرۇن نېمىشقا كۆرسەتمىگەنىدىڭ؟

— خىجىل بولۇپ.

— بىلىم ئېلىش يولىدا خىجىل بولۇش، ئېنىقنى ئېيتقاندا بىلمىگەننى سوراشقا، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىلمىي ئەمگىكىنى باشـ قىلارغا كۆرسىتىشكە خىجىل بولۇش ياخشى ئىش ئەمەس، تارتىنـ ما، كىتاب ـ ژۇرنال لازىم بولسا مەندىن سورا...

مۇئەللىمنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قايتىدىن روھلىنىپ

كەتتىم.

تەتلىنىڭ ئىككىنچى كۈنىلا بوۋامنىڭ يېنىغا كىرىپ ئەتراپتىكى كارىزلارنىڭ ناملىرىنى سوراپ ئىگىلەشكە باشلىدىم. بوۋاملا 14 كارىزنىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ۋە قوشنا يېزىدىكى ئۈچ مەھەللىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى. مەن ھەممىسىنى ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم كۆرسەتكەن ئۇسۇل بويىچە رەتلەپ خاتىرىلەپ چىقتىم.

مېنىڭ قىلىۋاتقان بۇ ئىشىمنى كۆرگەن ئاسىم ئاكاممۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدا قوي باقىلى چىققانلاردا ئاڭلىغان جاڭگالنىڭ ئىسىملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇلارنى يېزىپ نېمە قىلىسەن؟

— خاتىرىلەپ قويىمەن. ساقلىنىپ قالىدۇ. مۇئەللىمىم تاپشۇرغان تاپشۇرۇق بۇ!

— شەھەردىكى ئوقۇتۇش قالتىسكەن جۇمۇ! مۇشۇ يەرلەرنىڭ ئىشلىرىنىمۇ سۆزلەيدىكەن. شۇ مۇئەللىمىڭ كەلگەن بولسا بىر مېھمان قىلىۋالساق بولغۇدەك.

— ئۆتكەندە يېزىپ يۈرگەن قوشاقلىرىڭنى قانداق قىلدىڭ؟

— ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمگە بېرىپ قويۇپ كەلدىم. بىرەر گېزىتكە ياكى ژۇرنالغا ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولدى.

— ئىسمىڭ گېزىتكە چىقىدىكەن - دە؟

— گېزىتكە يارىسا چىقىدۇ، يارىمىسا چىقمايدۇ.

— سەن ئەتە - ئۆگۈن بىزنىڭ كارىزغا بار. بىزنىڭ كارىزدىكى تۇرسۇنخان ئانىنىڭ بىر كۈن ئېيتسىمۇ تۈگىمەيدىغان قوشاقلىرى بار. بېرىپ خاتىرىلىۋال. تويى - تۆكۈنلەردە بېيىت ئېيتىدىغان بولسا، ھەممە خەق ئاغزىغا قاراپلا قالىدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىمدا كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇيقۇم كەلمىگەنسېرى، ئاكامنىڭ گارموشكا چالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىغا ئاچچىقىم كەلدى. ئاكام مۇڭلۇق مۇزىكا چالسا مەن

ئەللەيلىنىپ ئۇخلاپ قالاتتىم. كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىگەندىن كېيىن گارموشكا چېلىشنى مەشىق قىلاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئاكام تالادىن كىردى.

— ئاكا، سەن ماڭا بۇ سازنى چېلىشنى ئۆگەتكەنىدىڭ. نېمىشقا ئۆزۈڭ مەشىق قىلماس بولۇپ قالدىڭ؟

— نەدىكى چولا دەيسەن.

— مۇشۇنداق ۋاقلاردا چولاڭ تېگىدىكەنغۇ؟

— ھېرىپ كەتتىم.

مەن ئارتۇقچە بىر نېمە دېمىدىم. دېمىسىمۇ بىر كۈن ئۇيان - بۇيانغا تولا مېڭىپ ھېرىپ كېتىدۇ - دە. شۇ ئارىدا بىر ھازادىن كېيىن ئاكام جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئېغىز ئاچتى.

— مېنىڭچە ئاتام چوقۇم بىرەر پالاكەتكە يولۇقتى، ئۇسمان بولمىسا بىز باللارنى دەپ بولسىمۇ كېلەتتى. ھېچ بولمىسا خەت يېزىپ قوياتتى. ئۆتكەندە خەت يازدىغۇ... ئۇنىڭدىن كېيىن نېمىشقا خەت يازمىغاندۇ؟ ئاتام چوقۇم بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىغان گەپ.

— كاپىتان گرانتىدەكمۇ؟

— نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟

مەن ئاكامغا «كاپىتان گرانتىنىڭ پەرزەنتلىرى»دىكى ۋەقەلىكنى قىسقىچە قىلىپ سۆزلەپ بەردىم.

— ئۇلارغا نېملا بولسۇن، ئۇچۇر كەپتىكەن. بىزگە يوق. خەقنىڭ ئۇ يەردىمىكىن، بۇ يەردىمىكىن، دېگەن ئەپقاچتى گەپلىرىگە ئىشىنىپلا يۈردۇق. تاپالىساق - تاپالمىساق ئاتام بارغان شەھەرلەرگە بېرىپ، ھەر بىر شەھەردە كەم دېگەندە ئۈچ كۈن تۇرۇپ ئىزدەپ باقساق، كىچىككىنە يىپ ئۇچى بولسىمۇ چىقاتتى... — دېدى ئاكام مەيۇسلىنىپ.

كۆزۈمگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. تالاغا چىقىپ قىشنىڭ سۈزۈك ھەم سوغۇق ئاسمىنىغا قاراپ سان - ساناقسىز يۇلتۇزلاردىن ئاتامنى ئىزدەپ باقتىم. چاپىنىمنى يېپىنچاقلاپ،

ئايغىمنىڭ بوغقۇچلىرىنى چەگمەيلا تالاغا چىققان بولغاچقا بىردەمدىلا سوغۇق ئۆتتى. ئۆيگە يېنىپ كىرىپ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالدىمكىنتاڭ، كۆزۈمنى ئاچسام دېرىزىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرى مېنى زاڭلىق قىلغاندەك كۆزۈمنى چېقىپ تۇراتتى. تەتىلدىن بۇيان ئاپام مېنى «دەم ئېلىش بولغاندىكىن ئۇخلىۋالسۇن» دەپ چاقىرماي يامان ئۆگىتىپ قويۇۋاتاتتى.

كىيىملىرىمنى كىيىپ، ئاپام تەييارلاپ قويغان ئىلمان سۇدا يۇز - كۆزۈمنى يۇيۇپ ئاپامنىڭ يېنىغا چىقتىم.

— ئاپا، مېنى سەھەردە ئويغىتىپ قويساڭ بولماسمىدى؟ سائەتنىمۇ جىرىڭلىماس قىلىپ قويۇپسەن، قارا، سائەت توققۇز بولۇپ كېتىپتۇ.

— ئوقۇدۇم دەپ ياداپلا كېتىپسەن. تەتىل بولغاندىكىن ئۇخلىۋالسۇن دېدىم. سېنىڭ تازا ئۆسۈۋاتقان چاغلىرىڭ بۇ. ئۆ- گىنىشكە ئۆزۈڭنى ئۇنداق ئۇرۇپ كەتسەڭ بويۇڭ ئۆسمەي قالى- دۇ. بالا دېگەنگە ئۇيقۇمۇ ئوزۇق.

— ئۇنداق بولمايدۇ، ئاپا. ئادەم دېگەن كۈنىگە سەككىز سائەت ئۇخلىسا يېتىپ ئاشىدۇ. ھاردۇقى چىقىدۇ... مېنىڭ ئىشتىيىم ياخشى، ئوزۇقلۇق يېتىشسىلا ھېچنېمە بولمايدۇ.

— ۋاي، مەكتەپنىڭ ئوپچە تامىقىنىڭ نېمە قۇۋۋىتى بولماقچىدى. بۇگۈن نېمە تاماقتا تاۋىڭ تارتىدۇ؟ مەنغۇ پولۇغا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن.

— ئىختىيارىڭ. مەن بوۋاملارنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلەي.

— ماقۇل بالام، تاماق پىشقۇچە قايتىپ كەل.

دەپتەر - قەلەملىرىمنى ئېلىپ بوۋامنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردۇم. بوۋامنىڭ قىزىق - قىزىق پاراڭلىرى مېنى زادىلا زېرىكتۇرمەيتتى. كىچىك چاغلىرىمدا بوۋامنىڭ چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ قانمايتتىم. مانا ھازىر بوۋامنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى خاتىرىلەشكە مېڭىۋاتاتتىم.

— كەلدىڭمۇ بالام، قولۇڭدا دەپتەر - قەلەمنى

كۆتۈرۈۋاپسەنغۇ؟ — دېدى بوۋام ئىشىكتىن كىرىشىمگە.

— بوۋا، ئالدىنقى قېتىم ساڭا دېگەنىدىمغۇ، يەر - جاي ناملىرىنى، قوشاقلارنى خاتىرىلەيمەن دەپ، مۇئەللىم مېنى تەتىلدە مۇشۇ ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇدى.

— ياخشى بوپتۇ، بالام، مەنمۇ بىلىدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەپ بېرەي، خاتىرىلەشكە ئەرزىمىدۇ - ئەرزىمەمدۇ، ئۆزۈڭ بىلىپ خاتىرىلە. ئاندىن كېيىن سېنى تۇرسۇنخان مومايىنىڭ قېشىغا ئاپىراي.

— ماقۇل، بوۋا، بۈگۈنچە سېنىڭكىنى خاتىرىلەي، — مەن شۇنداق دەپ دەپتەر - قەلەملىرىمنى تەخلەپ بوۋامنىڭ ئېيتقانلىرىنى خاتىرىلەشكە كىرىشتىم. بوۋام ئىككىمىز ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قاپتۇق. مەن بۈگۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش قىلغانلىقىمدىن پەخىرلىنىپ، بوۋام بىلەن خوشلىشىپ ئۆيگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

## 2

سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ يالىڭاچلىنىپ قالغان قىرى جۇجەمنىڭ يېنىغا بېرىپ خەنزۇ تىلىدىن تېكىستنى ئۆنلۈك يادلاۋاتاتتىم. بىر چاغدا ئالىلىكىملەرنىڭ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى، قارىسام ئۆيىمىز تەرەپتىن ساۋاقداشلىرىمدىن ئەخەت، ئالىم، رىشىت، ھەبىبۇللالار مەن تەرەپكە كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدا ئۇلارغا قاراپ يۈگۈردۈم.

— ئوھۇي، تەتىلدىمۇ ئارام ئالماي نېمە بولاي دەيسەن؟

— نېمە بولماقچىدى، ئالىم بولىدۇ، ئالىم !

— ھە، قاچان كەلدىڭلار؟

— ھېلى كەلدۇق. خۇرشىدەم سېنى ئۆگىنىش قىلغىلى چىقىپ كەتتى، چاقىراي، دېگەنتى، ئۇنىماي ئۆزىمىزلا چىقتۇق.



— تەتلدە قىلىدىغان ئىش بولمىغاچقا ئانچە - مۇنچە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىپ قويۇۋاتىمەن.
— بىزگىمۇ شۇنداق ئىرادىنى بەرسىچۇ؟
— سەنمۇ مەندەك چىشىڭنى چىشلەپ غەيرەت قىل. ئويۇننى تاشلا، ئۈمىدۋار بول...
بىز ئۆيگە كىرىپ ساۋاقداشلارنى بىرەر قۇر ئەسلىشىپ گۈزەل ئەسلىمىلەرگە چۆككەنچە چاي ئىچىشتۇق. ئالىم مىنىڭ گارموشكامنى سىغىنغان چېغى، بىر پەدە چېلىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى. مەنمۇ نېرى - بېرى دېمەيلا چالدىم.
— ئەخمەت، سەن نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ئاڭلىسام توي قىلىمەن، دەپ يۈرگۈدەكسەنغۇ؟ گۈلسۈم نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟
— مېنىڭ يېشىم توشقان بىلەن گۈلسۈمنىڭ يېشى توي قىلىش يېشىغا توشماپتۇ. شۇنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمەن. چوڭلار داستىخان قىلىپ مېڭىپ بولدى.
— چاي ئىچۇرۇلۇپ بولدىما؟
— ھە، ھەيران قالدىڭغۇ؟ مەن دېگەن سىلەردىن ئۈچ ياش چوڭ.
— سەنمۇ شەھەرلىك قىزلاردىن بىرەرسى بىلەن ياخشى ئۆ-تىدىغانسەن؟
— نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەنسىلەر، مەن شەھەرگە ئوقۇشقا بارغان، ئۇنداق...
— باشقا گەپنى قىلايلى، يېقىن ساۋاقداشلىرىڭنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلسەڭ تازا ئوينىتىپ قويىمىز.
— رەھمەت، ئاداش. ئۇلارمۇ يازلىق تەتىلدە كېلىدىغان بولدى. ئۇلارغا سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى قىلىپ بەرگەنىدىم. سىلەر بىلەن تونۇشمىغان بىلەن ئىسمىڭلار بىلەن تونۇش.
— قىزلار كەلمەمدىكەن؟
— يائاللا ئالىم، سەنمۇ ئەخمەتتەكلا بوپسەنغۇ؟
— ئات - ئېشەك بىلەن بىر ئوقۇردا ھەلەپ يېسە،

ئېشەكنىڭ خوّيىنى ئالدوّ ـ دە.

— ئاغزىڭغا بېقىپ سوّزلە جوّموّ؟ كىم ئېشەككەن؟

— سېنىڭمۇ ھاڭرىمىغانلا يېرىڭ قالدى.

ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— ئوسمان، بىزنىڭ كارىزدىكى ئىسمائىل شاڭخەينى بىلىسەنغوّ، شوّنىڭ بىر شېرىكى ئوّتكەندە كېلىپ كېتىپتوّدەك. ئوّ گەپ ئارىلاپ ئاتاڭنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپتوّدەك.

— نېمە دەپتوّ؟

— گوّاڭجوّدا كوّرگەنلىكىنى دەپتوّدەك.

— بوّ ناھايىتى ياخشى ئوّچوّر بولدى. ئاكاملار كېيىنكى ھەپتە ئاتامنى ئىزدەپ ئىچكىرىگە ماڭماقچى ئىدى، ئوّنداقتا ئاكام بېرىپ ئوّلاردىن ھېلىقى ئادەمنىڭ ئادرېسىنى ئېلىۋالسا بولامدىكىن.

بىز تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ كەچ قىلدوّق. ئوّلار كەتتى. ئاپام ئاتام ھەققىدىكى بوّ ئوّچوّرنى ئاڭلاپلا تەييارلىق قىلىپ كەچنى كەچ دېمەي موماملنى ھارۋىغا سېلىپ ئىسمائىل شاڭخەينىڭ ئوّيىگە قاراپ يوّروّپ كەتتى.

## 3

ئاكاملارنىڭ ئاتامنى ئىزدەپ يولغا چىقىشىغا يەنە ئىككى كوّن قالدى. يېزىمىزدىن شەھەرگە قاتنايدىغان ئاپتوبوّسنىڭ شوپوّرىغا پويىز بېلىتى بوّيروّپ قويوّۋىدوّق، مىڭ تەستە كارىۋاتلىقىنى ئاپتوّ.

ئاپام ھېلى ئوّنى، ھېلى بوّنى ئاكاملارنىڭ سومكىسىغا سالاتتى. نان يېقىپ قوّروّتوّپ بىر خالتىغا سېلىپ شامالغا سېلىپ قوّروّتسا، تالقانغا شېكەرنى ئارىلاشتوّروّپ، ھېلى قوروّغان گوّشنى كوّروّپ باقاتتى.

مەن ئاتامغا بىر پارچە خەت يېزىش قارارىغا كەلدىم. بىر

چۈشتىن كېيىن ئۇيلىنىپ مۇنۇ خەتنى يېزىپ چىقتىم.

«قەدىرلىك، مېھرىبان، تەلەپچان ئاتا! قانداق ئەھۋالىڭ؟ قامەتلىك تېنىڭ سالامەتمۇ؟ بىزدىن ئەھۋال سورىساڭ ھەممىمىز ساق ــ سالامەت، ياخشى تۇرۇۋاتىمىز. بۇۋام بۇرۇنقىدىنمۇ تېتىكلىشىپ كەتتى. مومام دائىم سېنىڭ گېپىڭنى قىلىپ تۇرىدۇ. سالامەتلىكى بۇرۇنقىدەكلا ياخشى، لېكىن سەل مۈكچىيىپ قالدى. ئاپامنىڭ سالامەتلىكى دەسلەپتە ناچار ئىدى. مانا ئەمدى سالامەتلىكى ياخشىلىنىپ ئاكام ئىككىمىزنى سېنىڭ ئىزىڭنى بېسىپ قۇرۇق ئۆزۈم سودىسى قىلىشقا ئۈندەۋاتىدۇ. ئاپامنىڭ ئىشچانلىقىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن. سەھەردىن كەچكىچە ئۆيدە تىنىم تاپماي ئىشلەيدۇ. ئاپامنىڭ توختىماي ئىشلەپ يۈرگىنىگە قاراپ ئاپامنى توختىماي ئىشلەيدىغانغا يارىتىلغاندەك ھېس قىلىپ قالىمەن. ئاكا دېگەن ئاكا بولىدىكەن. ئاكام سېنىڭ ئورنۇڭنى ئېلىپ ئۆينىڭ ھەممە ئېغىر ــ يېنىك ئىشلىرىنى قىلىۋاتىدۇ. ئاكامنىڭ ئىش تۇتۇشلىرىنى كۆرگەن قولۇم ــ قوشنىلار ئاكامنى «ئاپىلىرىنىڭ ئۆزى» دېيىشىدۇ. خۇرسەندەم بىلەن خالىدەممۇ مەكتەپتە شۇنداق ياخشى ئوقۇۋاتىدۇ.

مەندىن ئەھۋال سورىساڭ، مەن تولۇق ئوتتۇرىغا چىقتىم. بىرىمىزدا تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئېچىلمىغاچقا، شەھەردە ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇۋاتىمەن. ئۆگىنىش نەتىجەمدىن خاتىرجەم بول. سېنى ھەرگىز يەرگە قاراتمايمەن. بۇ مەۋسۇمدا يىللىقلار بويىچە بىرىنچى بولدۇم. بۇنداق دېسەم بىر سىنىپ دەپ قالما. يەتتە سىنىپ ئىچىدە بىرىنچى بولدۇم. مەن ئالىي مەكتەپنىڭ قانۇن كەسپىدە ئوقۇپ ئادىل سودىنى قوغدايدىغان ساقچى بولماقچى...

ھە راست، ئاتا، ھېلىقى كۆچەت تەكلەر مېۋىگە كىرىپ شۇنداق ئوخشىدى. بۇ يىل شۇ يەردىكى تەكلەردىنلا ئوتتۇز ئۈچ چاقىقا ئۈزۈم چىقتى. دانىسىنىڭ ئۇششاق بولۇپ قالغىنىنى

*ھېسابقا ئالمىغاندا ئۆزۈم شۇنداق ياخشى قۇرۇدى. ساي بويىدىكى يەرلەرگە كېۋەز تېرىغانىدۇق پاختىدىنمۇ ھوسۇل ئالدۇق. ئاپام شۇ كېۋەزنىڭ پاختىسىنى چورۇقتا چىقىرىپ يوتقان ـ كۆرپىمىزنىڭ پاختىسىنى يېڭىلاپ بەردى.*

*ئاتا، تېزرەك قايتىپ كەل! بىزگە سېنىڭ پۇلۇڭ كېرەك ئەمەس، سەن كېرەك. بىز ساڭا موھتاج! بىز دائىم ئالبومنى ئېلىپ سېنىڭ رەسىملىرىڭگە تويماي قاراپ كېتىمىز. تېز كەل! تېز كەل! بىز سېنى بەك سېغىندۇق!»*

خۇرشىدەم بىلەن خالىدەم مېنىڭ ئاتامغا خەت يازغىنىمنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭمۇ خەت يازغۇسى كەلدى بولغاي، مەندىن سالام خەت قەغىزى سوراپ ئىككىسى تەڭلا ئاتامغا خەت يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

خۇرشىدەم خەتنى مۇنداق يازغانىدى:

*«قەدىرلىك ئاتا! ياخشىمۇ سەن؟ سەن كەتكەندىن بېرى ھېچ خەت ـ خەۋىرىڭ بولمىدى. بىز سەندىن تولىمۇ ئەنسىرىدۇق. قەرز ئىگىلىرى كەلسە قورقۇپ كېتەتتۇق. بۇرۇن بىزنى ۋاي دەيدىغانلار ئەمدى بىزنى «قويمىچىنىڭ باللىرى» دەپ ھاقارەتلەيدۇ. سەن بولمىغاچقا ئۇلار شۇنداق دېگەن گەپ. تېز كەل!*

*ئاتا، مەن ئوسمان ئاكامنى ئۆلگە قىلىپ ياخشى ئوقۇۋاتىمەن. مېنى ئوبدان ئوقۇمايۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قالما. مەنمۇ سېنىڭ ئۈمىدىڭنى ئاقلايمەن. مەيلى قانداقلا بولسۇن، تېز يېنىپ كەل! سېنى بەك سېغىندۇق، مەن تېخى ئۈچ قېتىم تەقدىرلەندىم. كەلسەڭ چوقۇم مۇكاپات بەر جۇمۇ!*

*سېنى سېغىنىپ، قىزىڭ: خۇرشىدەم»*

خالىدەم مۇنداق يازغانىدى:

*«قەدىرلىك ئاتا، قانداق ئەھۋالىڭ؟ سەن شۇ تاپتا نەدە، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ سېنى ئەجەب سېغىندۇق، خېتىمىزنى ئوقۇغاندىن كېيىن تېز قايتىپ كەل. ئابابەكرى ئاكامغا چوقۇم قىزىل ماشىنا ئالغاچ كەل. ئالغاچ كەلمىسەڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئېلىپ بەر. مەريەمگۈللەر مېنى كونا، سىرلىرى چۈشۈپ كەتكەن ماشىنىسىغا سالمىدى. مەنمۇ ئابابەكرى ئاكامغا ئېلىپ بەرگەن ماشىنىغا ئۇلارنى سالمايمەن. مېنىڭ ئوقۇشۇمنى سورىساڭ، ئوقۇشۇم ئوسمان ئاكامنىڭكىدەك ياخشى بولمىسىمۇ، خۇرشىدەم ئاچامنىڭكىدىن ياخشى. بۇ قۇرلارنى ئاچام كۆرۈپ قالسا مېنىڭ بىلەن ئۇرۇشىدۇ جۇمۇ! بولسا ماڭا چىرايلىق قەلەمدان ئالغاچ كەل.*

*سېنى سېغىنىپ، قىزىڭ: خالىدەم»*

ئاكاملار بىزنىڭ خەتلىرىمىزنى، سالىمىمىزنى ئېلىپ ئاتامنى ئىزدەش ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆلكىگە قاراپ يول ئالدى. بىز ئاكاملارنىڭ ئاتامنى بالدۇر تېپىپ كېلىشىنى تىلىدۇق.

# خاتىمە

ئادەم تىنىمسىز تىرىشسىلا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدىكەن. مەن چوڭ ئىشلارنى قىلالمىساممۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئىش قىلدىم. شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ئۆتكۈزگەن «ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر سەنئەت نومۇرلىرى مۇسابىقىسى»دە «باللار كىچىك» دېگەن مۇزىكىنى گارموشكامدا چېلىپ بىرىنچىلىككە ئېرىشتىم. بۇ نەتىجەمدىن خۇشال بولۇپ، تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقان كۈنلەردە ئابدۇشۇكۇر مۇئەللىم سىنىپقا كۈلۈمسىرەپ كىردى ۋە يوقلىما قىلىپ بولۇپلا بىر پارچە ژۇرنالنى قولىغا ئېلىپ بىزگە قارىدى:

— مەن سىلەرگە ئىككى پارچە شېئىر ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاپ بېقىڭلار.

مۇئەللىم مەن يازغان ھېلىقى ئىككى پارچە شېئىرنى ئوقۇۋاتاتتى. بىرمۇنچە يەرلىرى ئۆزگەرتىلگەچكە مېنىڭ ئەمەستەكلا تۇيۇلدى.

— بۇنى كىم يازغان، پەرەز قىلىپ بېقىڭلار؟

— ئۆزلىرى يازغان.

— ياق، بۇنى ئاراڭلاردىن بىرى يازغان.

— رىشات !

— ياق !

— بۇنى سىلەرنىڭ «مۇزىكانت»ىڭلار ئوسمان يازغان.

— مۇبارەك بولسۇن !

— مۇبارەك بولسۇن !

ھاياجاندىن ئاغزىم گەپكە كەلمەي قېلىۋاتاتتى. قۇلاق

تۇۋۇمدە چاۋاك ساداسى ياڭراۋاتاتتى، مۇئەللىم بىرمۇنچە ماختاپ، شېئىرىمنىڭ قۇرۇلمىسى، مەنىسى، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىش ئۇسۇلۇم ھەققىدە توختىماي سۆزلىدى. مەن ئويلاپمۇ باقمىغان مەنىلىرىنى دېگەندە ئىچىمدە «مەن شۇنداق ئويلىغانمىدىم» دەپ ئۆزۈمدىن سوراپ باقتىم.

مۇئەللىم مېنىڭ ئىككى شېئىرىم بېسىلغان ژۇرنالنى ماڭا سوۋغا قىلدى، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ژۇرنالنى ئېلىپ ياتاققا كىردىم ـ دە، بىر ـ بىرلەپ ئوقۇپ، ئاتام كۆرسە قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر ئىدى دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ياتاقداشلىرىم ژۇرنال كۆرۈۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ بىزمۇ كۆرۈپ باقايلى دەپ ژۇرنالنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرۈشۈپ كەتتى.

ـــ ئوسمان، قالتىسكەنسەن جۇمۇ؟

ـــ شۇنى دەيمەن، سازمۇ چالالىساڭ، شېئىرمۇ يازالىساڭ ... بىز قاچانمۇ سەندەك بولارمىز؟

ـــ سەن بولالمايسەن !

ـــ نېمىشقا ماڭا ئىشەنمەيسەن؟ مەنمۇ تىرىشسام چوقۇم شۇنداق قىلالايمەن، ھەتتا ئوسماندىنمۇ ئېشىپ كېتەلەيمەن.

ـــ سەن ئوسماندىن ئېشىپ كەتكەن كۈنى مەن ئوقۇماي يېزامغا بېرىپ قوي باقىمەن.

ـــ سۇلتاننى قويچى قېلىۋېتىش ئۈچۈن بولسىمۇ بىر پارچە شېئىر يېزىپ ئېلان قىل ! بولمىسا سۇلتان سېنى بىر ئۆمۈر كەمسىتىدۇ.

ـــ سۇلتاندەك ياخشى ساۋاقدىشىمنى ئوقۇشسىز قويسام بولماس. شۇ شېئىرنى يازمىدىم، جۇمۇ !

ـــ شېئىر يېزىشنى سەن ئاسان دەمسەن؟ يازالايدىغان ئادەم يازىدۇ ئۇنى. «نۇقتىلىق يېزىقچىلىق مەشىقى» تاپشۇرۇقى بېرىلسە مەكتەپ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ گېزىت ـ ژۇرناللاردىن ئانچە ـ مۇنچە ئۆزگەرتىسەن، بەك بولمىسا بىراقلا كۆچۈرۈۋالىسەن...

— شېئىر دېگەننى قابىلىيەتكە تايىنىپ يازىدىغان نەرسە، باشقىلارنىڭكىنى كۆچۈرۈپ ياكى ئۆزگەرتىپ يۈرۈش باشقىلارنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلغانلىق، — دېدىم مەن ئۇلارغا جاۋابەن.

ئاتام، ئاكام يوق مۇشۇنداق كۈنلەردىمۇ سېغىنىشنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۆگىنىشتە ئالدىنقى ئورۇندا مېڭىۋاتاتتىم. ئاتام بولغان بولسا، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولاتتىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالىمەن. بىر تۇرۇپ ئاتامنىڭ خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ قويمىغانلىقىدىن خاپىمۇ بولۇپ كېتەتتىم. بۇ يەردە بىزنىڭ تىت ـ تىت بولۇپ يۈرگىنىمىزنى پەقەتلا ئويلىمامدىغانىمىدۇ؟ يا ئاپام بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئاپامدىن قېچىپ شۇنداق يوقاپ كەتتىمىكىن دېسەم، ئاپام ئىككىسىنىڭ ئۇرۇشۇپ قالغانلىقىنى كۆرمىگەنىدۇق.

ئاخىر ئاكاملار باھار پەسلىنىڭ ئاپتاپلىق بىر يەكشەنبىنىڭ ئەتىگىنى خۇشال قايتىپ كېلىشتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئاتامنى كۆرگەنلەر بار ئىكەن، دېمەك ئاتام ھايات ئىكەن، ئاكام ئاتامنى كۆرگەنلەرنىڭ ياردىمىدە نەچچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ. ئاكاملار بىز يازغان خەتلەرنى ئۇلارغا بېرىپ، شىركەت خوجايىنىنىڭ بىر قىسىم پۇللارنى ئەكېلىپ بەرگەنلىكىنى ئاتامغا ئېيتىپ قويۇشنى تاپىلاپ قايتىپ كەپتۇ. ھەممىمىز ئاتامنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن خۇشال بولۇشتۇق، ئەسلىدە ئاتام قەرز ئىگىلىرىنىڭ تولا كەينىگە كىرىۋېلىپ ئۆيىمىزدىكىلەرنى پاتىپاراق قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ھەم ئالداپ كەتكەن پۇللارنى بىر ئامال قىلىپ قايتۇرۇپ ئەكېلىشنى ئويلاپ، بىزگە ھېچقانداق خەت ـ خەۋەر بەرمىگەنىكەن. مەن بۇنىڭدىن ئاتامنىڭ يات شەھەردە قانچىلىك جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئويلاپ، كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى، شۇنداقتىمۇ ئاتامنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ تېنىمگە قايتىدىن جان كىرگەندەك شۇنداق روھلىنىپ كەتتىم، مېنىڭ ئەمەس، بوۋام، مومام، ئاپام ئاكام، سىڭىللىرىمنىڭ چىرايىدىمۇ خۇشاللىق كۈلكىسى جىلۋىلەندى.

مەنمۇ ئوقۇشۇمغا قايتىدىن كىرىشتىم. ئاكام، ئاسىمكاملارمۇ چوڭ سودىغا تۇتۇش قىلدى. ئاپاممۇ ئاكامغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ ئۆزۈم سودىسىغا كىرىشىپلا كەتتى.

مەن ئاتامنى سېغىنغان كۆڭلىرىمدە مەكتەپنىڭ مەيدانىغا چىقىپ گارموشكامنى چالدىم. قانچە ياخشى ئوقۇسام، ئاتام شۇنچە تېز قايتىپ كېلىدىغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ئۈمىدلىنىپ يۇلتۇزلارغا قارايتتىم. يۇلتۇزلار خۇددى ماڭا «ئاتاڭ پات ئارىدا كاتتا باي بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ، ھەرگىز مەيۈسلەنمە، ئۈمىدۋار بول، ئۈمىد ئادەمنى ياشنىتىدۇ، ئالغا باستۇرىدۇ، ئەقىلنى ئاچىدۇ، ئۈمىد تۇلپارىغا مىن...» دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى...

كىتاب ئوقۇشتىن خاتىرە

## كىتاب ئوقۇشتىن خاتىرە

# ئۈمىدۋار بالا


ئاپتورى: پەرھات كازىمى
مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: مېھرىگۈل مۆمىن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
تېلېفون: 0991—2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەن باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 10.25
نەشرى: 2009 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2009 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—228—12381—0
باھاسى: 21.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالى
قىستۇرما رەسىملەرنى سىزغۇچى: رازاق ئابلىز



ISBN 978-7-228-12381-0
定价：21.00元